ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# يېرىل تېشىم، يېرىل

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09851-4
9 787228 098514 >
定价：17.00元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# يېپىل تېشىم، يېپىل

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 2/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09851-4

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010435号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间故事 — 2** (维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路 348 号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米 32 开本 11.125 印张 2 插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-7,000

---

ISBN 978 - 7-228-09851-4 定价: 17.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

**ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى**
**يېرىل تېشىم، يېرىل**

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.125 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001–7,000
ISBN 978 – 7 – 228 – 09851–4
باھاسى: 17.00 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى
2006-يىلى



# مۇندەرىجە

ئىرادىلىك ئاتا ـ بالا ........................1
شاھزادە تۇغلۇق ........................20
بۆرە قىز ........................55
كېيىك خانىش ........................69
لەئەلشاھ بىلەن ئىپارگۈل ........................94
مەرۋان بىلەن تەرسا ........................111
شەمشىنۇر ........................134
ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىت ........................166
ئادىل پادىشاھ ........................206
ئاق بوز ئايغىر ........................225
ياغاچ ئات ........................264
ئالتۇن كەش ........................291
يېرىل تېشىم، يېرىل ........................320
سەمەندەر ........................334
ھېكمەتلىك ساندۇق ........................348

# ئەرادىلىك ئاتا-بالا

بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكاننىڭ پۇقرالىرى ناھايىتى باياشات، پادىشاھلىرىنىڭ ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق ئىكەن، لېكىن ھەر ۋاقىت بوران چىقىپ يۇرتقا بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى خانىۋەيران قىلىدىكەن. كىشىلەر ئارىسىدا بوراننى كۆھىقاپتىن چىقىدىكەن، دېگەن گەپلەر تارقىلىپتۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتنىڭ چىرا دېگەن يېرىدىن بىر پالۋان كۆھىقاپقا قارشى ئۇرۇش قىلغىلى مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى يەڭگىگىنىگە ئەمدىلا بىرنەچچە ئاي بولغانىكەن. بالا ئوغۇل بولۇپ ناھايىتى تېز چوڭىيىشقا باشلاپتۇ. پالۋان كۆھىقاپقا قارشى ئۇرۇشقا مېڭىش ئالدىدا ئۆزىنىڭ تونىنىڭ ئوڭ كۆكسىگە مۆھرىنى بېسىپ ئوغلىغا قالدۇرۇپتۇ ۋە: «ناۋادا قايتىپ كېلەلمىسەم، چوڭ بولغاندا مېنى ئىزدىسۇن» دەپتۇ. پۇقرالار پالۋانغا ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوللۇق تۇتۇپتۇ. پالۋان بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپىنى ئوغلىغا قالدۇرۇپ، ئازراق بىر قىسمىنى ئېلىپ، تولپارىغا مىنىپ، شەمشىرىنى ئېلىپ، چويۇندىن كەش، تۆمۈردىن ھاسا، پولاتتىن قىلىچ ياساتقۇزۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. يول مېڭىپ چارچىسىمۇ توختىماي ئاسمانغا تاقاشقۇدەك تاغلاردىن ئېشىپ، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئورمانلارغا كىرىپتۇ. ياۋايى ھايۋانلار

بىلەن ئېلىشىپ ئۆز يۇرتىدىن بىرنەچچە يىللىق يىراقلىشىپ بىر سازلىقتا كېتىۋاتسا، ئالدىغا تولىمۇ قېرى، ئاپتاپتا كۆيۈپ چىرايى قاپقارا بولۇپ كەتكەن بىر كىشى ئۇچراپتۇ ۋە: «مېنى ئېلىۋالساڭ پايدا تاپىسەن، ئېلىۋالمىساڭ زىيان تارتسەن» دەپ پالۋانغا يېلىنىپتۇ. پالۋان بۇ كىشىگە ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە قېرى كىشىكەن، ئېلىۋالسام ئېلىۋالاي دەپ، ئۇ كىشىنى بوينىغا مىندۈرۈپ يولىغا راۋان بوپتۇ. دەسلەپتە ئۇ كىشى ناھايىتى يېنىك تۇيۇلۇپتۇ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇ ئېغىرلىشىشقا باشلاپتۇ. يەنە بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئېغىرلىشىشقا باشلاپتۇ، ئۇ ئەسلىدە رودۇپاي ئىكەن. پالۋان بوينىدىن ئېلىۋېتەي دېسە رودۇپاي چىڭ يېپىشىۋاپتۇ. پالۋاننىڭ پۇتلىرى تېلىپ بىر دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتمەكچى بوپتۇ. رودۇپاي بۇ يەردە چۈشۈۋاپتۇ ۋە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پالۋان رودۇپايدىن قۇتۇلۇپ دەريانىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئېتىپتۇ. دەريانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ھالى قالماپتۇ، شۇنداقتىمۇ غەيرەتلىنىپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا بىر قىزىلگۈل ئېقىپ كەپتۇ. پالۋان گۈلنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق پۇرىغانىكەن، روھى كۆتۈرۈلۈپ تېنىگە كۈچ - قۇۋۋەت قوشۇلۇپتۇ، دەريادىن ئۆتۈپتۇ. گۈلنى پۇراپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا ناھايىتى چوڭ بىر مەخلۇق ئۇچراپتۇ. پالۋان بۇ مەخلۇقنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، مەخلۇق كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە:

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن ئادەمزات، سەن قانداق مەخلۇق؟ — دەپ سوراپتۇ پالۋان.

— مەن دىۋە، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ دىۋە.

— كۆھىقاپقا قارشى جەڭ قىلىپ، بوراننى توختىتىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپتۇ پالۋان. دىۋە پالۋاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە پالۋاننىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋاپتۇ، پالۋان ھوشىدىن كېتىپتۇ. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، پالۋان ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا قاپقاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ياتقۇدەك. پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ، ئۇزۇن يۈرگەندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كېلىشىگە ھېلىقى مەخلۇق پالۋاننى كۆرۈپ قېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى چوڭ قورام تاشلار بىلەن ئېتىپتۇ.

— بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئوتتۇز توققۇز ئادەم تۇتقاندىم، سەن بىلەن توپتوغرا قىرىق بولدى. زىخ قىزىتىپ بەدىنىڭنى زىخقا سانجىپ يەم قىلىمەن، شۇ ۋاقىتتا كۆھىقاپنىڭ بورىنىنى توختىتارسەن، — دەپتۇ ئۇ ۋە ناھايىتى ئۇزۇن قىرىق زىخنى ئوتقا تاشلاپ قويۇپ، ئىككى قولىنى چېكىسىگە قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. پالۋان ئۆڭكۈر ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئوتتۇز توققۇز تۇتقۇننى تېپىپتۇ ۋە:

— ھەممىمىز بۇ مەخلۇقنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكۈچە بىزمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويايلى ! — دەپتۇ. تۇتقۇنلار بۇ سۆزگە قوشۇلۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دىۋىگە تۇيدۇرماستىن ھەربىرى بىردىن زىخنى ئېلىپ، بىرى دىۋىنىڭ كۆزىگە، بىرى قۇلىقىغا، بىرى مېڭىسىگە سانجىپتۇ. دىۋىنىڭ ئوڭ قولىغا زىخ سانجىلغاچقا، سول قولىنى پۇلاڭلىتىپ قورام تاشلارغا ئۇرۇپتۇ. تاشلار يومىلىنىپ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازلار چىقىپتۇ. دىۋە ئاخىر جان تالىشىپ مىڭ تەسلىكتە ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىكى قورام تاشلارنى ئېلىپ، ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

پالۋاننىڭ ئۆيىدىن چىققىنىغا نەچچە قىش، نەچچە يازلار بوپتۇ، چاچ ـ ساقاللىرى ئاقىرىپتۇ، چويۇن كەش تېشىلىپتۇ، ھاسا ئۇپراپ يېرىمى قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەندەك، پالۋان ئەل ئۇمىدىنى ئاقلاش ئۇچۇن كېچە ـ كۇندۈز توختىماي يول يۈرۈپتۇ. يۇرگەنسېرى بورانمۇ كۈچىيىپتۇ، پولات ھاسا، چويۇن كەشلەر ئۇپراپ پۈتۈنلەي قالماپتۇ. پالۋان تەندە جاننىڭ ئاز قالغىنىغا قارىماي يول يۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆھقاپقىمۇ يېتىپ كەپتۇ ۋە بوراننىڭ قاتتىق چىققان يېرىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى قاپقارا ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ بوران بىلەن قوشۇلۇپ چوڭ تاشلارنى ئۇچۇرۇپ پالۋاننىڭ بەدەنلىرىنى زەخىملەندۈرۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ پالۋان ئاخىر بىر كۆلگە يېتىپ كەپتۇ. كۆلنىڭ ئەتراپى ئالتۇن بىلەن قاشالانغان، قاشالارنىڭ ئەتراپىدا ئالتۇنلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان. پالۋان بۇ غەلىتە ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن كۆلنىڭ سۈيىنى قانغۇچە ئىچىپ بولۇپ سۇغا چۆمۈلۈپتۇ، سۇغا چۆمۈلۈپ بولغاندا ئۆيىدىن چىققان دەسلەپكى يىگىتلىك ھالىتىگە قايتىپ، ناھايىتى كۈچلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ كۆل ئەسلىدە ئادەم ياشارتقۇچى ۋە ساقايمىغان كېسەللەرنى ساقايتقۇچى خاسىيەتلىك كۆل ئىكەن. ھۆر ـ پەرىلەرمۇ شۇ جايدا سۇغا چۆمۈلىدىكەن. پالۋان كۆلدىن چىقسا، ئالدىغا تەكىيدەك بىر نەرسە يۇمىلىنىپ كەپتۇ ـ دە، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئۆرلەپ پالۋانغا ئېتىلىپتۇ. پالۋان شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ بۇ نەرسىنى چاناپتۇ، لېكىن شەمشىرى ئۆتمەپتۇ. غەزەپ بىلەن يەنە چانىغانىكەن، ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپتۇ ۋە ئىچىدىن ئىس كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىس ئىچىدىن بىرنەچچە دىۋە چىقىپ پالۋانغا ئېتىلىپتۇ. پالۋان ئۇلار بىلەن ئېلىشىپتۇ، تۆت كې-



چە - كۈندۈز ئېلىشقاندىن
كېيىن دىۋىلەردىن ئىك-
كىسى قاپتۇ. پالۋاننىڭ
بېشى يارىلىنىپ، قول -
پۇتلىرى زەخىملىنىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن يۈگۈرۈپ
بېرىپ كۆلگە ئۆزىنى ئې-
تىپتۇ. ئەسلىگە كەلگەندىن
كېيىن، ئىككى دىۋە بى-
لەنمۇ ئېلىشىپ ئۇلارنى يوقىتىپتۇ. قارا ئىسلار يوقىلىپتۇ،
بوران پەسىيىپتۇ. پالۋان تەكىيىدەك نەرسىنى چاناپ پارچە -
پارچە قىلىۋېتىپتۇ. پالۋان كۆل ئەتراپىدىكى ئالتۇنلارنى
نەچچە يىللىق يىراقلارغا ئېتىپتۇ (ھازىر شۇ ئالتۇنلار چۈش-
كەن جايدىن ئالتۇن كانلار چىقىدىكەن). پالۋان بۇ ئىشلارنى
قىلىپ، ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا مەمنۇن بولۇپ،
ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولغاندا، كۆكتىن نۇرغۇنلىغان پەرىلەر
ئۇچۇپ كۆل ئەتراپىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار پالۋاننى ئارىغا ئې-
لىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ پالۋانغا تەشەككۈر



ئېيتىپتۇ. پالۋاننىڭ كۆڭلىگە شۇئان ئۆز ئۆيى، ئوغلى، خو-تۇنى كەپتۇ ۋە ئوغلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھازىر قانچە-لىك بولغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ، پەرىلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىغا قارى-مايلا ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. پەرىزاتلاردىن بىرى ئۇنىڭ ئال-دىغا كېلىپ، كۆلنىڭ سۈيىدىن ئالتۇن قاپاقتا قاچىلاپ يول-لۇق تۇتۇپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى پالۋاننىڭ خوتۇنى ۋە ئوغ-لىدىن ئاڭلايلى:

پالۋاننىڭ خوتۇنى پالۋان سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ئېيتقان نەسىھەتلىرى بويىچە ئوغلىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. ئوغۇل تېز چوڭ بوپتۇ ۋە قەيەرگە بارسا كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆ-تۈۋاپتۇ، ھۆرمەتلەپتۇ، بالاغەتكە يەتكۈچە ئۇستىخانلىرى ئادەت-تىن تاشقىرى چوڭىيىپتۇ. ئۇ كۆزىدىن بىر خىل ئالاھىدە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان، خۇشخۇي، كۈچلۈكلۈكتە شىر بىلەن ئېلىشالايدىغان يىگىت بوپتۇ، ھەر كۈنى بىكار ۋاقىتلىرىدا ئىككى قولىغا تۈگمەن تېشىنى ئېلىپ ئوينايدىكەن، ئۆيدە يوق نەرسىلەرنى تېپىپ مۈشكۈلنى ئاسان قىلىپ، ئانىسىنىڭ كۆپ قېتىم رەھمىتىنى ئاپتۇ. لېكىن، بوراننىڭ دەستىدىن قۇملار ئۇچۇپ كېلىۋېرىپ شەھەرنى بېسىپ، كىشىلەرنى ماكانلىرى-دىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىپتۇ. پالۋاننىڭ خوتۇنى ۋە ئوغلى بوران ئازراق چىقىدىغان بىر دەريانىڭ بويىغا كۆچۈپ بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى بىر كۈنى ئانىسىدىن:

— ئانا، ئېيتىڭا، مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ياكى ھا-ياتمۇ؟ ھايات بولسا قەيەردە؟ ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسا قەب-رىسى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى بوران توختىمىغان بولغاچقا ھېچ نەرسە دېيەلمەپتۇ ۋە پالۋاننىڭ كۆھقاپقا قارشى ماڭغانلىقىنىمۇ ئېيتماپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن

كېيىن ئوغۇل دەريا بويىغا چىقىپ، ئىككى قولىغا ئىككى تۈگمەن تېشىنى ئېلىپ پىرقىرىتىپ ـ چۆرگىلىتىپ ئوينىۋاتقاندا، سول قولىدىكى تۈگمەن تېشى قولىدىن چىقىپ كېتىپ دەريا بويىدا سۇ ئېلىۋاتقان موماي تەرەپكە قاراپ يۇملاپتۇ، ئوغۇل يۈگۈرۈپ بېرىپ تاشنى تۇتۇۋالغۇچە، سۇ توشقۇزۇپ قويغان قاپاقنى يانجىۋېتىپتۇ. موماي قېچىپ ئاران جان قۇتقۇزۇپتۇ. ئوغۇل مومايدىن ئەپۇ سوراپ بولغۇچە موماي:

— «ئاتىسى يوقنىڭ بېشى چوڭ» دېگەن شۇ ـ دە، ئانىسى بۇيرۇغان ئىشنى قىلماي قاپىقىمنى يانجىۋەتكىنىنى، ھارامى! — دەپتۇ ـ دە، ساق قالغان يەنە بىر قاپىقىنى ئېلىپ ئاستا كېتىپ قاپتۇ. مومايىنىڭ بۇ سۆزى ئوغۇلغا تولىمۇ ئېغىر كەپتۇ. يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كېلىپ ئانىسىدىن:

— مېنىڭ ئاتام بارمۇ، يوق؟ — دەپ ئانىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يىغلاپ سوراپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئاخىر:

— تالاغا چىقىپ كىشىلەردىن سورىغىن، — دەپتۇ.

ئوغۇل ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئوغۇل ئۇنىڭدىن:

— بوۋا، مەن سىزدىن بىر سوئال سورىماقچىمەن، جاۋاب بېرەمسىز؟ — دەپتۇ. بوۋاي ئوغۇلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ توختاپتۇ ۋە:

— قانداق سوئالىڭ بولسا ئېيت، ئوغلۇم، بىلىشىمچە جاۋاب بېرىشكە مەن تەييار، — دەپتۇ.

— سىز بىلىسىڭىز كېرەك، مەن ئانامدىن سورىسام ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. مېنىڭ ئاتام بارمۇ، يوق؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي ئوغۇلنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ:

— ئوغلۇم، سېنىڭ ئاتاڭ بار، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، ئۇ

هايات، — دەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بې-
رىپتۇ. ئوغۇل سۆزنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كىرىپتۇ.
بوۋايمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرگە كىرىپتۇ. يىگىت ئانىسىغا:

— ئانا، مەن ھەممە ئىشنى ئۇقتۇم. مەن ئاتامنى ئىزدەي-
مەن، ئاتامنىڭ ئىزىنى باسىمەن، — دەپ ئانىسىغا يالۋۇرۇپتۇ.

— ئوغلۇم، ئاتاڭنى ئىزدەش، ئىزىنى بېسىش سېنىڭ
بۇرچۇڭ، ساڭا ئاقيول تىلەيمەن، — دەپتۇ ئانىسى، پالۋاننىڭ
سەپەرگە چىقىش ئالدىدا قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئوغلىغا ئېي-
تىپ ۋە ئاتىسى قالدۇرۇپ كەتكەن توننى كىيدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئوغۇل ئاتىسىنى ئىزدەپ كۆھىقاپقا قاراپ يولغا چىق-
ماقچى بوپتۇ. ھېلىقى بوۋاي ئوغۇلغا بىر شەمشەر يوللۇق تۇ-
تۇپتۇ. ئوغۇل بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئانىسىغا نۇرغۇن ئوتۇن
ئەكېلىپ بېرىپ ئاندىن يولغا چىقىپتۇ. ئوغۇلنىڭ كۆھىقاپقا
قارشى ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر تەرەپ - تەرەپلەردىن



كېلىپ ئوغۇلغا يوللۇق تۇتۇشۇپتۇ. بىرمۇنچە يىگىتلەر ئوغۇل بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. ئوغۇل قاۋۇل يىگىتلەردىن ئالتىسىنى تاللاپ، ئۆزى بىلەن يەتتە كىشى بولۇپ، يۇرت خەلقى بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئوغۇلنىڭ سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقتى ئاتىسىنىڭ يولغا چىققان كۈنىگە توغرا كەپتۇ.

ئوغۇلمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ يول يۈرۈپتۇ، يېمەك - ئىچمەكلىرى تۈگەپتۇ، ئورمانلىقلارغا كەلگەندە ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يەپتۇ، بىرنەچچە يىل يول يۈرۈپ ئاخىر بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ چىشىدىن باشقا يېرى قارا ئىكەن. بۇ كىشىلەر يەتتە يىگىتنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپتۇ. يىگىتلەر شەھەردىن كېسىپ ئۆتۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن مېڭىپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. بۇ مۇنار پادىشاھنىڭ شەھەر خەلقىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇنارىسى ئىكەن. پادىشاھ شەھەر خەلقىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئۆز ئادەملىرىگە ئوخشىمايدىغان يەتتە يىگىتنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە نۆكەرلىرىگە يىگىتلەرنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئون نەچچە نۆكەر ئۇلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىپتۇ. يىگىتلەر تەكلىپنى قوبۇل كۆرمەي ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ يەنە بىرنەچچە ئون نۆكەرلىرىگە يىگىتلەرنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. نۆكەرلەر يىگىتلەرنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ بارماقچى بولۇشۇپتۇ. يىگىتلەر نۆكەرلەرگە تۇتۇق بەرمەي ئېلىشىپ ھەممىسىنى يەر چىشلىتىپ، ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ، يىگىتلەرگە قارىتىپ ئوقيا ئېتىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئىشتىن خە-

ۋەرسىز كېتىۋاتقاندا ئوقيا ئوقلىرى سانجىلىپ ئۇلارنى يىقىتىپتۇ. پادىشاھ يەنە نۆكەرلىرىگە بۇيرۇپ يىگىتلەرنى ئوردىغا كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ شەمشەرلىرىنى ئېلىپ تەختىنىڭ تورۇسىغا ئاستۇرۇپ قويۇپ، ئۆزلىرىنى زىندانغا تاشلاتقۇزۇپتۇ. بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىگىتلەرنىڭ يارىسى ساقىيىپ ئەسلىگە كەپتۇ ۋە مەسلىھەتلىشىپ زىنداندىن قاچماقچى بولۇشۇپتۇ.

ئۇلار بىر كۈنى تاڭ ئېتىشقا يېقىن زىنداندىن قېچىپ چىقىپ شەمشىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پادىشاھ ئوردىسىغا كەپتۇ ۋە شەمشىرىنى ئېلىپ تېخى ئوردا سىرتىغا چىقمايلا ئارقىدىن نۆكەرلەر قوغلىشىپ چىقىپتۇ. يىگىتلەر نۆكەرلەر بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر تۈمەنلىگەن نۆكەرلەر ئارىسىدا قورشاۋدا قاپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ ياندىكى تامدىن بىر سەكرەپلا چارباغ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ. بۇ دەل مەلىكە چارباغدا سەيلە قىلىپ يۈرگەن ۋاقىت ئىكەن. مەلىكە يىگىتنى كۆرۈشى بىلەن تەڭ يىگىتنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە تېخى گەپ سورىماستا، نۆكەرلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئاڭلىنىپتۇ.

— ئۇلار مېنى تۇتماقچى، — دەپتۇ يىگىت.

مەلىكە يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنى دەرھال يوشۇرۇپتۇ... شۇئان نۆكەرلەر چارباغ ئىچىگە كىرىپتۇ. مەلىكە بۇ يەرگە ئادەم كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇلارنى يولغا سالپتۇ. ئاندىن يىگىتنى يوشۇرۇپ قويغان جايىدىن چىقىرىپ مۇنداق دەپتۇ:

ئەي باتۇر قىران يىگىت،
ئۆز يۇرتۇڭ قايان يىگىت؟
ئاڭلاشقا رايىڭ بولسا،
قىلاي سۆزۈم بايان، يىگىت.

بولما بۇنداق ئاۋارە،
چارباغنى سەيلە قىل.
قىلاي كۆڭلۈم ئاشكارا،
سەنمۇ بۇندا ئوينا ـ كۈل.

مەن سىنىڭ يارىڭ بولاي،
سىرداش دىلدارىڭ بولاي.
گەر بولسا باشقا سۆيگۈنۈڭ،
جابدۇپ سىنى يولغا سالاي.

يىگىت مەلىكىنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ سەپەرگە چىقىشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۆز يولىدىن مەڭگۈ قايتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە سۆز قىلماپتۇ ۋە يىگىتنى جابدۇپ، چىرايىنى قارا نىقابلاپ، مەپىگە چىقىرىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ مەپىدىن چۈشۈرۈپتۇ. يىگىت مەلىكىگە رەھمەت ئېيتىپ، خوشلىشىپ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يىگىت چوققىسى ئاسمانغا تاقاشقان تاغ توۋىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە تاغقا يامىشىپ توقسان توققۇز قېتىم دومىلاپ چۈشۈپ، يۈزىنچى قېتىمدا ئاخىر تاغقا چىقىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يايلاقلاردا ئوتلار ئۈسۈپ كەتكەن، لېكىن بىرەر ئۇچار قۇش ياكى بىرەر ھايۋانمۇ كۆرۈنمەپتۇ. يىگىت بىر ئاز ئەجەبلىنىپ، يەنە بىر ئاز يول يۈرگەندىن كېيىن نۇرغۇن ئۆيلەر بار بىر جايغا كەپتۇ، ئۆيلەرنى ساناپ باقسا توپتوغرا قىرىق ئۆي ئىكەن، لېكىن ھېچقايسى ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن. توساتتىن گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالدىغا بىر ئوت ئۇچۇپ چىقىپتۇ ـ دە، يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئايلىنىپ يىگىتكە ئېتىلىپتۇ. يىگىت شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپ

ئاخىر ئالتە بې-
شىنى چېپىپتۇ.
يالماۋۇز يىگىتكە
كۈچى يەتمەيدى-
غانلىقىنى پەملەپ
قاچماقچى بوپتۇ.
يىگىت شەمشى-
رىنى غەزەپ بى-
لەن ئۇرغانىكەن،
يالماۋۇزنىڭ ئا-
خىرقى بېشى
ئىككى پارچە
بوپتۇ ۋە قىرىق
ئالتۇن ئاچقۇچ
يەرگە چۈشۈپ
قاپتۇ. يىگىت



ئاچقۇچلارنى ئېلىپ ئىشىكلەرنى بىر - بىرلەپ ئاچقانىكەن، بىرىدە ئالتۇن، بىرىدە كۈمۈش، بىرىدە كىيىم - كېچەك، يەنە بىرىدە يېمەكلىك، يەنە بىرىدە ھەرخىل قۇشلار بار ئىكەن. يىگىت ئوتتۇز توققۇزىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قارىسا ئۆيدە توققۇز پەرىزات ئولتۇرغۇدەك. يىگىت ئۇلارنى ئازاد قىپتۇ. قىزلار يىگىتكە يالماۋۇزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا سالغان زۇلۇملىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۆزلىرىنى بۇ زۇلۇملاردىن قۇتقۇزغانلىقى ئۈچۈن يىگىتكە كۆپ رەھمەتلىرىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت ئەڭ ئاخىرقى قىرىقىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىكەن، ياغاچ ئاتلارنى كۆرۈپتۇ، ئاندىن كېيىن ئاچقۇچلارنى پەرىلەرگە بېرىپ يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ.

شۇئان توققۇز پەرىزات ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. يىگىت ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. پەرىزاتلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

قۇشقا جۇپ قانات كېرەك،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچماق ئۇچۇن.
ئادەمگە ئادەم كېرەك،
نۇسرەت - زەپەر قۇچماق ئۇچۇن .

سىز بىلەن بىرگە بولۇپ،
ئاتىڭىزنى ئىزدەيلى.
ياغاچ ئاتنى ئېلىپ كېلەي،
ئاڭا بىللە مىنەيلى.

بۇ پەرىزات رەڭ بىلەن نۇردىن تۆرەلگەن بولۇپ، شۇنداق كېلىشكەنكى، ئۇنى «ئەڭ گۈزەل» دەپ تەسۋىرلىسىمۇ، تۆگىنى چۆچەكتە سۇغارغاندەك، تاۋارغا تاغار بىلەن ياماق سالغاندەك بىر ئىش بولىدىكەن. ئۇ پەرى هازىرغا قەدەر ئۆزىگە ئەركەك چىۋىنىمۇ قوندۇرمىغانىكەن، لېكىن يىگىتنىڭ پالۋانلىقى، ئىرادىلىكلىكىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ هىجران ئېتىزلىقىغا يىگىتنىڭ قىزىلگۈلدەك قامىتى يىلتىز تارتىپتۇ. يىگىت پەرىنىڭ گۈزەللىكىگە، ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقلىقىغا قايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆز بۇرچىنى ئويلاپ ھېچنېمە دېمەي يولىغا راۋان بوپتۇ. كىچىك پەرىزات ئۇچىدىغان ياغاچ ئاتنى ئېلىپ باشقا پەرىزاتلار بىلەن خوشلىشىپ، يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپتۇ. باشقا پەرىزاتلار يىگىتنىڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ داغدا قاپتۇ. يىگىت پەرىزاتنى ئويلاپ كېتىۋاتقىنىدا، پەرىزات ياغاچ ئات بىلەن ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە ياغاچ ئاتنىڭ سول قولىقىنى





تولغاپ يەرگە قونۇپتۇ ـ دە:

ــ قۇشلارغا جۇپ قانات كىرەك، پەرۋاز قىلىپ ئۇچماق ئۇچۇن. ئادەمگىمۇ ئادەم كىرەك، نۇسرەت ـ زەپەر قۇچماق ئۇ-چۇن، ــ دەپتۇ، ئاندىن «ياغاچ ئاتقا مى-نىڭ» دەپتۇ. يىگىت ياغاچ ئاتقا مىنىپ پەرىنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. يىگىت يا-غاچ ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى تولغىغانىكەن، هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇلار بىر يىللىق يولنى بىر كۈندە بىسىپ، كەچ بولغاندا بىر دەريا بويىغا يىتىپ كەپتۇ ۋە شۇ يەر-گە چۈشۈپتۇ. بۇ دەريا پالۋاننىڭ رودۇپايى-دىن قۇتۇلغان جايى ئىكەن. يىگىت بى-

لەن پەرىزات شۇ يەرگە گۈلخان يېقىپ ئۇزۇنغىچە مۆكۈدىشىپ ئۆز ئىشقىنى بايان قىلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇلار يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن تولۇن ئاي خىجىللىقتىن بۇلۇتلار ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئاپتۇ. ئۇلارنىڭ جۈپلەشكەن شولىسى سۇ يۈزىگە چۈشكەندە، يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ چۈشىدە مۇنداق ئىش ئايان بوپتۇ: پالۋان ۋە خوتۇنى بىر تۈپ كۆچەت تىككەن، ئۇزۇن ئۆتمەي پالۋان سەپەرگە چىقىپ كەتكەنمىش. كۆچەت چوڭ بولۇپ مېۋە بەرگۈدەك بولغاندا، خوتۇنى پالۋاننى ئىزدەپ يولغا چىققانمىش. ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، كۆپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ بىر تاغقا چىققاندا، كۆكتىن بىر جۈپ قىزىلگۈل كۆچىتى ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلار تىككەن كۆچەتنىڭ يېنىغا تىكىلگەنمىش ۋە ئۇلارنىڭ شاخلىرى بىر - بىرىگە جۈپلەشكەنمىش...

پالۋان ئويغىنىپ كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئوغلىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ يولغا چىققانلىقىنى ۋە ئۆزىگە لايىق تاپقانلىقىنى قىياس قىپتۇ. پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

پالۋاننىڭ خوتۇنى كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ئوغلىنىڭ ئاتىسىنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە لايىق تاپقانلىقىنى قىياس قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىغا، ئېرىگە ئامان - ئېسەنلىك تىلەپتۇ. بۇ چاغدا پالۋاننىڭ دېۋىلەرنى يوقىتىپ، بوراننى توختىتىپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىققىنىغا بىرنەچچە يىل ۋاقىت بولغانىكەن.

يىگىت بىلەن پەرىزات ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە ئاي ئۇچۇپ كوھىقاپقا يېتىپ كەپتۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئالامەتلەردىن پالۋاننىڭ ئاللىبۇرۇن كوھىقاپنى بويسۇندۇرغانلىقىنى بىلىپ، ئۇ يەرنى

كۆپ ئىزدەپ پالۋاننى تاپالماي يېنىشىپتۇ. پەرىزات يولدا كې-
تىۋېتىپ يىگىتكە ئۆزىنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى، تۇغۇشقا
ئاز ۋاقىت قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت پەرىزاتنىڭ سۆزىد-
ىنى ئاڭلاپ، ئۇنى پەرىلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە شۇ
يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى يەنە ئالتە ياغاچ ئاتنى بىر - بىرىگە
چېتىپ، تاغدىن چۈشۈپ ئۆزى بىلەن بىرگە يولغا چىققان
ئالتە يىگىتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. ئۇ ئۆزلىرى دەس-
لەپ تۇتۇلۇپ قالغان شەھەرگە كەپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا ئالتە
يىگىت زىنداندىن قېچىپ نۆكەرلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقانىكەن.
يىگىت شەمشىرىنى ئېلىپ نۆكەرلەردىن بىرنەچچىسىنى چې-
پىپتۇ ۋە ئالتە يىگىتكە: «چاپسان ياغاچ ئاتقا مىنىڭلار، ئۇلۇق
قۇلىقىنى تولغاڭلار» دەپتۇ. يىگىتلەر ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۇلۇق
قۇلىقىنى تولغىغانىكەن، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.
نۆكەرلەر ھاڭ - تاڭ بولۇپ قارىشىپ قاپتۇ. يىگىت قالغان
ئالتە يىگىت بىلەن بىللە ئاتىسىنى ئىزدەپ ئۇچۇپتۇ. بىر-
نەچچە ئاي ئۇچۇپتۇ، لېكىن پالۋاننى تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇلار
ناھايىتى چوڭ بىر چۆلگە يېتىپ كەپتۇ. پالۋان چوقۇم مۇشۇ
يەردىن ئۆتىدۇ، چۆلدىن ئۆزۈن بىر ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باش-
لىساق، ئۇ چوقۇم بۇ يەردە ئادەم بار ئىكەن دەپ بىزنى ئىز-
دەيدۇ، دەپ ئويلىشىپ، چۆلدىن ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باشلاپ
كەپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى پەرىزاتنى سېغىنىپ، ياغاچ ئاتقا مى-
نىپ پەرىزاتنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە پەرىزاتنىڭ يېنىدا ياتقان
ئىككى ئوغۇل بوۋاقنى كۆرۈپ كۆڭلى يايراپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ
يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن خوشلىشىپتۇ. يىگىت-
لەر پالۋاننى ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ بىر قانچە يىل ئىزدەپتۇ،
لېكىن دېرىكىنى ئالالماي ئۆزلىرى ئۆستەڭ ئېلىپ سۇ باش-
لىغان چۆلگە قايتىپ كەپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزنى پالۋاندىن ئاڭلىماق كېرەك:

پالۋان ئىنسان بېشىغا كېلىپ باقمىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، يول ئازابىدىن ھالىدىن كېتىشكە ئاز قالغاندا، كۆھىقاپتىكى پەرىلەر بەرگەن ئالتۇن قاپاقتىكى سۇنى ئىچىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر چۆلگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئالدىدا بىر ئۆستەڭ تۇرغۇدەك، پالۋان بۇنى كۆرۈپ، بۇ يەردە ئادەمزات بار ئىكەن، دەپتۇ ۋە سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ، پۇتنى سۇغا تىقىپ ئولتۇرغانىكەن، سۇ توسۇلۇپ تۆۋەنگە ئاقالماي قاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا يىگىتلەر ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدا دەم ئېلىۋاتقانىكەن، ئۇلار سۇنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ باشقا چىقماقچى بولۇپ، ئىككى يىگىت مېڭىپتۇ. پالۋاننىڭ ئوغلى ۋە تۆت يىگىت دەم ئېلىپ قاپتۇ. ئىككى يىگىت ئۆستەڭ بويلاپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ناھايىتى گەۋدىلىك بىر كىشى پۇتنى ئۆستەڭگە تىقىپ ئولتۇرغۇدەك. يىگىتلەر بۇنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەپتۇ.

— ھەي ھارامزادە، ئاتاڭنىڭ قەبرىسىدەك پۇتلىرىڭنى ئۆستەڭگە تىقماي سۇنى ئاققىلى قويساڭچۇ! — دەپتۇ يىگىتلەر. پالۋان كۈلۈپ:

— كەچۈرۈڭلار، ئوغۇللىرىم! — دەپتۇ – دە، پۇتىنى تارتىپتۇ. يىگىتلەر قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. يەتتە يىگىت بىللە پالۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە پالۋاننىڭ ئىسمى – زاتىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— مانا بۇ ئالتۇن قاپاق كۆھىقاپتىكى پەرىزاتلارنىڭ ماڭا يوللۇق تۇتقان قاپىقى، — دەپتۇ پالۋان. پالۋاننىڭ ئوغلى شۇئان، بۇ كىشى دادام بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ. تونىنىڭ ئولۇك كۆكسىدىكى مۆھۈرنى كۆرسىتىپتۇ. پالۋان ئۆزىنىڭ

مۆھرىنى كۆرۈپ:

— بالام ! — دەپ ئوغلىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. يىگىتمۇ:

— ئاتا ! — دەپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىنى باغرىغا بېسىشىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. پالۋاننىڭ ئاۋازى بىلەن يىگىتنىڭ ئاۋازى پۈتۈن كائىناتنى زىلزىلىگە ساپتۇ. پالۋاندىڭ خوتۇنىمۇ بىرنەچچە يىللىق يىراقلىقتا تۇرۇپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ ۋە كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جامائەت ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئۇنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ. پەرىزاتمۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىككى ئوغلىنى بىردىن ياغاچ ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆزى بىر ئاتقا مىنىپ تاغدىن چۈشۈپ كەلگۈدەك بولسا، يىگىت بىلەن پالۋان ھوشسىز ياتقۇدەك، ئالتە يىگىت ئۇلارنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشكۈدەك. پەرىزات ئوچۇمىدا ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ پالۋانغا ۋە يىگىتكە چېچىپتۇ. پالۋان ۋە يىگىت كۆزىنى ئېچىپتۇ. بالىلار «بوۋا - بوۋا» دەپ پالۋانغا يامىشىپ تىزىغا ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئاتا - بالا بىر - بىرىگە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىشىپتۇ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ، ئاندىن ئۇلار يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پالۋاننىڭ ئىككى نەۋرىسى بىر ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى بىردىن ياغاچ ئاتقا مىنىشىپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئۆچقاندىن كېيىن پالۋاننىڭ ئالدىغا چىققان جامائەت بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئۇلار يول بويى بەزمە تۈزۈپ، ناخشا - ئۇسسۇل ئويناپ يۇرتقا قايتىشىپتۇ. پالۋان بىلەن بىرگە يولغا چىققان ئالتە يىگىت ۋە شۇ يۇرتتىكى زېرەك، قاۋۇل ئۈچ يىگىت توققۇز پەرىزات بىلەن جۈپ بولۇشۇپتۇ. پەرىزات پالۋان ئەكەلگەن ئالتۇن قاپاقتىكى سۇنى موماي بولۇپ كەتكەن قېينانىسىغا بىر ئاز ئىچۈرگەنىكەن، موماي پالۋان كۆھقاپقا مېڭىش ئالدىدىكى ھا-

لەتكە كەپتۇ. پالۋانمۇ بۇ سۇدىن ئىچىپ خوتۇنىدىن ئايرىلغان ۋاقتىدىكى قىياپەتكە كەپتۇ. پالۋان ۋە خوتۇنى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ، بىر ـ بىرىگە قانماي بىرنەچچە كېچە ـ كۈندۈز مۇڭدىشىپتۇ. بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى پالۋاننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پۈتۈن يۇرت خەلقىنى ۋە پالۋاننىڭ ئا- ئىلىسىدىكى كىشىلەرنى چاقىرىپ پالۋاننىڭ شەرىپى ئۈچۈن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز زىياپەت بېرىپ، بەيگىلەرنى ئۆيۈشتۇ- رۇپتۇ. زىياپەت ئاياغلاشقاندا پادىشاھ پالۋانغا شاھانە ئۆيلەرنى ياسىتىپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭغا كېلىپ ئولتۇرۇشىنى ئېيى- تىپتۇ. پالۋان بۇنى رەت قىپتۇ ۋە ئۆيىگە قايتىپ ئالتۇن قا- پاقنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ سۈيىگە قۇرۇق ئۈزۈملەرنى چىلاپ تار- قىتىپ بېرىپتۇ. ئۈزۈمنى يېگەن بوۋاي ـ مومايلار ياشلىق قد- ياپىتىگە قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يۇرت بوران ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ، خەلقى تېخىمۇ خۇشال ـ خۇرام، باياشات ياشاشقا باشلاپتۇ.

# شاھزادە تۇغلۇق

بۇرۇنقى زاماندا شەمسى دېگەن بىر پادىشاھنىڭ تۇغلۇق ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. پادىشاھ ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ، كۆپ تەرەپلىمە كامالەت تېپىشى ئۈچۈن، ئوردىغا مەخسۇس مۇدەررىس تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى يەتتە يېشىدىن باشلاپلا ئوقۇتۇشقا باشلاپتۇ. تۇغلۇق ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇستازىنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئون بەش يېشىدىلا ھەرقايسى ئىلىملەردىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە، ئۇستا قىلىچۋاز، ماھىر مەرگەن ۋە چەبدەس چەۋەنداز بولۇپ يېتىلىپتۇ. پادىشاھ ئۆز ئوغلىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا شۇنچىلىك كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ بىر چارباغ ياسىتىپ، ئۇنى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلاپتۇ. باغ ياسىلىپ كۆپ ئۆتمەي كەم ئۇچرايدىغان ھايۋانلارنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن، تاغ ۋە چۆللەرگە نۇرغۇنلىغان چاپارمەنلەر ئاتلاندۇرۇلۇپتۇ. بىراق، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچىمۇ پادىشاھنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك بىرەر غەيرىي ھايۋان كەلتۈرۈلمەپتۇ. پادىشاھنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ، ئاخىر ئۆز ۋەزىرىنى يولغا سېپتۇ. ۋەزىر بىرقانچە نۆكەرلىرى بىلەن ماڭا ـ ماڭا يېرىم كېچە بىلەن

تاغ ئىچىگە كىرىپ بېرىپتۇ ـ دە، كەڭ جىلغىدىكى يېپىلىپ ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ بويىدا تۇنىمەكچى بوپتۇ. يۇك ـ تاقلار چۇشۇرۇلۇپتۇ، نۆكەرلەر تاماق تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا ۋەزىر ئىككى نۆكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇتلا ئالدىدىكى ئارالدىن يورۇقلۇق كۆتۈرۈلۈپ، ھەسەن ـ ھۈسەن رەڭگىدىكى ھەر خىل نۇرلار ئەتراپتا جۇلالىنىشقا باشلاپتۇ. ۋەزىر بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، نۇر چېچىلىۋاتقان ئارالغا يېقىنلىشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئارالدا بىر ھەيۋەت يىلان ئۇخلاۋاتقۇدەك، نۇر ئەنە شۇنىڭدىن چېچىلىۋاتقانىكەن. ۋەزىر كەم ئۇچرايدىغان ھايۋانلار ئىچىدىمۇ كەم ئۇچرايدىغان بۇ مەخلۇقنى كۆرۈشى بىلەن ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، بارلىق نۆكەرلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى پەم بىلەن تاغارغا سولىتىپتۇ ۋە پادىشاھنى تېزرەك خۇش قىلىش ئۈچۈن، دەرھال شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ۋەزىر ئەكەلگەن ئاجايىپ مەخلۇق پادىشاھنى ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن خۇش قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ دەرھال دېرىزىسىز بىر ئۆي ياسىتىپ، نۇر چاچىدىغان يىلاننى قەپەسكە سولاپ، شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ـ دە، باشقا شەھەر پادىشاھلىرىغا خەت يېزىپ، بۇ ئاجايىپ مەخلۇقنى تاماشا قىلىپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ.

ئەنە شۇ كۈنلەردە شاھزادە تۇغلۇق ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزى ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان ھەيۋەتلىك باغنى تاماشا قىلىشقا كەپتۇ. ئۇ ھەر خىل كۆللەر ۋە گۈلزارلىقلاردىن ئۆتۈپ، دېرىزىسىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا ئالمىشىش ئۈچۈن ئورنىتىلغان تۈڭلۈكنىڭ ياغىچىغا



چىرايلىق بىر تورغاينىڭ قونۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئوقياسىغا ئالتۇن ئوقنى قويۇپ، ئۇنى چەنلەپ ئېتىپتۇ. تورغاي شۇئان كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شاھزادە ھەيران بولۇپ، دېرىزىسىز ئۆيگە يانداش دەرەخ ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ئۆگزىدە نە ئوق، نە تورغايدىن نىشان بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆي ئىچىگە قاراپ باقماقچى بولۇپ، تۈڭ-لۈككە ئېڭىشكەنىكەن، ئۆي ئىچىدىن قانداقتۇر بىر كىشىنىڭ ناخشىدەك يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ:

ــ يىگىت، ئوقىڭىز ئۆي ئىچىدە، ئەگەر ئۇنى ئالماقچى بولسىڭىز، ئۇيقۇدا ياتقان ئاتىڭىزنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىڭ، قاراۋۇلمۇ ئۇيقۇدا، بىمالال ئىشىكنى ئېچىپ كىرسە-ڭىز بولىۋېرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھزادە ھەيران بوپتۇ ـ دە، دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. بۇ دەل چۈش مەزگىلى بولغاچقا، دادىسى تا-ماقنى يەپ بولۇپ، تازا ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. شاھزادە ئۇنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ ئاچقۇچنى ئاپتۇ ۋە دېرىزىسىز

ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئىشىككە قارىغان قاراۋۇلمۇ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن. شاھزادە ئۇنىڭ ئالدىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، ئىشىككە سىلىنغان قولۇپنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ - دە، قولىدا ئۆزى ئاتقان ئالتۇن ئوقنى تۇتۇپ تۇرغان يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قامەتلىك بىر يىگىتنى كۆرۈپتۇ.

— مانا ئوقىڭىز، — دەپتۇ ئۇ يىگىت شاھزادىگە سالام بەجا كەلتۈرۈپ، — ئېلىۋېلىڭ.

— سىز نېمە ئادەم بولىسىز؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان شاھزادە ئوقنى ئېلىپ تۇرۇپ، — بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭىز؟

— مەن پەرىلەر ئەۋلادىدىن ئىدىم، — دەپتۇ يىگىت سەممىيلىك بىلەن، — ئالدىنقى ھەپتە تاغ ئارىسىنى سەيلە قىلىۋېتىپ، يىلان شەكلىگە كىرىپ ئۇخلاپ قالغانىدىم، ئاتىڭىزنىڭ ئادەملىرى مېنى تۇتۇۋېلىپ مۇشۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادىنىڭ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپتۇ - دە:

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزنى ئازاد قىلدىم، خالىغان يېرىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ، — دەپتۇ.

يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپتۇ - دە، شاھزادىنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ ۋە:

— بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن، مۇبادا بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە «دوستۇم» دېسىڭىزلا، مەن سىزگە ئۆز ياردىمىمنى دەرھال يەتكۈزىمەن، خەير - خوش، — دەپتۇ - دە، شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىشىكنى قۇ-

لوپلاپ، ئاچقۇچنى يەنە ئاتىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ - دە، ئۆز دەرسىنى تەكرارلاشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن تۆت - بەش كۈن ئۆتۈپ، ئاتىسى «ئاجايىپ مەخ- لۇق»نى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان پادىشاھلار كېلىش- كە باشلاپتۇ. شەمسى شاھ ئۇلارنى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالغاندىن كېيىن، «ئاجايىپ مەخلۇق»نى زىيارەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دېرىزىسىز ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەپتۇ - دە، ئىشىكنى ئېچىپتۇ ۋە ھاڭ - تاڭ بولغانلىقىدىن ئارقىسىغا ئۈچۈپ كېتىشكە تاس قاپتۇ.

— قېنى بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇر چاچار يىلان؟ — دەپ توۋلاپتۇ ئۇ قاراۋۇلغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ، — تېزرەك تەتۈر سويىمەن !

— مەن... مەن... بىلمەيمەن، — دەپتۇ قورقۇپ كەتكەن قاراۋۇل دۇدۇقلاپ، — ئاچقۇچ ئۆز... ئۆزلىرىدە.

بۇ سۆزلەردىن نۇر چاچار يىلاننىڭ غايىب بولۇپ كەتكەن- لىكىنى بىلگەن شاھلار شەمسى شاھنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بې- رىشنى ئۆتۈنۈپ، بۇ پەۋقۇلئاددە ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ رەن- جىمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، شەمسى شاھ ئاچچىقىدىن يانماي، قاراۋۇلنى دارغا ئاسىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بارلىق شاھلارنى ئۇنىڭ دار ئاستىدىكى جان تالىشىپ تىپىرلاشلىرى- نى تاماشا قىلىشقا چاقىرىپتۇ.

ھەش - پەش دېگۈچە دار تەييارلىنىپ، قاراۋۇل دار ئال- دىغا ئەكېلىنىپتۇ، لېكىن قاراۋۇل بويىنىغا ئارغامچا سېلىن- غانغا قەدەر نۇر چاچار يىلاننى قاچۇرمىغانلىقىنى تەكرارلاپ، شاھتىن ئادالەتلىك تىلەپتۇ. شاھ غەزەپ بىلەن جاللاتلارغا ئارغامچىنى تارتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا توپ ئىچىدىن «توختاڭلار» دېگەن قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز جاراڭلاپ، شاھزادە

تۇغلۇق ھاسىراپ ـ ھۆمۇدىگەن ھالدا مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ ۋە ئاتىسىغا قاراپ:

— قاراۋۇلدا گۇناھ يوق، ئۇنى قويۇۋېتىڭ، يىلاننى قاچۇرغان مەن، مەن جازالىنىشىم كېرەك، — دەپتۇ.

شۇ ئان توپ ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپتۇ، شەمسى شاھنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قاپتۇ.

— بالام، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەپتۇ ئۇ تەسلىكتە، بالىسىنى جېمىلەپ، — سەن قانداقچە ئۇنى قاچۇرالايسەن، بۇنىڭغا مەن ئىشەنمەيمەن.

— ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاڭلىسىڭىز ئىشىنىسىز، ئەھۋال مانا مۇنداق، — دەپتۇ شاھزادە ۋە بولغان ئىشنى بايان قىلىپ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ، تەختىدىن دومىلاپ چۈشۈشكە تاس قاپتۇ، لېكىن ئۆزىگە سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان شاھلار ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ گۇناھسىز كىشىنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلغان شاھ گۇناھكارنى جازالىيالامدۇ، يوق؟ شەمسى شاھ خۇددى يات بىر قول كۆكرىكىنى يېرىپ، يۈرىكىنى چاڭگاللاپ تارتقاندەك ئېغىر ئازاب ئىچىدە خۇدىنى بىلمەي بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە، ئاندىن سىناش نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان شاھلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئۆز ھۆكمىنى ئېلان قىپتۇ:

«قاراۋۇل ئازاد قىلىنسۇن ! ئوغلۇم دارغا ئېسىلسۇن !»

شاھزادە دادىسىنىڭ ھۆكمى بىلەن تەڭ دار ئالدىغا كەپتۇ، ئارغامچا قاراۋۇلنىڭ بوينىدىن ئېلىنىپ، شاھزادىنىڭ بوينىغا سېلىنىپتۇ. شەمسى شاھ ئارغامچىنى تارتىشقا پەرمان چۈشۈرۈشكە ئەمدى تەمشىلىشكە كۆپچىلىك ئىچىدىن شاھزادىنىڭ ئۇستازى ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە شاھنىڭ ئالدىغا

كېلىپ تىزلىنىپتۇ:

— شاھىم، بالا ياش، ياش باللار سەۋەنلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازامۇ لايىقىدا بولسا.

ئۇستازنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى شەمسى شاھنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ باشقا شاھلار ئالدىدا يۇزىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز ھۆكمىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەپتۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ئۇستاز باشقا شاھلارنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك تەقسىرلىرىم، ھەممىڭلار ئالتۇن تەخت ئۈستىدە يۈرت سوراپ كېلىۋاتىسىلەر، ياش بىر بالىغا ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، شاھىمىزنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىشكە ئۆز مەسلىھەتىڭلارنى ئايىماڭلار.

ئۇستازنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرى باشقا شاھلارغا تەسىر قىپتۇ. ھەممەيلەن شەمسى شاھنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇيان ئويلىشىپ، بۇيان ئويلىشىپ، ئاخىر بالىنى دارغا ئاسماي، چۆلگە ئاپىرىپ تىنتىۋېتىپ كېلىش جازاسىنى بېرىشكە كېلىشىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شەمسى شاھنىڭ ۋەزىرىنىڭ شاھزادە بىلەن تەڭتۇش ئوغلى ھەيدەر: «بۇ ۋەزىپىنى ماڭا بېرىڭلار» دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ. ھەيدەر شاھزادە



بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بولسىمۇ، لې-
كىن ئۆزىنىڭ ھەممە جەھەتتىن شاھزادىگە يېتەلمەيدىغانلىقى-
دىن ئىچىدە ھەسەت ساقلاپ كەلگەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى
بىلگەن ئۇستاز ئۇنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرماسلىققا ھەرقانچە
ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئامال بولماپتۇ. ئاخىر ئۇ شاھزادىنى ئات
ئالدىغا ئېلىپ چۆل ئىچىگە قاراپ جۆنەپ كېتىپتۇ.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە نۇرغۇنلىغان يولغۇن ۋە توغراق ئور-
مانلىقلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، بىپايان قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ
كىرىپتۇ. شاھزادە چۆلگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى، ھەيدەر-
نىڭ كۆڭلى قارىلىق قىلىپ، ئۆزىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈ-
زۈپ قويۇشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ كۆزىتىپ مېڭىپتۇ،
بىراق ھەيدەردە ھېچقانداق ئۆزگىرىش كۆرۈنمەپتۇ، ئەكسىچە
شاھزادىنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە ئارام ئېلىشىغا غەمخورلۇق قى-
لىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ مېڭىپتۇ. شاھزادە بۇنىڭغا
ھەيران بولۇپ: «سېنىڭ ئىشىڭ مېنى تېنىتىۋېتىش تۇرسا،
نېمە ئۇچۇن ماڭا غەمخورلۇق قىلىپ يۈرىسەن؟ تېزرەك قاي-
تىپ كەتسەڭ بولمامدۇ» دېگەندە، ھەيدەر: «تېخى ۋاقتى يەتمى-
دى» دەپلا قويىدىكەن. شاھزادىنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق ئىچى پۇ-
شۇپ: «ئەڭ بولمىغاندا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى مەن
قىلاي، سەن ئارام ئال» دېگەندە، ھەيدەر يەنىلا: «تېخى ۋاقتى
ئەمەس» دەپ قويىدىكەن. شاھزادە ھەيدەرنىڭ كۆڭلىدە نېمە
خىياللار بارلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەي، ئۇنىڭ باشلىشى بى-
لەن چۆل ئىچىگە ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ،
ئارىدىن بىر قانچە كۈنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئېلىۋالغان سۇ،
ئوزۇقلىرى تۈگەپ، تەشنالىق ۋە ئاچلىق دەردى ئۇلارنى
ئازابلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇ ھالدا ماڭا - ماڭا بىر توغراق-
لىقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، بىر قۇدۇققا دۈچ كېلىپ قاپتۇ.

چىلەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇدۇققا نۆۋەت بىلەن چۈشۈپ سۇ ئىچىپ چىقىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇلار ئاتنىڭ ئارغامچىلى-رىنى ئۇلاشتۇرۇپتۇ - دە، ئالدى بىلەن ھەيدەر، ئاندىن شاھزادە چۈشۈپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ چىقىشقا كېلى-شىپتۇ. كېلىشكىنى بويىچە شاھزادە ھەيدەرنى سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈپتۇ - دە، سۇ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن تارتىپ چى-قىرىپتۇ. ئاندىن ھەيدەرنىڭ سىيرىلدۇرۇشى بىلەن شاھزادە قۇدۇق ئاستىغا چۈشۈپ، راسا قېنىپ سۇ ئىچىۋالغاندىن كې-يىن، خۇشاللىق بىلەن ھەيدەرنى توۋلاپتۇ:

— قېنى، ئاغىنە، ئەمدى تارتىۋال !

ئارغامچىنى تارتىشنىڭ ئورنىغا ھەيدەر قاقاقلاپ كۈلۈپ دەپتۇ:

— ئاغىنە، رەنجىمە، مېنىڭ ۋەزىپەم مۇشۇ يەردە ئا-ياغلاشتى، خەير - خوش.

شاھزادىنىڭ پۈتۈن بەدىنى شۈركۈنۈپ، پېشانىسىدىن قارا تەر چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق دەھشەت ئىچىدە ئۆلۈشىنى ئويلاپمۇ باقمىغاچقا، ھەيدەرگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ئاغىنە، مېنىڭ تەقدىرىم ساڭا تاپشۇرۇلغانلىقى راست، لېكىن مېنى بۇنداق ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلما. مېنى ئوچۇقچىلىققا چىقىرىپ قويۇپ، ئېتىڭنى مىنىپ كېتىۋەر، مەن ئەڭ بولمىغاندا ئاچ بۆرىلەر بىلەن ئېلىشىپ ئۆلەي ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن توغراق ياغاچلىرىدەك قاغجىراپ ئۆلەي. پە-قەتلا مېنىڭ ئەركىن ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇپ ئۆلۈشۈمگە ئىمكا-نىيەت بەر.

— ئۇنداق بولسا، بىر شەرت بار، — دەپتۇ ھەيدەر قۇ-دۇق ئىچىگە ئېڭىشىپ تۇرۇپ، — ھازىردىن باشلاپ ئورنى-مىز ئالمىشىدۇ، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا شاھزادە بولىمەن، سەن

مىنىڭ ئورنۇمدا ئۆمۈر بويى سادىقلىق بىلەن خىزمىتىمنى قىلىسەن. مۇشۇ شەرتكە كۆنسەڭ، مەن سېنى چىقىرىۋالىمەن.

— دېگىنىڭچە بولۇشقا قەسەم ئىچىمەن.

— ئەمىسە قەسەم ئىچ.

شاھزادە قەسەم ئىچىپتۇ. ھەيدەر ئۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپتۇ - دە، ئۇنىڭ شاھزادىلىك كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىيىمىنى كىيىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان شاھزادە ئۇنىڭ خىزمەتچىسىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ساداقەتلىك بىلەن بەجا قىلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شۇ ھالدا ماڭا - ماڭا بىر ئورمانلىققا بېرىپ، چېدىر قۇرۇپ، چۈشكۈن قىپتۇ. ھەيدەر چېدىرغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، شاھزادە ئۇنى قوغداپ قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا يېقىنلا يەردىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلۈپ، ئورمانلىق ئىچىدىن بىر كېيىكنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقىنى كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە دەرھال ئوقياسىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىپتۇ. ئوق كېيىككە تېگىپ، موللاق ئېتىپ يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا شاھانە تون كىيگەن بىرى ئات چاپتۇرۇپ كېيىكنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن شاھزادىگە كۆزى چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ئات چاپتۇرۇپ كەپتۇ - دە:

— مەن شىكاردا ناھايىتى كۆپ يۈرگەن، لېكىن سەندەك مەرگەننى ھازىرغىچە كۆرمەپتىمەن. نام - ئەمەلىڭنى ئېيت، تونۇشۇپ قالايلى، مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەسەنمەن، — دەپتۇ.

— مەن ئادەتتىكى كىشىمەن، سىلى بىلەن تونۇشۇشقا لايىق ئەمەسمەن، تونۇشۇش توغرا كەلسە، بۇ چېدىردىكى شاھزادىمىز بىلەن تونۇشۇپ قېلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، —



دەپتۇ شاھزادە مۇلايىملىق بىلەن چېدىرنى كۆرسىتىپ. شۇ ئەسنادا ھەسەن شاھنىڭ باشقا خىزمەتكارلىرىمۇ يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا توختىتىپ قويۇپ، چېدىرغا كىرىپ ھەيدەرنى ئويغىتىپ، ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ھەيدەر شاھزادىلىك كىيىمى بىلەن چىقىپ، ھەسەن شاھقا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىگە تەزىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ شىكاردا ئېزىقىپ قېلىپ بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقىنى بايان قىپتۇ. ھەسەن شاھ ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز مەملىكىتىدە بىر مەھەل مېھمان بولۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بۇ تەكلىپ ھەيدەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولغاچقا، قايتا - قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ.

ھەيدەر ھەسەن شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپلا، توغلۇقنى شاھقا خىزمەتچىلىرى قاتارىدا ئىشلەشكە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە:

— بۇ توغرا نىيەتلىك ئادەم ئەمەس، مېنى نۇرغۇن قېتىم ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ چېچەنلىكىدىنلا ساقلىنىپ قالدىم، ھەر ھالدا ھېزى بولارلا، — دەپتۇ.

شاھ ھەيدەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن توغلۇقنىڭ مەرگەنلىكىگە قايىل بولغاچقا، ھەيدەرگە ئۇقتۇرماي ئۇنى بىرقانچە نۆۋەت شىكارغا ئاچىقىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ يالغۇز مەرگەن بولۇپلا قالماي، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئوقۇمۇشلۇق، زېرەك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بالا ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ ئاجايىپ مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى پات - پات ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ، پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنى سېزىپ قالغان ھەيدەر ئۆز سىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەسەن شاھقا:

— مېنىڭ بۇ قۇلۇم ئۆزلىرىگە يېقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ كىشىنىڭ تېرىسىگە كىرىۋالىدىغان شەيتاندىنمۇ ھەييار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئەمدى مەن بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي تۇرالمايمەن، ئۇنى كۆز ئالدىلىرىدىن يوقىتىۋېتىشلىرىنى تەلەپ قىلىمەن، — دەپتۇ.

— قايسى ئۇسۇلدا يوقىتىۋېتىشنى دەيسىز؟ — دەپتۇ ھەسەن شاھ ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ.

— ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش كېرەك، بولمىسا كۆپ ئۆتمەي بالا تېرىيدۇ، — دەپتۇ ھەيدەر.

پادىشاھ توغلۇقنى يوقىتىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، خىزمەتچىلىرىگە ئۇنى كۆزىتىپ بېقىشنى تاپشۇرۇپ، چارباغدا ئىشلەيدىغان قۇللارغا قوشۇپ قويۇپتۇ.

تۇغلۇق چارباغدا ئىشلەپ يۈرۈپ، كۆپ ئۆتمەي بارچە قۇللارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپلا قالماي، ئۇنى كۆزىتىپ يۈرگەن خىزمەتچىلەرنىڭمۇ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ. ھەممە ئۇنىڭ بىلەن بىردەم بىللە بولمىسا، كۆڭلى ئۆتمەيدىغان-دەك، ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى بۇ قىز قىرىق كېنىزىكى بىلەن باغنى سەيلە قىلىشقا كىرگەنىكەن، ئۇ يىراقتىنلا بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا ئاشىق بولۇپ، ئىشقىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە قىز بۇ يىگىت توغرۇلۇق دادىسىنىڭ ئانىسىغا قىلىپ بەرگەن تەرىپلىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىكەن ھەم ئۇنى كۆرمەي تۇ-رۇپلا كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداقتۇر بىر ھېسداشلىق قوزغالغانىكەن. بۈگۈن ئۇنى كۆرۈش بىلەن قىزنىڭ يۈرىكىدە بىر كۈچلۈك مۇھەببەت يالقۇنى ئۆرلەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋاپتۇ - دە، ھوشىنى يوقىتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمىگەن كېنىزەكلەر ئۇنى قانداقتۇر بىر ئاغرىققا مۇپتىلا بولدىمىكىن، دەپ قورقۇشۇپ، ئۇلاش - چۇلاش كۆتۈرۈشۈپ باغدىن ئاچىقىپ كېتىپتۇ. بىراق، چېچەن شاھزادە بىر قاراش بىلەنلا قىزنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يې-تىپ كۆڭلىدە قاتتىق ئازابلىنىپتۇ.

ئەنە شۇ كۈنلەردە شاھ ھۇزۇرىدا پۈتۈن كۈننى مېھ-ماندارچىلىق بىلەن يەپ - ئىچىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەيدەرنىڭ كۆڭلىدىمۇ شاھ قىزىغا نىسبەتەن ئاچ كۆزلەرچە ھاۋايى - ھەۋەس پەيدا بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتكەنچە بۇ ھەۋەس بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئەنە شۇ قىزلا چۇلغىۋاپ-تۇ. ئۇ ئويلىنىپ - ئويلىنىپ ئاخىر شاھقا شاھزادە تۇغلۇقنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئۆز كەچۈرمىشى قىلىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە:



— سىلى ماڭا ئاخىرغىچە پاناھ بولۇپ قالسىلا، مەن سىلىنىڭ ئوغۇللىرى بولاي، — دەپتۇ.

بۇ شاھ شەمسى شاھنى ياخشى بىلىدىكەن ھەم ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىكەن، شۇڭا ئۇ شەمسى شاھنىڭ شاھزادىسىگە غەمخورلۇق قىلىشنى ئىككى ئەل مۇناسىۋىتىنىڭ تۈگۈنى دەپ ھېسابلاپ، ھەيدەرنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆز قىزىنى بېرىش قارارىغا كەپتۇ. بۇ خەۋەر شاھ قىزىنى ئىنتايىن بىئاراملىققا سالپتۇ. ئۇ ئىنىكئانىسى ئارقىلىق تۇغلۇققا كۆڭلى بارلىقىنى ئېيتىپ، دادىسىنىڭ ھەيدەرگە زورلىماسلىقىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ھەسەن شاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىزىنىڭ «باشباشتاقلىقى»دىن رەنجىپ، قىزىنى «ئايلاندۇرغان» تۇغلۇقنى ھەيدەرنىڭ تەلىپى بويىچە بۇرۇنلا ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىپتۇ. بىراق، ھېلى بولسىمۇ ئۆلتۈرۈشكە قولى بارماپتۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە تۇغلۇق يەنىلا ھەيدەرگە قارىغاندا

ئۇلۇغ سۇپەت، چېچەن، ئوقۇمۇشلۇق ئىكەن، پەقەت ئۇنىڭ شاھ ئەۋلادىدىن بولمىغانلىقىلا شاھنىڭ دىتىغا ياقماپتۇ. ئۇ ئاخىر ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، تۇغلۇقنى قىزىنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى باشقا بىر شەھەرگە شاھلىق قىلىشقا تەيىنلەپ ئەمەس، بەلكى بىر يولدا چوڭ خەتەرگە ئۇچرىتىپ يوقىتىۋېتىشنى ئويلاپ ئۇنىڭ قولىغا بىر پارچە خەت بېرىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

تۇغلۇق كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، ئىككى ھەپتە دې-گەندە، خەتنى ئېلىپ ھۆسەن شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەپ-تۇ. ھۆسەن شاھ ئاكىسىدىن خەت ئەكەلگەن، كۆزگە يېقىمىش-لىق، گەپ - سۆزلىرىدىن ئەدەپ ۋە چېچەنلىك چىقىپ تۇر-غان بۇ كېلىشكەن يىگىتنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ - دە، خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. تۇغلۇق ھۆسەن شاھنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشتىن ھەيران بوپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ شاھلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا مۇناسىپ كىشى ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ، گەپ - سۆز قىلماپتۇ. ھۆسەن شاھ بۇ چاغدا، شۇنچە مۇلايىم يىگىتنىڭ نىمە گۇناھى باردۇ؟ ئا-كامنىڭ ئۇنى قەتل قىلىشقا قولى بارمىغانلىقى ئۇنىڭ شۇ مۇلايىم، چېچەنلىكى ئالدىدا ۋۇجۇدى تىترىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئاكامنىڭ قولى بارمىغان يەردە، مېنىڭ قولۇم قانداق بارسۇن؟ ! مەنمۇ باشقىچە يول تۇتۇشۇم كېرەك، دېگەن خى-ياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە تۇغلۇققا قاراپ:

— ئاكام سېنى مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ، مەن ساڭا ئۈچ يۈز يىلقىنى بېقىپ كېلىشكە تاپشۇرىمەن، كەچتە ساناپ ئۆتكۈزۈۋالىمەن، ئەگەر بىرەرى كەم بولسا،

كاللاڭنى ئالىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دەپتۇ.

تۇغلۇق ھۇسەن شاھنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قاتتىق قوللۇق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بوپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ «ماقۇل» دېيىشتىن ئۆزگە چارىسى بولمىغاچقا، شاھنىڭ خىزمىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، تۇغلۇق ئون نەچچە كۈن يول مېڭىپ قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، سەھەر تۇرۇپتۇ ـ دە، شاھنىڭ خىزمەتكارلىرى تەييارلاپ قويغان ئۈچ يۈز يىلقىنى ھەيدەپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ئاساۋ بولغاچقا، تاغقا كېلە ـ كەلمەي تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىپتۇ. تۇغلۇق نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئەمدى بەربىر ئۆلدۈم، دېگەن خىيال بىلەن بېشى قايغان، يۈتى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولغانلىقتىن قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى بىلمەي قاپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، ئېگىز تام بىلەن قورشالغان ھەيۋەت چوڭ بىر باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا بىر سۈڭگۈچ ئارقىلىق باغقا كىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ شۇنداق كېلىشكەن باغ ئىكەنكى، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر خۇددى زىلچىدەك چاقناپ تۇرغۇدەك. تۇغلۇق ئەيمەنگىنىچە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئەتراپىنى مېۋىلىك دەرەخلەر قورشاپ تۇرغان چىرايلىق بىر كۆلنىڭ يېنىغا بېرىپ قاپتۇ ۋە كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ، ئوچۇملاپ تۇرۇپ سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن بىرقانچە قىزنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى ئاڭلىنىپتۇ. تۇغلۇق كۈلكە كەلگەن تەرەپكە قاراپ، كۆلگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۈچ قىزنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، نېمىشقا بىسوراق باغقا كىردىڭ؟ دەپ ئەيىبلىنىشتىن

قورقۇپ، ئۆزىنى يوشۇرۇش ئۇچۇن دەرەخقە چىقىۋاپتۇ.
ئۇچ قىز قىز بولغاندىمۇ نۇردىن يارىتىلىپ، ئاسماندىن يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلگەندەك بىر - بىرىدىن ئۆز، بىر - بىرىدىن نازلىق قىزلار ئىكەن. قىزلار شوخلۇق بىلەن بىر - بىرىنى قوغلاشقىنىچە كۆل بويىغا كېلىپ توختاپتۇ - دە، سۇغا چۆمۈلۈش ئۇچۇن كىيىملىرىنى سېلىشقا تەمشىلىپتۇ. تۇغلۇق ئۆز ئۆمرىدە پەقەت تۇنجى قېتىملا كۆرۈشكە نېسىپ بولغان بۇ نازىنىنلارنىڭ گۈزەللىكى ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قاپتۇ.
شۇ ئارىدا كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرىگە قوللىرىنى ئەمدىلا ئېلىپ بارغان بىر قىز ئۈشتۈمتۇتلا:
— توختاڭلار ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ - دە، ئەتراپقا قاراشقا باشلاپتۇ، — ئادەم ھىدى كېلىۋاتىدۇ.
— راست، — دەپتۇ قالغان ئىككىسىمۇ سەگەكلىشىپ، — ئاختۇرايلى.
قىزلار ئەتراپنى ئاختۇرۇشۇپتۇ، لېكىن ئادەم تېپىلماپتۇ. ئۇلار يەنە كۆل بويىغا يىغىلىشىپتۇ، خۇددى چۈشىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە سۆزمۇ قىلماي تىزلىرىنى قۇچاقلىغىنىچە كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.
تىنىق كۆل سۈيى زۇمرەتتەك چاقنار ئىكەن، ئەكسىدە كۆپكۆك ئاسمان، گۈل ۋە مېۋىلىك دەرەخلەر جىلۋە قىلار ئىكەن. ئەنە شۇ جىلۋە ئىچىگە دەرەخ ئۈستىدىكى تۇغلۇقنىڭ كېلىشكەن سىيماسىمۇ قوشۇلۇپ كەتكەنىكەن. بۇ سىيما گەرچە ھېچقانداق تىۋىش چىقارماسلىققا تىرىشىپ، دەرەخكە مەھكەم يېپىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆل بېتىگە تىكىلگەن قىزلارنىڭ كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماپتۇ.
— ئەنە !

تۇغلۇقنىڭ سۇدىكى ئەكسىنى كۆرگەن قىزلارنىڭ كۆز-لىرى دەرەخ ئۈستىگە تىكىلىپتۇ، تۇغلۇق ئۇيالغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي، قىزارغىنىچە بېشىنى تۆۋەن سايتۇ. قىزلار:

— چۈش ! — دەپ توۋلاپتۇ.

تۇغلۇق چۈشمەيمۇ قۇتۇلۇشقا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يې-تىپ، پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ - دە، قىزلارغا ئەدەپ بى-لەن تەزىم قىپتۇ.

خېلىلا غەزەپكە كەلگەن قىزلار تۇغلۇقنىڭ مۇلايىم قىيا-پىتى ۋە كېلىشكەن قەددى - قامىتىگە قاراپ، بىردىنلا مۇلا-يىملىشىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ تەزىمىنى ئىلىك ئېلىپ، بۇ يەرگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. تۇغلۇق ھۇسەن شاھ تاپشۇرغان ئۈچ يۈز ئاساۋ ئاتقا باغلىنىشلىق بولغان قىسقا كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزلار شاھنىڭ ئو-رۇنسىز تەلىپىدىن غەزەپلىنىپ، مۇلايىم يىگىتنىڭ دەردىگە دەرمان بولماقچى بولۇشۇپ:



— بۇ يىگىتنى پەقەت ئاكىمىزلا قۇتۇلدۇرالايدۇ، بىز ئۇ-نىڭغا يالۋۇرايلى، — دېيىشىپتۇ – دە، تۇغلۇقنى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

تۇغلۇق ئۆيگە كىرىپتۇ. قىزلار ئىنتايىن مېھماندوست ئىكەن، ھەش – پەش دېگۈچە ھەرخىل تاماق، ھەرخىل شې-رىنلىكلەر بىلەن داستىخاننى تولدۇرۇپ تۇغلۇقنى قىزغىن مېھمان قىپتۇ.

تۇغلۇق نازىنىن قىزلارنىڭ ئەنە شۇنداق قىزغىن ئىلتى-پاتىغا ئېرىشىپ، پۈتۈن قايغۇ – ئەلەملىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا يەپ – ئىچىپ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ، خۇشال – خۇرام ئولتۇرغاندا، بىردىن يەر تەۋرىگەندەك بولۇپ، شىددەتلىك بوراننىڭ ئاۋازىدەك غەيرىي بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قىزلار بىردىنلا ئالاقزادە بولۇشۇپ تۇغلۇققا:

— ئاكام كېلىپ قالدى، ئۇنى ئۆز سۆزىمىزگە كۆندۈر-گۈچە، ئۇنىڭ كۆزىدىن يىراق بولمىسىڭىز سىزنى ھالاك قى-لىپ تاشلايدۇ، شۇڭا ۋاقتىنچە بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرىڭ، — دەپتۇ – دە، تۇغلۇقنى دەرھال ئالمىغا ئايلاندۇرۇپ ئۈستەلگە تىزىپ قويۇپتۇ.

قىزلارنىڭ ئاكىسى ھەيۋەتلىك سۇمۇرغ قىياپىتىدە كۈچ-لۈك قاناتلىرىدىن دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئاسماندىن يەر-گە پەرۋاز قىلىپ چۈشۈپتۇ – دە، كېلىشكەن يىگىت قىياپى-تىدە ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ ۋە بوسۇغىدىن ئاتلا – ئاتلىمايلا چىرايى سۈرلۈك تۈس ئاپتۇ:

— ھە، — دەپتۇ ئۇ دەھشەتلىك تۈۋلاپ، — ئۆيدىن ئا-دەم ھىدى كېلىۋاتىدىغۇ؟!

سىڭىللىرى يېپىلىپ كېلىپ ئاكىسىنىڭ تىزىنى قۇ-چاقلاپ تۇرۇپ:

— بىزنى بىر نۆۋەت كەچۈر ھەم ئۇ بىچارىنىڭ خۇنىدىن كەچ، — دەپتۇ.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دەپتۇ ئاكىسى.

— ئاۋۋال ئۇنىڭغا چېقىلماسلىقىقا ۋەدە قىل، ئاندىن بىز ئۇنىڭ ئۆزىنىلا سەن بىلەن ئۇچراشتۇرىمىز، — دەپتۇ قىزلار.

— قېنى، دېگىنىڭلارچە بولسۇن، — دەپتۇ ئاكىسى.

قىزلار توغلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. قىزلارنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭغا شۇنداق بىر تىكىلىپتۇ - دە، غۇلىچىنى كەرگىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ:

— دوستۇم !

توغلۇقمۇ ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپتۇ. قىزلار بۇ ئىككىسىگە تىكىلگىنىچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

— دوستۇم، — دەپتۇ قىزلارنىڭ ئاكىسى، — سېنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس، — دەپتۇ توغلۇق دوستىغا خۇشاللىق بىلەن تىكىلىپ، — ئەلۋەتتە تەقدىر شامىلى بولسا كېرەك.

قىزلارنىڭ ئاكىسى خۇشاللىق بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ، دوستىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە سىڭىللىرىغا قاراپ:

— مانا بۇ يىگىت، — دەپتۇ ئۇ دوستىنى سىڭىللىرىغا تونۇشتۇرۇپ، — شاھزادە توغلۇق !

— ئاھ، — دەپتۇ قىزلار خۇشاللىق بىلەن چاۋاك چېلىپ، — سىزنى دېرىزىسىز ئۆيدىن ئازاد قىلىۋەتكەن شاھزادە شۇ ئىكەن - دە !

قىزلار دەرھال توغلۇققا تىزلىنىپتۇ:

— ئاكىمىزنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىڭىز ئۈچۈن

رەھمەت !

شاھزادىنىڭ ئالدىغا يەنە خىلمۇ خىل تاماقلار تىزىلىپتۇ. قىزلارنىڭ ئاكىسى ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپ، كەچۇرمىشلىرىدىن ھېكايە قىلىپ بېرىشىنى سوراپتۇ.

شاھزادە دېرىزىسىز ئۆيدىكى «نۇر چاچار يىلان»نى قويۇۋەتكەندىن كېيىنكى كەچۇرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزلار ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىقى ئېشىپ، كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ. قىزلارنىڭ ئاكىسىمۇ قاتتىق ئىچ ئاغرىتقى قىلىپ:

— يامان بوپتۇ، بىراق شۇنچە ئىشلار بولۇپ كەتكىچىمۇ مېنىڭدىن ياردەم تىلىمىگىنىڭگە ئۆكۈنىمەن، — دەپتۇ.

— مەن سېنى نەدىن تاپاتتىم؟ — دەپتۇ شاھزادە ھەيران بولۇپ.

— مەن سەن بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا، بېشىڭغا بىرەر كۈن چۈشسە، «دوستۇم» دېگەن سۆزنى ئېغىزىڭغا ئالساڭلا، مەن ساڭا دەرھال ئۆز ياردىمىمنى يەتكۈزىمەن، دېگەنىدىمغۇ !

— مۇنداق دېگىن، — دەپتۇ شاھزادە قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئۇ مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇ.

— دوستلارنى ئۇنتۇش يامان كىشىلەرنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كېتىشكە يول ئاچىدۇ، — دەپتۇ قىزلارنىڭ ئاكىسى شاھزادىگە چۈشەندۈرۈپ.

پاراڭ بىلەن بولۇپ، كۈن كەچ كىرىپتۇ. شاھزادە شاھنىڭ ئۈچ يۈز ئاساۋ يىلقىسىنى ئېسىگە ئېلىپ، دوستىدىن كېتىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. دوستى يېنىدىن ئاتنىڭ بىر تال موينى چىقىرىپ شاھزادىگە سۇنۇپتۇ:

— مانا بۇ موينى كۆيدۈرسەڭ، ساڭا زۆرۈر بولغان ياراغلار تەقلەنگەن بىر ئات پەيدا بولىدۇ. ئۇ سېنىڭ خالىغان

ئىشىكنى ئورۇنداپ بېرىشكە قادىر. سەن ئىشىكنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ مويىدىن بىر تالنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى قويۇۋەت. زۆرۈر تېپىلغاندا موينى كۆيدۈرسەڭ ئۇ يەنە خىزمىتىڭگە تەييار بولىدۇ. موينى يوقىتىپ قويمىساڭلا، ئۇ ساڭا ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە موينى ئېلىپ جۆنىمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاكىسى سىڭىللىرىغا قاراپ:

— دوستۇمغا تۇتىدىغان يوللۇقۇڭلار يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ قىزلارنىڭ چوڭى بىر دانە تۇخۇم، ئوتتۇرانچىسى بىر تال چوكا، كەنجىسى بىر دانە ئەينەك ئەكېلىپ شاھزادىگە سۇنۇپتۇ.

بۇ نەرسىلەر كۆرۈنۈشتە ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىرىگە ئاجايىپ خاسىيەتلەر پۈتۈلگەنىكەن. تۇخۇم تەلەپ قىلغۇچىغا خالىغان تاماقنى ھازىر قىلىپ بېرىدىكەن، چوكا تىكلىنىشى بىلەن نەغمە - ناۋا قىلىپ بېرىدىكەن، ئەينەك قارىغۇچىغا خالىغان جاي ۋە كىشىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن.



شاھزادە تۇغلۇق دوستى ۋە ئۇنىڭ سىڭىللىرى تۇتقان سوۋغاتلارنى ئېلىپ باغنىڭ سىرتىغا چىقىپتۇ - دە، مويىنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇئان ئاجايىپ كېلىشكەن، ئېگەر - توقۇملۇق بىر قارا تۇلپار، ئۇزۇن سويلىنى سۆرىتىپ، كىشىنگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. شاھزادە ئۆز دوستىنى كۆرگەندەك خۇ-شاللىق بىلەن ئۇنىڭ يالىنى سىلاپ، ئۇستىگە مىنىپتۇ - دە، سويلىنى قاتتىق بىر شىلتىپتۇ، شۇئان ئات ئېغىزدۇرۇ-قىنى چايناپ، ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق بىر كىشىنگەنىكەن، تاغدا ئوتلاپ يۈرگەن بىرەر مىڭدىن ئارتۇق ئاساۋ ئاتلارنىڭ ھەممىسىلا دۈكۈرلىشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا قاراپ سويلىنى شۇنداقلا بىر كۆتۈرۈپ قويغانىكەن، بىرەرسىمۇ ئۇيان - بۇيان بولماي، ئالدىغا چۇ-شۇپ، توپتوغرا شاھنىڭ ئاتخانىسىغا كىرىپ بېرىپتۇ.

شاھزادە ئېتىنىڭ بىر تال مويىنى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى قو-يۇۋېتىپتۇ - دە، شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇچ يۈز ئاتقا قو-شۇپ شاھقا تەۋە يەنە بىرمۇنچە ياۋايىلىشىپ كەتكەن ئاتلارنى-مۇ ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شاھ ئەسلىي تۇغلۇقنى بۇ ئىشنى بېجىرەلمەي قېچىپ كېتىدۇ ياكى بۆرىلەرگە يەم بولۇپ تۈگەيدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن. ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغ-مايدىغان دەرىجىدىكى شۇنداق مۇشكۇل ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىنى شاھنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرۇپتۇ. شاھ ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىر ئۇنىڭ ئادەتتىكى كىشى-لەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى كۆزىتىپ بېقىش نىيىتىدە ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، ئوردىنىڭ پارچە - پۇرات ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئەركىن - ئازادە يۈرۈشكە رۇخسەت قىپتۇ.

ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، تۇغلۇقنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆز-

گىچە ئەھۋاللار كۆرۈلمەپتۇ، تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ، پۇختا ۋە تولۇق بېجىرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇۋاپىق بولمىغان يەرلىرى بولسا، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئوچۇق ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى بېرىدىكەن. شاھ بارا ـ بارا ئۇنىڭ زېھنىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈكىنى پەملەپ، بەزىبىر ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشمۇ قويىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنداق چاغلاردا شاھ هامان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانائەت تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنلىكىدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، كۆڭلى يايراپ قالىدىكەن، بىراق ئۇنىڭ ئاكىسىدىن ئەكەلگەن خېتىنى ئويلاپ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ شۇ هالدا ئاكىسىنىڭ بۇ يىگىتنى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراي دېسە، ئۇنى ئۈركۈتۈپ قويارمەنمىكىن دەپ، ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەي، باش قېتىنچىلىق ئىچىدە تۇرغىنىدا، ئاكىسىدىن يەنە بىر پارچە خەت كېلىپ قاپتۇ. شاھ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ تۇرغىنىدا تۇغلۇق كىرىپ كەپتۇ.

— خەتتە، — دەپتۇ شاھ تۇغلۇققا تىكىلىپ، — ئاكام ئۆز قىزىنى شەمسى شاھنىڭ شاھزادىسىگە بەرمەكچى بولۇپ، بىزنى تويغا تەكلىپ قىپتۇ، بۇ ئىشتىن سېنىڭ خەۋىرىڭ بارمىدى؟

— خەۋىرىم يوقتى، بىراق شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، — دەپتۇ تۇغلۇق جاۋاب بېرىپ.

— هەيرانمەن، — دەپتۇ شاھ تۇغلۇققا قاراپ، — سەن بۇ ئىشنى قانداق بىلىسەن؟

— مەن ئەنە شۇ شەمسى شاھنىڭ شاھزادىسىنىڭ نۆكىرى ئىدىم، — دەپتۇ تۇغلۇق. هۇسەن شاھ:

— ئۇنداق بولسا، سەن ئۇ شاھزادىدىن قانداق قىلىپ

ئايرىلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ توغرۇلۇق مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن، بۇ سىزنىڭ ئاكىڭىز بىلەن شاھزادىگە تەئەللۇق ئىش بولسا كېرەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۇغلۇق.

— بابا سەن ئاكامنىڭ قىزى بىلەن شاھزادىنىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغانلىقىڭنى ئېيتتىڭ. دېمەك، سەن شاھزادە بىلەن سىرداش، شۇنداقمۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ھۇسەن شاھ.

— شاھزادە مەندىن سىر ساقلايدۇ، بىراق بۇ ئىشلار مېنىڭ چۈشۈمدە ئايان بولغان، مېنىڭ چۈشلىرىم كۆپىنچە توغرا چىقىدۇ.

شاھ تۇغلۇقنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قاپتۇ:

— پاھ، بۇمۇ قىزىق ئىشكەن، بۇ توغرۇلۇق چۈشۈڭدە يەنە قانداق ئىشلار ئايان بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

— خىرە - شىرە ئېسىمدە قېلىشىچە، ئاكىڭىزنىڭ قىزىغا موڭغۇللار پادىشاھىمۇ ئەلچى كىرگۈزگەن. ئاكىڭىز شەمسى شاھنىڭ شاھزادىسىگە ۋەدە قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇللار پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋەتكەن. موڭغۇللار پادىشاھى بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئاكىڭىزغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر توپلاۋاتقۇدەك، بەلكى بۇ ئۇرۇش ئاكىڭىزنىڭ قىزى بىلەن شاھزادىنىڭ توي مەرد-كىسىگە توغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ تۇغلۇق.

تۇغلۇقنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان «شاھ شۇنداق » دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئاكىسىدىن كەلگەن خەتتە ئەنە شۇ سۆزلەر ئېنىق يېزىلىپ، ئىنىسىدىن ئەسكەرلىرىنى تەييارلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلغانىكەن.

تۇغلۇق بۇ ئىشلارنى چۈشىدە ئەمەس، دوستىنىڭ سىڭل-

لىرى ھەدىيە قىلغان ئەينەكتىن كۆرگەنىكەن.

تۇغلۇق ئەنە شۇ ئەينەككە ئېرىشكەن كۈندىن باشلاپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قاراپ مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلارغا سەپسېلىپ تۇرغانىكەن. بۇ جەرياندا ئۇ مەلىكىنىڭ بىر قېتىممۇ كۈلگىنىنى كۆرمەپتۇ، ھەيدەر بولسا ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپلا يۈرىدىكەن. مەلىكە بولسا ئۆزىنى خالىي قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئۇزلۇكسىز ياش تۆكۈپ كېسەل بولۇپ يېتىۋالىدىكەن. ئەنە شۇ جەرياندا ھەسەن شاھ شەمسى شاھقا نامە ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ شاھزادىگە باشپاناھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە يېقىندا ئۇنىڭغا ئۆز قىزىنى چېتىپ، تۆت كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شاھزادىسىدىن ئايرىلىپ، جۇدالىق ھەسرىتىدە ئىككى پۈكۈلۈپ قالغان شەمسى شاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇپ كېتىپ، مەخپىي ھالدا قىرىق تۆگىدە تويلۇق يوللاپ، ئۆز رەھمىتىنى ئىزھار قىلغانىكەن.



مانا مۇشۇ قىرىق تۆگىدىكى تويلۇق مال ھەيدەرنىڭ مەلىكىـ-
ـنىڭ كۆڭلىنى ئالدىغان بۇيۇملىرىغا ئايلانغان بولسىمۇ، قىز
يەنىلا ھەيدەردىن بىزار ئىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىدە كىم بارلىقى
تۇغلۇققا ناھايىتى ئېنىق ئىكەن. تۇغلۇق ئۆزىگە شۇنچىلىك
ئىشتىياق باغلىغان بۇ مەلىكىنىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىشنى ھەر-
قانچە ئويلىسىمۇ، ھەيدەرگە بەرگەن قەسىمى يادىغا كېلىۋې-
لىپ، ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا مەجبۇر قىلىدىكەن. بىراق، يېقىنـ-
قى كۈنلەردە ئەلچىلىرى قايتۇرۇلغان موغۇللار شاھىنىڭ
ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئۇرۇش تەييارلىقى تۇغلۇقنى
قاتتىق بىئارام قىپتۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا،
مەلىكىنى تارتىپ كېتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. مانا مۇ-
شۇنداق ئەھۋالدا تۇغلۇق جەزمەن ئۇرۇشقا قاتنىششى كېرەك...

تۇغلۇقنىڭ ھۆسەن شاھنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن ئەيـ-
نەكتە كۆرگەنلىرىنى ئايانماي سۆزلىشى ئەنە شۇ قارارغا كەلـ-
گەنلىكىدىن بولغانىكەن.

— سەن ھەقىقەتەن ئەۋلىيا ئىكەنسەن، — دەپتۇ ھۆسەن
شاھ تۇغلۇقنىڭ ئۆز «چۈشى»دە كۆرگەنلىرىگە بەرگەن تەبىرىـ-
دىن ھەيران بولۇپ، — قېنى، ئېيتە، مەن ئەسكەرلىرىمنى
ئېلىپ بارايمۇ، قانداق؟

— چۈشۈمدە بۇ توغرۇلۇق بىرەر نەرسە ئايان بولمىدى،
لېكىن موغۇللار يېڭىلىدۇ.

— يېڭىلىدۇ؟ مەيلى، بۇنى كېيىن كۆرەرمىز، لېكىن
مەن سېنى ئېلىپ بارىمەن. تەييارلىق قىل.

ھۆسەن شاھ تۇغلۇقنى ھارۋىكەش قىياپىتىدە ياساپ ئېـ-
لىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئىككى ھەپتىلىك قاتتىق يول ئازابىدىن
كېيىن ھەسەن شاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

ھۆسەن شاھ ئاكىسىنىڭ ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن،

تۇغلۇقنى ئاكىسىنىڭ نەزىرىدىن قاچۇرۇپ، ئارقا ھويلىدىكى خالىي بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ-دە:

— سەن بۇ ئۆيدىن قوزغالما، زۆرۈر بولغاندا مەن ئۆزۈم كېلىپ سەن بىلەن سۆزلىشىمەن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

توي باشلىنىپ كېتىپتۇ. تۇغلۇق قورسىقى ئاچسا، خاسىيەتلىك تۇخۇم ئارقىلىق خالىغان تاماقنى ھازىرلاپ يەپ، ئىچى پۇشسا، خاسىيەتلىك چوكىدىن ئىسىل نەغمە-ناۋالارنى ئاڭلاپ، خاسىيەتلىك ئەينەك ئارقىلىق توي ئەھۋالىنى كۆرۈپ يېتىپتۇ. ھۇسەن شاھنىڭ مەخسۇس كىشىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا كىرگۈزۈپ بەرگەن تويىنىڭ نازۇنېمەتلىرى شۇ بويىچە دۆۋىلىنىپ تۇرىۋېرىپتۇ.

توي باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى تۇغلۇقنىڭ ئەينىكىدە موغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئۆزىنى ئىزدەپ كىرگەن ھۇسەن شاھ-



قا مەلۇم قىلىپ، دەرھال ئۇلارغا قارشى لەشكەر ئەۋەتىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ھەسەن شاھنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇل-لىرىمۇ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ.

ئوردىدا پاتىپاراقچىلىق كۆتۈرۈلۈپ، لەشكەرلەر دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىپتۇ. توي بەزمىلىرى توختاپ ھەممە ساراسىمى-گە چۈشۈپتۇ. كۈيئوغۇل بولغۇچى ھەيدەرمۇ ۋەھىمە ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلمەي تويىنىڭ نازۇنېمەتلىرىنى بىر خالتىغا قاچىلاپ «مەنمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشىمەن» دېگەن باھانىدە، مۇبادا ھەسەن شاھ يېڭىلىپ قالسا، قېچىپ كېتىشنى كۆزلەپ ئۆزى-نى دالدىغا ئاپتۇ.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى پايانسىز چۆلدە، خۇددى ئىك-كى ياقتىن شىپقاپ كەلگەن كەلكۈندەك شىددەت بىلەن ئۇچ-رىشىپ دەھشەتلىك جەڭنى باشلىۋېتىپتۇ. ھەش - پەش دې-گۈچە ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلۈكلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ، جەڭ ئاتلىرىنىڭ كىشنەشلىرى يەر - ئاسماننى لەرزىگە كەل-تۈرۈۋېتىپتۇ.

جەڭ ئەنە شۇ ھالدا بىرقانچە سائەت داۋاملاشقاندىن كې-يىن، موڭغۇللار تەرەپ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ھەسەن شاھ-نىڭ ئەسكەرلىرىنى شەھەر سېپىلىغا قاراپ قىستاشقا باشلاپ-تۇ. سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرغان شەھەر ئەھلى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا قارا تۇلپار مىنگەن بىر ئەزىمەت سېپىل ئىچىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ - دە، دۈشمەن ئىچىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان زۇلپىقارى خۇددى چېقىلغان چاقماقتەك ۋال - ۋۇل قىلىپ، دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى چۆپ چاپقاندەك قىرىپ تاشلاپتۇ. ئۇ-

نىڭ تۇلپارىمۇ ئالدىدىن كەلگەنلەرنى چىشلەپ، ئارقىدىن كەلگەنلەرنى تېپىپ يول ئېچىپ، جەڭ مەيدانىدا لاچىندەك پەرۋاز قىپتۇ.

دۈشمەن لەشكەرلىرى ئۆزلىرىگە ئەجەل يوللاۋاتقان بۇ تەڭداشسىز باتۇر ئالدىدا قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ پاتىپاراق بولۇپ قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھەسەن شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئاجايىپ روھلىنىپ كېتىپتۇ ـ دە، قاچقان دۈشمەنلەرنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىپ كەچ كىرگۈچە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تۈگىتىپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ، جەڭمۇ توختاپتۇ، بىراق بۇ جەڭنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدىكەن. موغۇل پادىشاھى ئەزەلدىن يېڭىلگىنىگە تەن بەرگەن ئەمەسكەن، بۇگۇن يېڭىلسە، ئەتىسى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كېلىدىكەن. شۇڭا، ھەسەن شاھ گەرچە غەلىبە تەنتەنىسى بىلەن چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلگەن بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، موغۇل پادىشاھىنىڭ ئەتىلا باستۇرۇپ كېلىدىغان تېخىمۇ زور قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقىنى ئىشلەشكە باشلاپتۇ. بۇ جەرياندا ھەممە ھېلىقى قارا تۇلپارلىق چەۋەندازنى ماختىشىپتۇ، بىراق ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشەلمەپتۇ. بەزىلەر ئۇنى «ھەسەن شاھنىڭ كۈيئوغلىكەن» دېگەن سۆزلەرنىمۇ قىلىشىپتۇ. قارا تۇلپارلىق چەۋەنداز ئارىدا بولمىغاچقا، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مۆكۈنۈپ ياتقان ھەيدەر: «بۇ مەن ئىدىم، ئەتە يەنە جەڭگە قاتنىشىشقا تەييارمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ، شۇنداق قەيسەر كۈيئوغۇلنى تاللىغان ھەسەن شاھقىمۇ قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپتۇ.

ئەسلىدە بۇ قارا تۇلپارلىق چەۋەنداز ھەيدەر ئەمەس، بەل-

كى شاھزادە توغلۇق ئىكەن. ئۇ خاسىيەتلىك ئەينەكنىڭ ئايان قىلىشى بىلەن ھەسەن شاھ تەرەپنىڭ يېڭىلىشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن دوستى تەقدىم قىلغان قارا تۇلپارنىڭ موينى كۆيدۈرگەنىكەن، ئېگەرىگە ساۋۇت، دۇبۇلغا، قىلىچ ـ قالقانلار ئېسىلغان تۇلپار كىشنەپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئەنە شۇ ساۋۇت، دۇبۇلغىنى كىيىپ، قىلىچ ـ قالقانلارنى قولىغا ئېلىپ، قارا تۇلپارغا مىنىپ كىشنىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان دەرىجىدىكى ئەنە شۇ قەھرىمانلىقنى نامايان قىپتۇ.

شاھزادە توغلۇق جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن قارا تۇلپارنىڭ بىر تال موينى يۇلۇۋېلىپ، ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ ـ دە، چارچاپ كەتكەنلىكىدىن ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا ھۆسەن شاھ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇر قىلىپ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، «چوش» كۆرۈشكە دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ، توغلۇق ئويغىنىپ دەرھال ئەينەككە قاراپتۇ. ئەينەكتە موغۇل پادىشاھىنىڭ تېخىمۇ كۆپ لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقىنى ئايان بوپتۇ. ئۇ دەرھال كىيىنىپتۇ ـ دە، ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن ھۆسەن شاھقا كۆرگەن «چوشى»گە ئاساسەن، بۈگۈن تېخىمۇ قاتتىق جەڭگە تەييارلىق قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ.

دېگەندەك موغۇل شاھى ناھايىتى كۆپ لەشكەر ئەكەپتۇ. جەڭ يەنە باشلىنىپتۇ. ھەسەن شاھ يەنە يېڭىلىشكە يۈزلەنگەن ھامان شاھزادە توغلۇق تۇلپارنىڭ موينى كۆيدۈرۈپتۇ. تۇلپار ئالدىنقى كۈندىكى قىياپەت بىلەن يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە دۇبۇلغا، ساۋۇتنى كىيىپ، يەنە جەڭگە پەرۋاز قىپتۇ.

بۈگۈنكى جەڭدە موغۇللار بۇ قارا تۇلپارلىقا خېلى قات-

ـتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زۇلپىقا-
رى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي، يەنە چېكىنىشكە مەجبۇر
بوپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، جەڭمۇ توختاپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى موڭغۇل لەشكەرلىرى يەنە كەپتۇ، بىراق
ھەسەن شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلار بىلەن ھېچقانچە ئۇرۇش-
مايلا چېكىنىپ تىرىپىرەن بولۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى موڭغۇل
تەرەپتە قولغا كۆندۈرگەن چوڭ بىر ئەجدىھا بولۇپ، لەشكە-
رىي كۈچى بىلەن تەڭ كېلەلمىگەن موڭغۇللار ئەنە شۇ ئەج-
دىھانى ئەكەلگەنىكەن. ئەجدىھا ئاغزىدىن ئوت - يالقۇن
چېچىپ، توغرا كەلگەن كىشىنى يالماپ - يۇتۇپ، چايناپ -
پۈركۈپ ئالغا ئىلگىرىلەۋېرىپتۇ. بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن
ھەسەن شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىپ،
ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشىپتۇ. موڭغۇللار ئەنە شۇ ھالدا ئور-
دىغا بېسىپ كىرىپتۇ - دە، تويى بولۇۋاتقان مەلىكىنى ئېلىپ
يولىغا راۋان بوپتۇ. موڭغۇللارنىڭ بۇ غەلىبىسىنى كۆرگەن
شاھزادە تۇغلۇق يەنە قارا تۇلپارنى مىنىپ، موڭغۇللارنى
قوغلاپ يېتىپتۇ ۋە ئەجدىھاغا تىغ ئۇرۇپتۇ، لېكىن ئەجدىھامۇ
چاققانلىق بىلەن شاھزادىنىڭ بىلىكىگە ئېغىز سېلىپ ئۇل-
گۈرۈپتۇ. شاھزادە دەرھال بىھوشلىنىپتۇ - دە، ئىختىيارسىز
«دوستۇم» دەپ پىچىرلاپ تاشلاپتۇ. شۇئان ئەجدىھانىڭ تىغ
تەگكەن يېرىدىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلۈپ، يېشىل يالقۇنغا
ئايلىنىپتۇ - دە، ھەش - پەش دېگۈچە ئەجدىھا كۆيۈپ كۈل
بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن موڭغۇللار قورقىنىدىن مە-
لىكىنى تاشلاپ قېچىپتۇ. مەلىكە پەيتۇنىدىن سەكرەپ چۈ-
شۈپ، بېشىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ يىگىتنىڭ ئەجدىھا چىش
سالغان بىلىكىنى تېڭىپتۇ. كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئەتراپ
قارا تۇلپارلىق بۇ يىگىتنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر

بىلەن لىق تولۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئاكا ـ ئۇكا شاھ ھەسەن ـ ھۈسەنلەرمۇ بۇ قەيسەر يىگىتنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئات چاپ- تۇرۇپ يېتىپ كەپتۇ. يىگىت ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى ئالغاندا ئاكا ـ ئۇكا شاھلار ئۇنى تونۇپ، ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. مەلىكە بولسا ئۆزىنى يىگىتنىڭ باغرىغا ئې- تىپتۇ. يىگىت بولسا، قىزنى مۇلايىملىق بىلەن ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ھەسەن شاھقا قاراپ:

— بۇگۈنكى چۈشۈمنىڭ بېشارەت بېرىشىچە موڭغۇللار ئەمدى بۇ يۇرتقا قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، — دەپتۇ.

ھەسەن شاھ يىگىتكە ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇنى مەھكەم قۇ- چاقلاپتۇ ـ دە، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— ئوغلۇم، بۇ سېنىڭ باتۇرلۇقىڭنىڭ نەتىجىسى، — دەپتۇ.

شۇ ئەسنادا ئارقىدىكى كىشىلەر تەۋرىنىپ قاپتۇ، ھەممە ھەيران بولغان ھالدا ئارقىسىغا قارىغۇدەك بولسا، شەمسى شاھ بىلەن ئۇنىڭ ۋەزىرى نەچچە مىڭلىغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ھەسەن شاھنىڭ موڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىشكە يېتىپ كەلگەنىكەن. توغلۇق قوشۇن ئالدىدىكى دادىسىنى كۆرۈپ، «ئاتا !» دەپ توۋلىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپتۇ. شەمسى شاھمۇ «بالام !» دېگىنىچە ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، توغلۇقنى باغرىغا بېسىپتۇ. كۆزلىرىدىن ئاققان خۇشاللىق ياشلىرى ئاتا ـ بالىنىڭ جۇدالىقتا سارغاي- غان يۈزلىرىنى شەبنەم يۇغان بىر جۈپ چۈغلۇقتەك ياشنىتى- ۋېتىپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا شاھلار شاھزادىنىڭ قولى دەپ تونۇپ، ھەتتا «شاھزادە»نىڭ ئوت ـ قۇيرۇقلۇق قىلىشى بىلەن ئۆل- تۇرۇپ تاشلاشقا تاس قالغان بۇ يىگىتنىڭ ئەمدىلىكتە شەمسى

شاھنىڭ ئوغلى بولۇپ چىققانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ھەسەن شاھ شەمسى شاھقا ئۆزى بىلىدىغان تۇغلۇققا ئالاقىدار ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ، قانداقلارچە شاھزادىنىڭ ھەيدەرنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. بۇنى چۈشەنگەن شەمسى شاھنىڭ ۋەزىرى ئوغلى ھەيدەرنى قولىدىن يېتىلىگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھەيدەر ئەسلىدە قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا دوقۇرۇشۇپ قالغانىكەن.

— ھەممىنى قىلغان مانا مۇشۇ، — دەپتۇ ۋەزىر ئوغلىنى سىلكىشلىگىنىچە غەزەپلىنىپ، — مانا مۇشۇنداق قارا نىيەتكە ئاتا بولغىنىمغا خىجىلمەن، شۇڭا بۇنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان بارلىق ئۇقۇشماسلىقلارنى مۇشۇنىڭ قېنى ئارقىلىق يۇيۇپ تاشلاش ئۈچۈن بۇنى سىلەرنىڭ قىلىچىڭلارنىڭ ئاستىغا تاشلايمەن.

ۋەزىر شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئوغلىنى خۇددى كۈچۈكنى قاماللىغاندەك قامالاپ، ئاكا - ئۇكا شاھلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ، ھەيدەر ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي تىترىگىنىچە يېتىپ قاپتۇ. شاھزادە تۇغلۇق دادىسىنىڭ قوچىقىدىن ئاجراپ ھەيدەرنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، كىيىمىدىكى توپا - چاڭلارنى قېقىپ تۇرۇپ:

— مەن ئۆز مەردانىلىكىم بىلەن ساڭا قىلغان قەسىمىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتىم، لېكىن سەن نامەردلىكىڭدىن ساڭا بەرگەن كىيىمىمنىمۇ ئۆڭلاپ كىيەلمىدىڭ. شۇنداقتىمۇ مەن سېنىڭ مېنى بىر نۆۋەت ئۆلتۈرۈش نىيىتىڭدىن يېنىپ، مېنى ساقلاپ قالغانلىقىڭ ئۈچۈن سېنىمۇ بۇ نۆۋەت ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالماقچىمەن. ئەمىسە سەن ئازاد، مەلىكە بىلەن مۇراد - مەقسىتىڭگە يەت، — دەپتۇ.

مەلىكە بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپتۇ:

— مەن ھەقىقىي شاھزادىگە تېگىشىم كېرەك، ئاتا، مېنى ئۇنىڭغا زورلىماڭ، — دەپتۇ.

ھەيدەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئېگەرلىنىك ئاتلارنىڭ بىرىگە مىنىپتۇ - دە، ئۇقتەك چاپقىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن ئات چېپىپ كەتكەن كىشىلەر ئۇنىڭ دەريا سۈيى چەتكە ئۇرۇپ چىقىرىۋەتكەن جەسىتىگە يولۇقۇپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئىچ ئاغرىتىپ قويماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن شاھنىڭ ئوردىسىدا يەنە قىرىق كېچە - كۈندۈزلۈك توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، شاھزادە تۇغلۇق بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ.



# بۆرە قىز

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. يېشى يەت-
مىشتىن ھالقىغان، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان بۇ بوۋاي بىر-
دەم تىنىم تاپمايدىكەن. ئۇنىڭ مال - دۇنياسى ناھايىتى كۆپ
بولۇپ، قوي، كالا، يىلقا - قولۇنلىرى ھېسابسىز ئىكەن.

بىر يىلى قىشتا ناھايىتى قاتتىق جۇت بولۇپ، مال -
چارۋا يېگۈدەك ھېچ نەرسە قالماپتۇ، شۇڭا يىلقىچىلار يىل-
قىلارنى يىراق قىشلاقلارغا ھەيدەپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىلقىلارنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى يېتىپتۇ،
لېكىن ئۇلارنىڭ دېرىكى بولماپتۇ. بوۋاي يىلقىچىلارنى ئىزدەپ
تېپىپ يىلقىلىرىنىڭ دېرىكىنى ئېلىشقا ئۆزىنىڭ يالغۇز
ئوغلىغا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىنى ھەمراھ قىلىپ يولغا
ساپتۇ. يىگىت ھەمراھلىرى بىلەن يىلقىلارنى خېلى ئۇزاق
ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول
يېنىشقا كۆڭلى ئۇنىماپتۇ. بىر چاغدا يىگىت ئېگىز بىر تاغ-
نىڭ كەينىگە ئۆتۈپتۇ. ئۇ يەردە ئوت - چۆپلەر شۇنچىلىك
كۆپ ۋە قويۇق ئۆسكەنىكەن. قارىسا ئوتلاقتا سېمىزلىكى
دۇمبىسىدە تۇخۇم توختىغۇدەك سانسىز يىلقىلار قۇلۇنلىرىنى
ئەگەشتۈرۈپ يۈرگۈدەك. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا بىر بۆرە
پەيدا بولۇپ قاپتۇ - دە، چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە بىرلا

سەكرەپ، بىر قولونى چىشلەپ ئېلىپ قېچىپتۇ. بوۋاينىڭ ئوغلى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، بىر چاغدا بۆرىگە يېتىشىپ-تۇ ۋە ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ، تايىقىنى كۆتۈرگەنىكەن، بۆرە يىگىتكە قاراپ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش:

— مېنى ئۇرما ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

يىگىت كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بۆرە بولسا ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت-نىڭ دوستى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— بۆرىنى نېمىشقا ئۇرۇپ يىقىتمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ خۇددى ئادەمگە ئوخشاش زۇۋانغا كېلىپ، ئۆزىنى ئۇرماسلىقىمنى ئېيتىپ يالۋۇردى، — دەپتۇ يىگىت.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەن، بۆرىنىڭ ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىگىنىنى كىم ئاڭلاپتىكەن؟ — دەپتۇ دوستى.

ئۇلار يەنە بۆرىنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئاتلىرى ھېرىپ، دوستى خېلى ئارقىدا قاپتۇ، بوۋاينىڭ ئوغلى بولسا بۆرىگە يېتىشىپتۇ. يىگىت بۆرىنى ئۇراي دەپ تايىقىنى كۆتۈرۈپتى-كەن، بۆرە يەنە:

— مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش نىيىتىڭدىن يانغىن. مەن ساڭا چىرايلىق، ساھىبجامال كىچىك سىڭلىمنى بېرەي، بۇ دۇنيادا سېنى بارلىق مۇراد - مەقسەتلىرىڭگە يەتكۈزەي ! — دەپ يېلىنىپتۇ.

يىگىت يەنە ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بۆرە كېتىپ قاپ-تۇ. دوستى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن:

— سەن نېمىشقا بۆرىنى ئۆلتۈرمەيسەن؟ ئەگەر سېنىڭ بۆرىنى ئۆلتۈرگۈڭ كەلمىسە، ئاتتىن چۈش، مەن بۇ ئاتنى مىنىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ تېرىسىنى شىلىپ كېلەي، — دەپ كايىشقا باشلاپتۇ.

— بۇ قېتىم بۆرىنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

ئۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن يەنە قوغلاپ مېڭىپتۇ. قوغلاپ - قوغلاپ بىر چاغدا ئۇنىڭغا يېتىشىپتۇ. بۆرە كەينىگە قاراپتۇ ۋە:

— ئەي ئادەمزات، كەينىمدىن قورقماي ماڭ. مەن ساڭا چىرايلىق، ئەقىللىق سىڭلىمنى بېرىمەن، ئۆلگۈچە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت دوستى يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆيگە قايتىپ كەتكىن، مەن بېشىمغا كەلگىنىد- نى كۆرۈپ تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزۈمنى ئاتماقچىمەن. ئانام ھەرگىز غەم قىلمىسۇن، مەن چوقۇم قايتىپ بارىمەن، — دەپ ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىتنىڭ دوستى:

— ھەي دوستۇم، سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ ئىنسان با- لىسىنىڭ بۆرىدىن خوتۇن ئالغانلىقىنى نەدە كۆرۈۋېدىڭ؟ — دەپ ھەيران قاپتۇ.

— مەن بۇ ئىشتا پېشانەمگە يېزىلغاننى كۆرمەكچىمەن. ئاتامغا مېنى توپتوغرا بىر ئايدا كېلىدۇ، دەپ ئېيتىپ قو- يارسەن، — دەپتۇ يىگىت.

شۇنىڭ بىلەن يىگىتنىڭ دوستى كەينىگە يېنىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

يىگىت بۆرىگە ئەگىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار تاغۇ تاشلاردىن ئېشىپتۇ، دەريالارنى كېچىپتۇ. ئاخىر بىر يەرگە كەلگەندە بۆرە بىر دۆڭنى ئايلىنىپ ئۆتۈپتۇ - دە، يوغان بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆڭكۈردىن بىر سېرىق چىشى بۆرە چىقىپتۇ. ئۇ يىگىتنىڭ قولتۇقىدىن يۆ- لەپ، ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى بىلەن ئەگەشتۈرۈپ ئۆڭكۈرگە باشلاپ كىرىپتۇ.

يىگىت بىرىنچى ئىندا بۆرە بالىلىرىنى ئۇچرىتىپتۇ. بۆ-

رە بالىلىرى يىگىتنى كۆرۈپ خىرىس قىلىپ ئېتىلغانىكەن، سېرىق بۆرە ئۇلارغا قاراپ خىرقىراپ بىر نېمە دەپتۇ. بۆرە كۇچۇكلىرى دەرھال جىمىپ، ئۆز ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. ئىك-كىنچى ئىندا كۆك يالىلىق قېرى بىر ئەركەك بۆرە بىلەن كۇل رەڭ قېرى چىشى بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، يىگىتنى توسۇپتۇ.

— بۇ سىلەرنىڭ قىزنىڭلارنىڭ لايىقى. بىزنى قىشتىن سالامەت چىقارغان مۇشۇ يىگىتنىڭ ئاتلىرى ئىدى، — دەپتۇ ئۇنى تونۇشتۇرۇپ سېرىق بۆرە.

قېرى بۆرىلەر ئۇنچىقماستىن كەينىگە يېنىشىپتۇ. سېرىق بۆرە يىگىتنى ئەگەشتۇرۇپ ئۇچىنچى ئىنغا كىرىپتۇ. بۇ يەردە ھەرخىل يېمەك - ئىچمەكلەر تەييار تۇرغۇدەك. سېرىق بۆرە:

— قېنى، مەرھەمەت، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ، بۇلاردىن خالىغانچە يېگىن ! — دەپتۇ يىگىتكە.

كەچقۇرۇنلۇقى چىرايلىق بىر ئاق چىشى بۆرىنى باشلاپ كىرىپتۇ ۋە يىگىتكە قاراپ:

— مانا سېنىڭ لايىقىڭ، — دەپتۇ - دە، ئۆزى چىقىپ كېتىپتۇ. ئاق بۆرە دەرھال ئۇستىدىكى بۆرە تېرىسىنى يېشىپ تاشلىغانىكەن، ئۇ ئاي دېسە، ئاغزى بار، كۈن دېسە، كۆزى بار، شۇنداق چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپتۇ ۋە يىگىتكە تە-بەسسۇم بىلەن نەزەر سېپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۆرە قىز ھەر كۈنى يىگىتنىڭ يېنىغا كىرىپ، تېرىسىنى يېشىپ تاشلاپ قىزغا ئايلىنىدىكەن - دە، ئىككىسى كۆڭۈل ئېچىشىدىكەن، مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىشىدىكەن. ئەتىگەنلىكى قىز يەنە بۆرىگە ئايلىنىپ، بۆرىلەر بىلەن بىللە نەلەرگىدۇ كېتىدىكەن. مۇشۇ يوسۇندا بىر ئاي بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يىگىتنىڭ ئۆز ئۆيىگە قايتىدىغان ۋاقتى بوپتۇ. ئانا بۆرە يىگىت بىلەن

بۆرە قىزنى ئۇزاتقاندا، كىچىككىنە بىر بىلەي تاشنى يىگىتكە بېرىپتۇ ۋە:

— بۇ بىلەي تاشنى يېنىڭدىن ئايرىما. بېشىڭغا كۈن چۈشسە بۇنى يەرگە تاشلاپ، دەسسەپ تىلىكىڭنى ئىزھار قىلساڭ، خالىغان نەرسەڭ تەييار بولىدۇ، — دەپتۇ ۋە يەنە، — خوتۇنۇڭنىڭ بۆرە تېرىسىنى قىرىق كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ تاشلىۋەتمە، بولمىسا ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىسەن، — دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

يىگىت ئاق بۆرىنى ئەگەشتۇرۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار كەچقۇرۇنلۇقى بىر قونالغۇغا كەپتۇ، ئۇ ھېلىقى بىلەي تاشنى يەرگە تاشلاپ دەسسىگەنىكەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئاق ئۆي پەيدا بوپتۇ، ئىچىگە كىرسە تۈرلۈك - تۈمەن تائاملار تەييار تۇرغۇدەك. ئۇلار بۇ غىزالاردىن تويغۇچە يەپ، ئۇيقۇسىنى قانغۇچە ئۇخلاپ، ئەتىسى يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ.

يىگىت ئۆيىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يېتىلەپ كەلگەن ئاق بۆرىنى ئىشىك ئالدىغا باغلاپ قويۇپتۇ ۋە ئۆزى ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇن ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانىسى:

— كېلىن قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەنە، ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، — دەپتۇ يىگىت.

پۈتۈن مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك، ياش - قېرىلار «كېلىن كۆرىمىز» دەپ كېلىشىپتۇ. ئۇلار ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، باغلاقلىق تۇرغان بىر ئاق بۆرىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار نېمە دېيىشىنى بىلمەي قايتىپ كېتىشىپتۇ. ئاق بۆرە كۈندۈزلىرى ئىشىك تۈۋىدە ياتىدىكەن، كېچىسى چىراغ يېقىلىشى بىلەن بۆرە تېرىسىنى سېلىۋېتىپ، ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ، يىگىتكە قاراپ شوخ كۈلكىسى

بىلەن نازلىنىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە تەلمۈرۈپ ھەشقىپىچەك- تەك چىرمىشىدىكەن...



يىگىت كۆپ ۋاقىتى- نى خوتۇنى بىلەن ئۆت- كۈزۈپ، تالا - تۈزگە كەمدىن - كەم چىقىدى- غان بولۇپ قاپتۇ. مە- ھەللىدىكىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

— بۇنىڭ بۆرىگە ئۆيلىنىۋالغانلىقىنى قا- رىمامدىغان، بۆرە دېگەن يىرتقۇچ تۇرسا، ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ياۋايىلىشىپ قالدى، — دەپ كۈلۈپتۇ. بەزىلەر:

— ھەي بۆرىنىڭ ئېرى، — دېسە، يەنە بەزىلەر:

— يول بولسۇن، بۆرە يىگىت ! — دېيىشىدىكەن.

كىشىلەرنىڭ مۇنداق زاڭلىق قىلىشلىرىنى ئاڭلاش يى- گىتنى قاتتىق ئازابلاپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇ تالا - تۈزگە پۈتۈنلەي چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر ئۇنىڭ تاقىتى قالماپتۇ، شۇڭا ئوتتۇز يەتتە كۈن بولغان كېچىسى، خوتۇنى ئۇخلاپ قالغان پەيتتە تېرىنى ئېلىپ ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. بۇرنىغا تېرە ھىدى كىرگەن بۆرە قىز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇ- رۇپتۇ - دە، ئەھۋالنى بىلىپ ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپتۇ ۋە:

— ۋاي ئىسىت ! يامان قىلدىڭىز، يەنە ئۈچ كۈن تاقەت قىلسىڭىز بولماسمىدى؟ ئانام ئېيتقان سۆزنى ئۇنتۇپ قالدى-

ئىمزمۇ؟ — دەپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە يىگىت بىلەن كېلىن ئىككىسى تالاغا چىقىپتۇ. مۇنداق پەرى سۈپەت چىرايلىق چوكاننى كۆرگەن كىشىلەر ھەيرانۇ ھەس بولۇشۇپ، ئاغزىنى جامدەك ئېچىشىپ قاراپلا قاپتۇ.

يىگىتنىڭ ئاتىسى بۇ ئەھۋالدىن خۇشال بولۇپ، ئەل ـ يۇرتنى چاقىرىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

«بوۋاينىڭ ئوغلى ئاجايىپ گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ...» دېگەن سۆز پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپتۇ، بۇ سۆزلەر ئاخىر پادىشاھقا ئاڭلىنىپتۇ. ياش ئايالنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆزىنى توختىتالماي نۆكەرلىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.

ئۆيدە كېلىندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىكەن. دەرۋازىنىڭ قاتتىق ئۇرۇلغان ئاۋازىدىن بىر پېشكەللىكنىڭ يۈز بېرىشىنى سەزگەن ياش كېلىن ئىشىك ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھ ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپتۇ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ، بېشى ئايلىنىپ، يىقىلىپ كېتىشكە تاس قاپتۇ. شاھنىڭ ھالىنى پەملىگەن كېلىن:

— مېنىڭدەك بىر ئاددىي ئايالدىن نېمانچىلا قورقۇپ كېتىلا؟ — دەپ كۈلۈپتۇ.

شاھ بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرالماپتۇ ۋە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوردىغا قايتىپ كېتىپتۇ. بىراق، شۇ كۈندىن باشلاپ شۇ نازىنىندىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، ئۇنى كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى قىلمايدىغان، باشقا ئىشقا قولى بارمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر بوۋاينىڭ كېلىنىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ بىر ھىيلىگەر مومايىنى

تېپىپ ئۇنىڭغا مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ.

— ئۇ ئايالنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇۋاينىڭ ئوغلىنى كۆزدىن يوقىتىش لازىم. ئېيتىمشلارغا قارىغاندا، ئۇلۇغ بوۋىلىرىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئۆز ۋاقتىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۇپەيلى ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋەتكەن. سىلى ئۇ يىگىتنى شۇ ئالتۇننى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇسىلا. يىگىت ئۇنى ئىزدەپ بارىدۇ، ئاخىر ئۆزى ھالاك بولىدۇ، — دەپتۇ دەللە.

ئەتىسى شاھ يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى دېڭىز تېگىدىن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىتنىڭ بېشى قېتىپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە شاھ تاپشۇرغان بۇ قىيىن ئىش توغرىسىدا خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— قايغۇرماڭ، — دەپتۇ بۆرە قىز ئېرىگە تەسەللى بېرىپ، — بۇنىڭ ئامالى بار، شاھتىن ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراڭ، خۇدا خالىسا ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق ئاياغلىشىدۇ.

ئايال ئېرىگە بازاردىن ھەرخىل يىپەك ۋە زەر يىپلارنى ئەكەلدۈرۈپ كەشتە تىكىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بىر كېچە - كۈندۈزدە شۇنداق چىرايلىق، نۇرلۇق بىر گۈل تىكىپتۇكى، ھەتتا كېچىسى ئۆينىڭ ئىچى يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بۇ گۈلنى ئېرىگە بېرىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇ گۈلنى تورغا باغلاپ، دېڭىزغا تاشلاڭ. بۇنىڭغا ئاددىي بېلىق كەلمەيدۇ، چۈنكى بۇ گۈلنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. پەقەت بېلىق پادىشاھىلا كېلىدۇ. شاھ بېلىق گۈلنى چىشلىشى بىلەنلا ئۇنى قىرغاققا تارتىپ چىقىرىڭ. سىز ئۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى چۆكتۈرۈۋەتكەن ئالتۇننى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ. ئۇ بېلىق پادىشاھ بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭ، گۆرۈ ئۈچۈن ئۇنىڭ قانىتىدىن

ئازراق يولۇۋېلىپ، ئۇنى تۆش يانچۇقىڭىزغا سېلىۋېلىڭ، — دەپتۇ.

يىگىت دېڭىز ياقىسىغا بېرىپتۇ ۋە ھېلىقى گۈلنى تورغا باغلاپ، دېڭىزغا تاشلاپ كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. شاھ بېلىق ئۇ-زۇنغىچە كەلمەپتۇ. بىر چاغلاردا كۆك دېڭىز نۇرلىنىپ، كۆ-پۈك چېچىپ دولقۇنلىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا بىر بېلىق گۈل-گە يېقىن كەپتۇ - دە، گۈلنى كاپپىدا چىشلەيمەن، دەپ تور-غا چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىت تورنى تارتىۋېلىپ ھېلىقى بېلىقنى قىرغاققا چىقىرىپتۇ. بۇ بېلىق يىگىتنىڭ خوتۇنى ئېيتقان بېلىق شاھ ئىكەن. بېلىق شاھ:

— مەن ساڭا پۈتۈن ئۆمرۈڭگە يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنيا بېرىمەن، مۇراد - مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن، مېنى قويۇۋەتكىن ! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئەگەر سەن دېڭىزنىڭ تەكتىدىن ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى چىقىرىپ بەرسەڭ قويۇۋېتىمەن، بولمىسا ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن، — دەپتۇ يىگىت.



بېلىق پادىشاھ ئالدى بىلەن ئالتۇننىڭ نەدىلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ قانىتىدىن بىر تالنى يۇلۇۋېلىپ، ئاندىن دېڭىزغا قويۇۋېتىپتۇ.

بېلىق شاھ دېڭىز ئاستىغا چۈشۈپ ھەممە بېلىقلارنى يىغىپتۇ. ئۇ دېڭىزنىڭ ئاستىدا ئات بېشىچىلىك بىر پارچە ئالتۇن بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، كىم بىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ، لېكىن ھېچقايسى بېلىق بۇنى بىلمەيدىكەن.

— بېلىقلارنىڭ ھەممىسى كەلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىق شاھ.

— پەقەت بەش يۈز ياشلىق بىر قېرى بېلىقلا كەلمىدى، — دەپتۇ خىزمەتكار بېلىق. بېلىق شاھ ئۇنىمۇ چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

مۇلازىم بېلىق ھېلىقى قېرى بېلىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— سىزنى شاھ چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. قېرى بېلىق بولسا، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بېلىق شاھنىڭ ياساۋۇللىرى قېرى بېلىقنى تۇتۇپ، زورلاپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدىلا شاھ ئىزدەۋاتقان ھېلىقى ئات بېشىچىلىك ئالتۇننى كۆرۈپ قاپتۇ. قېرى بېلىق ئەنە شۇ ئالتۇننى ئاستىغا بېسىپ ياتقاچقا، شۇنىڭ قوۋۇتىدىن بەش يۈز يىل ياشىغانىكەن.

مۇلازىم بېلىقلار ئالتۇننى ئەكېتىشىگە قېرى بېلىق جان تەسلىم قىپتۇ.

بېلىق شاھ ۋەدىسى بويىچە ئالتۇننى يىگىتكە چىقىرىپ بېرىپتۇ، يىگىتمۇ ئۇنىڭ قانىتىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. بېلىق شاھ يىگىت بىلەن خوشلىشىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

يىگىت ئالتۇننى ئېلىپ شاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ. يىگىت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پادىشاھ ھېلىقى مومايىنى

يەنە چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— يىگىت ئالتۇننى تېپىپتۇ، سەن ئۇنى شۇ ياقتا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ دېمىگەنمىدىڭ؟ مېنى ئەخمەق قىلغىنىڭ ئۈچۈن كاللاڭنى ئالىمەن ! — دەپ كايىپتۇ.

— قۇدرەتلىك شاھىم، مېنى كەچۈرسىلە، — دەپ يىغلاپتۇ موماي، — يەنە بىر مەسلىھەتىم بار، ئاڭلاپ باقسىلا. ئاتلىرىنىڭ بىر توپ يىلقىسى يوقالغانىدى، ھازىرغىچە ھېچكىم بۇ يىلقىلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بۇ يىگىتنى شۇ يىلقىلارنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇسىلا. ئۇ يىلقىلارنى تاپقان ھالەتتىمۇ، ھەيدەپ بۇ يەرگە ئەكېلەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ياۋايىلىشىپ كەتتى.

شاھ يىگىتنى شۇ كۈنلا چاقىرتىپ يىتكەن يىلقىلارنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. يىگىت ئۆيگە كېلىپ، شاھنىڭ يېڭى ئەمرىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىتنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— مانا بۇ تاياقنى ئېلىپ «بىسمىللا» دەپ يولغا چىقىڭ. سىز كۈنچىقىشقا قاراپ تۇرۇپ، «يا، شاھى مەردان !» دەپ توۋلىسىڭىز، بۇ تاياق سىزنى باشلاپ ماڭىدۇ ۋە يىلقىلار ئوتلاپ يۈرگەن ئورۇنغا ئاپىرىدۇ. ئۇ يىلقىلارنىڭ ئارىسىدا بىر جەرەن ئايغىر بار، سىز ئۇنىڭغا بىرلا سەكرەپ مىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يالىنى تۇتۇۋېلىپ، تاياق بىلەن راسا ئۇرۇڭ، ھەرگىز كۆزىگە ئۇرۇپ سالماڭ. ئايغىر ئاخىر سىزگە بويسۇنىدۇ. شۇنىڭدىن



كېيىن ئۇنى راسا چاپتۇرۇپ، توپتوغرا شاھنىڭ سارىيىغا بې-رىك، باشقا يىلقىلارمۇ سىزگە ئەگىشىپ بارىدۇ.

يىگىت خوتۇنىنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە ئىشنى پۈتكۈزۈپ، يىلقىلارنى شاھ سارىيىغا ئەكېلىپتۇ. ياۋايىلىشىپ كەتكەن ئاتلار شاھ سارىيىنى ئۇيۇر - تويۇر قىلىپ، چاڭ - توزانغا كۆمۈۋېتىپتۇ. شاھ نېمە قىلىشنى بىلمەي قاپتۇ. ئاخىر ئۇ بۇ ئاتلارنى كەلگەن جايىغا ھەيدىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، مومايىنى جازالىماقچى بوپتۇ. موماي شاھ ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ:

— شاھىم، رەھىم قىلسىلا، يىگىتنى يەنە بىر ئىشقا بۇيرۇپ باقسىلا، ئەگەر ئۇ بۇ ۋەزىپىنىمۇ ئورۇنداپ كەلگۈدەك بولسا، ئاندىن كاللامنى ئالسىلامۇ رازىمەن.

شاھ ماقۇل بوپتۇ. موماي ئۇنىڭغا:

— ئاتىلىرى ۋاپات بولۇپ يەتتە نەزىرسىنى بەرگەندە، بىر قارا قوچقار سويۇلغانىدى. سىلى يىگىتكە ئەنە شۇ قارا قوچقارنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇسىلا، — دەپتۇ. شاھ يىگىتنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ يەتتە نەزىرسىگە سويۇلغان قارا قوچقارنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ قايغۇرۇپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا:

— ئەمدى مەن تۈگىشىدىغان ئوخشايمەن. پادىشاھ ئاتىسىنىڭ نەزىرسىگە سويۇلۇپ ئاللىقاچان يەپ تۈگىگەن قارا قوچقارنى تېپىپ كېلىشىمنى بۇيرۇدى، — دەپتۇ.

— ئەگەر سىز ئانامنىڭ گېپىگە كىرىپ، بۆرە تېرەمنى كۆيدۈرمەي ئۈچ كۈن تاقەت قىلىپ تۇرغان بولسىڭىز، بېشىمىزغا بۇنچىۋالا كۈلپەتلەر كەلمەيتتى. ئەمدى سىزگە ياردەم قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئانامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراڭ، ئاندىن ئانامنىڭ دېگىنى بويىچە

ئىش قىلىڭ، — دەپتۇ خوتۇنى.

يىگىت شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۈچ ئاي مۆھلەت سوراپ-تۇ. شاھ رازى بولۇپ، يەنە ئۈچ ئاي قوشۇپ ئالتە ئاي مۆھ-لەت بېرىپتۇ. يىگىت ئەتىسى ئەتىگەندە ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىش ئالدىدا، خوتۇنى ئۇنىڭغا:

— سىز ئۇ يەرگە بېرىپ كەلگۈچە، شاھ مېنى تىنچ قويمايدۇ، شۇڭا سىز ھېلىقى بىلەي تاشنى يەرگە تاشلاپ تىد-لىكىڭىزنى بايان ئەيلەڭ، بىر تۈمۈر ئۆي پەيدا بولسۇن، مېنى شۇ تۈمۈر ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە يوشۇرۇپ قويۇڭ، سىزمۇ خاتىرجەم بېرىپ كېلىڭ، — دەپتۇ.

يىگىت بىلەي تاشنى يەرگە تاشلاپ، بىر - ئىككى قېتىم دەسسەپ چەيلىگەنىكەن، يوغان بىر تۈمۈر ئۆي پەيدا بوپتۇ. يىگىت بۇ ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە خوتۇنىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن ئۆزى يولغا راۋان بوپتۇ.

يىگىت يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، بۆرىلەرنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ - دە، قېرى بۆرىگە ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قېرى بۆرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئەگەر سەن سۆزۈمگە كىرىپ، قىرىق كۈن تاقەت قىلغان بولساڭ، بۇ كۈنلەر بېشىڭغا كەلمەيتتى. سەن ئەمدى پادىشاھنىڭ ئاتىسى كۆمۈلگەن مازارغا بېرىپ، ئۇنىڭ قەبرى-سىنى ئاچقىن، ئاندىن ئۇنىڭ ھەممە سۆڭەكلىرىنى يىغىپ، بۆشۈككە سېلىپ قاتتىق تەۋرەت، — دەپتۇ.

يىگىت مازارغا بېرىپ قەبرىنى تېپىپتۇ. ئۇ گۆرنى ئې-چىپ، ھەممە ئۇستىخانلارنى يىغىپ بۆشۈككە سېلىپ تەۋرى-تىشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا شاھنىڭ ئاتىسىنىڭ ئەرۋاھى ناھا-يىتى بوش ئاۋازدا نالە قىلىپ:

— مېنى نېمىشقا تىنچ ياتقىلى قويمايسەن؟ ساڭا نېمە

لازىم؟ — دەپتۇ.

— سىنىڭ ئوغلۇڭ مېنى تىنچ قويماي مېنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ، — دەپتۇ يىگىت.

— مېنىڭ ئوغلۇمغا نېمە كېرەك ئىكەن؟ — دەپتۇ شاھنىڭ ئاتىسىنىڭ ئەرۋاھى.

— سېنىڭ يەتتە نەزىرىڭگە بىر قارا قوچقار سويۇلغانىكەن، ئوغلۇڭ شۇ قوچقارنى سەندىن سوراپ ئەكېلىشنى بۇيرۇدى، — دەپتۇ يىگىت.

— بۇ قانداق گەپ، مەن ئۇچۇن بىر قوچقارغا چىدىماپتىمۇ؟ — دەپتۇ ئەرۋاھ غەزەپلىنىپ ۋە قوچقارنى گۆردىن ئىرغىتىپ تاشلاپ بېرىپتۇ. يىگىت قارىغۇدەك بولسا، ئۇنىڭ بىر پۇتى يوق تۇرغۇدەك.

— بىر پۇتى يوق ئىكەن دېسە، ئوغلۇڭغا نېمە دەيمەن؟ — دەپتۇ يىگىت.

— مېنىڭ بېخىل ئوغلۇم مېنىڭ نەزىرىمگە مۇشۇ پېتى ئىشلەتكەن. بىر سان گۆشنى ئوغلۇم خوتۇنى بىلەن يېگەن. يوقال ئەمدى، مېنى ياتقىلى قوي، — دەپتۇ ئەرۋاھ.

يىگىت ئۆيىگە قايتىپ بېرىپتۇ. قارىسا، شاھ تۆمۈر ئۆيىنىڭ ئۇستۇنكى بىر قەۋىتىنى بۇزدۇرۇپ بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتىگە تېگىش قىلغانىكەن.

يىگىت قارا قوچقارنى يېتىلەپ، مۇشۇ ۋەقەنىڭ ئۇستىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە ئاتىسىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى شاھقا دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ قاتتىق نومۇس قىپتۇ ـ دە، يىگىتنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم ياشىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ.

يىگىت ئۆزىنىڭ خوتۇنى ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك كۈن كەچۈرۈپتۇ.

# کیپک خانش

ئالەم يېڭىدىن بىنا بولغان، ئادەم ئەمدىلەتىن ئەقىل تېپىپ ئادەم بولغان ناھايىتى يىراق بىر زاماندا، ھازىرقىلار ئۇچۇن دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكى ئىكەنلىكى سىر بولغان بىر ماكاندا بىر پادىشاھ ياشىغانىكەن. كىشىلەر ئۇنى ئادىل شاھ دېيىشىدىكەن. ئادىل پادىشاھ قىرىق ياشقا كىرگەندە، تەڭرىم ئۇنىڭ تەلەپ - ئىلتىجالىرىنى راۋا قىلىپ بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىپتۇ. پادىشاھ يىگىرمە يىللىق تىلەك - ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، پۈتۈن يۇرت خەلقىگە قىرىق كۈن توي قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئالتۇن - كۈمۈشكە تولغان خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، ئۇستى - ئۇستىلەپ خەير - ساخاۋەتلەرنى قىپتۇ. غېرىب - مىسكىن، يېتىم - ئاجىزلارنىڭ بېشىدىن جاۋاھىراتلارنى چاچقۇ قىلىپ چېچىپتۇ. خالايىق پادىشاھنىڭ بۇ ياخشى مەرھەمىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا چەكسىز ئېھتىرام بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە پادىشاھنىڭ يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلىغا ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت - دۆلەت تىلەپ ئىبادەتلەر قىپتۇ. قىرىق كۈن شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇكى، پۈتۈن شەھەردە كۈلمىگەن، ناخشا ئېيتمىغان، ئۇسسۇل ئوينىمىغان بىرمۇ ئادەم قالماپتۇ. كىم نېمىنى يېگۈسى كەلسە

شۇنى يەپتۇ، نېمىنى كىيگۈسى كەلسە شۇنى كىيىپتۇ. قىس-قىسى، ھېچكىم ھېچكىمگە چەك قويماپتۇ. ئادەملەر بىراقلا جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك، ئۆزلىرىنى پەرىشتىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىپتۇ. تويىنىڭ قىرىقىنچى كۈنى پادى-شاھ ئوغلىغا ئىسىم قويماقچى بوپتۇ. ئوغلىغا زادى نېمىدەپ ئىسىم قويۇش ھەققىدە كۆپ تالاش - تارتىش بوپتۇ، ھەركىم ئۆز كۆڭلىدىكى ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ-تۇ، ئۇنداق دەپ، مۇنداق دەپ زادى بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. شۇ چاغدا بۇ يۇرتتىكى ھەممە كىشى ھۆرمەتلەيدىغان دانىشمەن بوۋاي مۇنداق دەپتۇ:

— شاھىمىز قىرىق ياشقا كىرگەندە، ئىگەم بىر مۇبارەك ئوغۇل ئاتا قىلدى. بۇ خاسىيەتلىك ئوغۇل يالغۇز ئۇلۇغ شا-ھىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە خۇشاللىق ئەكەلدى. قىرىق كۈندىن بېرى خەلقلەر ئالەم ئاپىرىدە بولغان-دىن بۇيان كۆرمىگەن ياخشى كۈنلەرنى كۆردى، غېرىبلار باي، دەرۋىشلەر غەني بولدى. ھەممە ئادەم خۇددى ئۆزىنى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىشماقتا. شۈكۈر، بۇ سۆيۈملۈك شاھزادە، شەۋكەتلىك تاجۇ تەختىمىزنىڭ ۋارىسى بىزگە بې-ھىشتەك بەخت ئاتا قىلدى، شۇڭا بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى جەن-نەت ئاتا قىلغۇچى دېگەن مەنىدە بېھىشئاتا قويساق.

بۇ تەكلىپ پادىشاھ، خانىش، بارلىق ۋەزىر - ئەمىر ھەمدە جىمىكى خالايىققا ماقۇل كېلىپ، شاھزادىگە بېھىشئاتا دەپ ئىسىم قويۇلۇپتۇ. مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىپ، كىشىلەر خۇرجۇن - خۇرجۇن ئالتۇن - كۈمۈش، تىللا، تەڭ-گىلەرنى يۈدۈشۈپ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ.

يىللار يىللارغا ئورۇن بوشىتىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچ-قۇچە ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شاھزادە بېھىشئاتا

يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئايدەك چىرايى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ. ئەقلى ئا-دەمنى لال قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆتكۈر بولۇپ يېتىلىپتۇ. پا-دىشاھ تەرەپ - تەرەپكە پەرمانلار چۈشۈرۈپ، دانىشمەن - ئا-لىملارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، شاھزادىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپتۇ. دانىشمەن ئۇستازلار شاھزادىگە پۈتۈن دىلىدىن بېرىلىپ تەلىم بېرىپتۇ. يىللار ئۆتۈپ شاھزادە ئون بەش ياشقا توشۇپتۇ. ئۇستازلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆگەتكۇدەك ئىلمى قالماپتۇ. شاھزادە ئىلىم - ھېكمەتتە، ئەقىل - پاراسەتتە، جەڭ - ماھارەتتە كامالەتكە يېتىپتۇ. «ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز» دېگەندەك، شاھزادىنىڭ ھۆسنىگە يارىشا ئەقلى، ئەقلىگە يارىشا ھۆسنى بىر - بىرىگە يارىشىپ، ئۇنى غۇبارسىز پاك قاشتېشىدەك قىلىۋېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى شاھزادە پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ.



يىگىتلەر يولۋاس، يىلپىزلارنى ئوۋلاپتۇ، ھەر خىل قۇشلارنى تۇتۇپتۇ. شاھزادە ئوۋدا قۇرداشلىرىغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ جان ـ جانىۋارلارنى ئوۋلاپتۇ؛ كەڭ دالىنىڭ ھاۋاسى، رەڭمۇ رەڭ جانلىقلار، چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق شاھزادىنىڭ زېھنىنى تېخىمۇ ئېچىپتۇ. شاھزادە يىگىتلەر بىلەن شۇنداق خۇشال ـ خۇرام ئوۋ ئوۋلاپ كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئۇچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ تۈنەمەكچى بوپتۇ. يىگىتلەر گۇلخانلارنى يېقىپ، كېيىك گۆشلىرىدە كاۋاپلارنى پىشۇرۇپ، خۇشبۇي مەيلەرنى ئىچىپ، ئاي يورۇقىدا بەزمە قۇرۇپتۇ. يىگىتلەر شادلىق ئىچىدە بەزمىنى ۋايىغا يەتكۈزگەندىن كېيىن بىر ـ بىرلەپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شاھزادىمۇ يۇلتۇزلارنىڭ چىرايلىق جىمىرلاشلىرىغا قاراپ كۆزىنى يېرىم يۇمغان ھالدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شاھزادە چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ھېلىقى دەريا بويىدا ئۆزى يالغۇز تۇرارمىش، ئاي شۇنداق چىرايلىق نۇرلىنىپ ئالەمنى يورۇتارمىش، سۇزۇك سۇ تېگىدە ئالتۇنبېلىقلار ئويناپ يۈرەرمىش. شاھزادە ھەمراھلىرىم نەگە كەتكەندۇ دەپ، دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ يول ئاپتۇمىش، شۇ چاغدا سۇ يۈزىدە بىر گۈزەل ساھىبجامالنىڭ شولىسى كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە سەگەكلىنىشىپ ئەتراپقا قارىسا ھېچكىم يوقمىش، سۇغا قارىسا ھېلىقى گۈزەل سېيما بارغانچە جىلۋىلىنىپ، دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرارمىش. شاھزادىنىڭ يۈرىكىگە غايىبانە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، قوللىرىنى دەرياغا سۇنۇپ ساھىبجامالنى چاقىرارمىش، ئەمما گۈزەل سېيما كۈلۈپ قويۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەسمىش. شاھزادە تېخىمۇ بىتاقەت بولۇپ ئاسمانغا قارىسا، بۇ گۈزەل دىلرەبا ئاي ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرارمىش. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن چاچرىغان بىر

ئوت شاھزادىنىڭ باغرىغا تېگىپ، شاھزادە ھوشىدىن كېتىپ-
تۇمىش. كېيىن شاھزادە ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچسا،
ھېلىقى پەرىشتە خۇيلۇق گۈزەل جانان ئۆزىنىڭ بېشىنى
ئىللىق قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈز - كۆزلىرىنى سىلاپ ئول-
تۇرارمىش. شاھزادە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ:

— ئەي، گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق مەلىكەم، ئۆزىڭىز
ئاينىڭ قىزىمۇ ياكى كۈننىڭ قىزىمۇ؟ ئىنسانمۇ ياكى ھۆر -
غىلمانمۇ؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ
سوراپتۇمىش. مەلىكە ھېچبىر گەپ قىلماي تۇرارمىش.
شاھزادە كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، قىزنىڭ كىملى-
كىنى تەكرار سورارمىش، ئەمما قىز كۈلۈپلا قويۇپ جاۋاب
بەرمەسمىش. شاھزادە ياشلىرىنى توختىتالماي، قىزغا مۇھەب-
بەتلىك سۆزلەرنى قىپتۇمىش. مەلىكە دىلرەبا ئاخىردا:

— ئەي پاك دىل شاھزادەم، مەندىن ئارتۇق گەپ سورى-
ماڭ، باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، سەت بولىدۇ. دېگەنلىرىڭىز
راست بولسا، كېيىن بۇ يەرگە يالغۇز كېلىپ، مېنى مۇشۇ
دەريا بويىدىن ئىزدەڭ، — دەپتۇمىش - دە، كۆزدىن غايىب
بوپتۇمىش.

شاھزادە «مەلىكەم!» دېگىنىچە ۋارقىراپ ئويغىنىپتۇ.
يىگىتلەر چۆچۈشۈپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ نېمە بولغان-
لىقىنى سورىشىپتۇ، ئەمما شاھزادە «ھېچنېمە بولمىدى» دەپلا
باشقا گەپ قىلماپتۇ. بۇ دەل تاڭ يورۇغان مەزگىل بولۇپ،
يىگىتلەر شاھزادىنىڭ خاھىشى بويىچە سەپەر جابدۇقلىرىنى
يىغىشتۇرۇپتۇ. شاھزادە شىكارنى بىر كۈن بۇرۇن ئاياغلاشتۇ-
رۇپ قايتىپتۇ.

شاھزادە ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن بىرنەچچە كۈن ھېچ-
كىم بىلەن كۆرۈشمەي ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ

كىتاب كۆرۈپ، كۆرگەن چۈشىگە تەبىر ئىزدەپتۇ. دانالار قال-دۇرغان قامۇسلاردىن شاھزادە چۈشىنى بىر ئۇلۇغ سائادەتنىڭ بېشارىتى دەپ جەزملەشتۈرۈپتۇ، شاھزادىنىڭ كۆڭلى يورۇپتۇ. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— مۆھتەرەم شاھ ئاتا، مەن يەنە بىر قېتىم شىكارغا چىـ-قىشنى ئويلاپ قالدىم. دالىدا كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ، زېھنىم ئۇر-غۇپ قالىدىكەن، ئىجازەت بەرگەن بولسىلا، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي، كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، كۆڭلۇڭ خالىغان-دەك بولسۇن، نېمىشقا ئىجازەت بەرمىگۈدەكمەن، — دەپتۇ ۋە ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ، — سىلەر شاھزادىگە ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرىگە يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بېرىڭلار، — دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىرلەر «لەببەي» دېگىنىچە سىرتقا قاراپ قەدەم تاشلاپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا قاراپ:

— توختاڭلار، ماڭا ئارتۇق تەييارلىق لازىم ئەمەس، — دەپتۇ. ۋەزىرلەر شاھزادىنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كې-لىپ قول باغلىشىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ سوئال نەزىرى بىلەن شاھزادىگە قاراپتۇ. شاھزادە پادىشاھ تەرەپكە ئىككى قەدەم سىلجىپ:

— شاھ ئاتا، ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت. مەن بۇ قېتىم شىكارغا يالغۇز چىقماقچىمەن. بۇرۇن كۆپ قېتىم ئونلىغان يىگىتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكار قىلدىم. ئۇ چاغدا شۇنداق قىلمىسام بولمايتتى، چۈنكى تېخى كىچىك ئىدىم. ئەمدى چوڭ بولدۇم، كۈچكە تولدۇم، ماڭا ھېچقانداق ياردەمچى لازىم ئەمەس. دۇنيادا شاھلىق ۋە شاھزادىلىك ئادەمگە باقىي ئەمەس. «ئاينىڭ ئون بەشى ئايدىڭ بولسا، ئون بەشى قاراڭغۇ» دېگەن گەپ بار. مەن باشقىلارغا بېقىنماي ياشاشنى ئۆگىنەي. ناۋادا يالغۇز چىقىشىمغا قوشۇلمىسىلا، چىقماي. ئەگەر ئوغلۇم خۇ-

شال بولسۇن، ياشاشنى چىن مەنىسىدىن ئۆگەنسۇن دېسىلە ئىجازەت بەرگەيلا، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئىچىدە ئوغلىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە تەختتىن چۈشۈپ شاھزادىنىڭ ماڭلايلىرىدىن سۆيۈپتۇ، شاھزادىنىڭ پات قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ ھەمدە:

«ئى يارانتقان تەڭرىم، ماڭا شۇنداق ئۇلۇغ شەۋكەت بېرىپسەن، شۈكۈر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق دانا ۋە ئەقىللىق ئوغۇل ئاتا قىپسەن، بۇنىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭ شۈكۈر، ئوغلۇمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ دۇئا بېرىپتۇ.

شاھزادە پادىشاھنىڭ قېشىدىن چىقىپ بىر كۈن تەييارلىق قىلىپ نان - توقاچ راسلاپتۇ. ئەتىسى ئاق ئارغىماققا مىنىپ دەريا بويىغا قاراپ يول ئاپتۇ. شاھزادە ئاتنى توختىماي قامچىلاپ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ئاخىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. دەريانىڭ قېشىنى بويلاپ يۇقىرى - تۆۋەن ئۇزۇن ئايلىنىپتۇ، ئەمما قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپتۇ، ئاسماندا ئاي چىراي ئېچىپتۇ، دەريا يۈزى كۆكتىكى غۇژمەك - غۇژمەك يۇلتۇزلارنىڭ جىلۋىسى بىلەن جىمىرلاپتۇ. شاھزادە بېھەشئاتا تۈن يېرىمىغىچە بىدار ئولتۇرۇپتۇ، ھېچبىر شەپە بولماپتۇ. تاڭغا يېقىن ئۇيقۇ غالىب كېلىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپتۇ. شاھزادە يەنە چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ھېلىقى گۈزەل قىز يەنە تولۇن ئاينىڭ ئىچىدىن چىقىپ، ئاق بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ساھىلغا قونۇپتۇ. شاھزادە ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي گۈزەل مەلىكەم، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ مەن سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا ئوت بولدۇم، ماڭا رەھىم قىلىپ ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى ئېيتىڭ. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. قايسى گۈلشەننىڭ گۈلى سىز؟ — دەپ يىغلاپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ كۆز

ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— ئەي شاھزادە، تېخى نادان ئىكەنسىز. مەن سىزنىڭ ماڭا ئاشىق بولغانلىقىڭىزغا ئىشەنمىدىم. چۈنكى، ئاشىق بولغان كىشى ئۇيقۇدىن غالىب كېلىشى لازىم، ئەمما سىز ئۇخلاپ قالدىڭىز. سىز ھازىر چۈش كۆرۈۋاتىسىز، مەن سىزنىڭ چۈشىڭىزدىكى قىزمەن، ئويغانسىڭىز، بەلكى بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەرسىز. خەير - خوش، خۇدا خالىسا يەنە كۆرۈشەرمىز، — دەپ غايىب بوپتۇ. شاھزادە چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، قارىسا كۈن چىقىپ، تاغلار ئاللىقاچان قىزىللىقا پۈركىنىپ بولغانىكەن. شاھزادە ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قېلىپ يامان قىلغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

شاھزادە دەريادا يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاز - تولا ناشتا قىلىپلا ئارغىماققا مىنىپ يەنە دەريانىڭ بويىنى بويلاپ قىزنى ئىزدەپتۇ، ئەمما قىزنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. يەنە كۈن ئولتۇرۇپ، ئاسماندا ئاي - يۇلتۇزلار پەيدا بوپتۇ. شاھزادە بۈگۈن كېچە چوقۇم ئۇخلاپ قالماسلىققا نىيەت قىلىپ، ئېقىن يۈزىگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. تۈن يېرىمىدىن ئېشىپتۇ، كېچە تاڭغا يېقىنلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا سۇ يۈزىدە قىز كۆرۈنۈپتۇ. يىگىت ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ھېلىقى قىزنىڭ كۆزلىرى ياش تۇرغۇدەك. شاھزادە قىزغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كەلگەن يولى بىلەن قېچىپتۇ. شاھزادە: «توختاڭ، قورقماڭ!» دېگىنىچە ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. قىز قېچىپتۇ، يىگىت قوغلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق قېچىپ، قوغلىشىپ كۈننى چۈش قىلىشىپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ كەينىدىن قالماي يۈگۈرۈپتۇ. قىزنىڭ يۈگۈرگۈدەك دەرمانى قالمىغاندىلا شاھزادە ئۇنىڭغا يېتىشىپتۇ. شاھزادە

كىلىپ قارىسا، قىز ئۆكسۈپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. قىز گۈل ـ گىياھلارنىڭ يوپۇرماقلىرىنى كىيىم قىلىۋالغانىكەن. شاھزادە قىزنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ، ئۆزىنىڭ ئاشىقلىقىنى بايان قىپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ گەپلىرىگە جىممىدە ئولتۇرۇپ قولاق سالغاندىن باشقا ھېچقانداق سۆز قىلماپتۇ. شاھزادە نۇرغۇن سوئاللارنى سوراپتۇ، قىز بولسا گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتىش بىلەنلا جاۋاب بېرىپتۇ. شاھزادە قىزنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپتۇ. قىز قولاق سېلىپ ئاڭلاپتۇ. قىزنىڭ كۆڭلىنىڭ ئېرىگەنلىكىنى ھېس قىلغان شاھزادە:

— ئەي گۈزەل مەھبۇبەم، مەن سىزنى دەپ كۆيۈك دەردىنى كۆپ تارتتىم، ئاخىر سىزنى تاپتىم، ئۆزۈمنىڭ ھالىنى سىزگە يوشۇرماي ئېيتتىم، سىز نېمىشقا ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايسىز؟ — دەپ يىغلاپ ئىلتىجا قىپتۇ. قىز كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، قولى بىلەن تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سۆزلىيەلمەيمەن، دېگەن ئىشارەتنى بېرىپتۇ ۋە ئىزا تارتىپ بىر ئاھ چېكىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى كىرپىكلىرى بىلەن سۈرتۈپتۇ ھەمدە تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىگە قاراپ ھەسرەت يۇتۇپتۇ ۋە كىچىك بالىدەك يىغلاپ تۇرۇپ:

«ئى رەھىمىتى كەڭ تەڭرىم، جىمى ئالەم سېنىڭ قۇدرەت كامالىڭ بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. سەن بارنى يوق، يوقنى بار قىلىسەن، جانسىزلارغا جان بېرەلەيسەن. مەن ئاجىز بەندەڭنىڭ ئىلتىجالىرىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ قىزغا تىل بەرگەيسەن، سۆزلەتكەيسەن» دەپ مۇناجاتلار ئوقۇپتۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن شاھزادىنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ، كۆز ئالدىدا خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بوپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم، — دەپتۇ خىزىر.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بوۋا، ئۆزلىرى كىم بولىدىلىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھزادە.

— مەن خىزىر ئەلەيھىسسالام بولىمەن، قېنى مەشۇقۇڭنى ئويغاتقىن، — دەپتۇ خىزىر.

شاھزادە قىزنى يېنىك سىلكىگەنىكەن، قىز گويا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپتۇ. يىگىت بىلەن قىز يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ خىزىرنىڭ سۆزىگە قۇلاق ساپتۇ. خىزىر ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— تەقدىر سىلەرنىڭ قىسمىتىڭلارنى مۇشۇنداق پىچقان. بۈگۈن سىلەر مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتتىڭلار. مەن سىلەرگە بىر ئۆمۈر مېھىر - ۋاپا تىلەيمەن، ئۆمۈر بويى پاك يولدا مېڭىپ، ئۆزئارا ساداقەتمەن بولۇپ ئۆتكەيسىلەر، — دەپتۇ - دە، يېقىن كېلىپ شاھزادىنىڭ مەڭزىدە توختاپ قالغان بىر تامچە ياشنى بارمىقى بىلەن ئېلىپ قىزنىڭ تىلىغا تەگكۈزۈپتۇ. ئاندىن قىزنىڭ جىسمىنى شۇنداق سىلىغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گۈل - گىياھلارنىڭ چۆپلىرى شۇنداق چىرايلىق كىيىمگە ئايلىنىپتۇ. قىز شۇئان زۇۋانغا كېلىپ:



— تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، — دەپتۇ - دە، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، خىزىرغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ.

خىزىر نۇرانە چىرايىدىن

مېھرىبانلىق ياغدۇرۇپ:

— سىلەرگە قىلىدىغان ئىككى - ئۈچ ئېغىز نەسىھەتىم بار: ئوغلۇم، سەن بۇ قىزنى يىغلاتما، ئۇنى بەختلىك قىل! قىزىم، سەن بۇ شاھزادىگە ۋاپادار، ساداقەتمەن بول. راست، ھېلىقى سېنى چوڭ قىلغان كېيىكنى ئۆزۈڭدىن ئايرىما. بالىلىرىم، سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تېخى يەنە نۇرغۇن سىرلار بار، بۇ سىرلارنى ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ ئېچىپ، ياخشىلارغا خۇشاللىق، يامانلارغا زاۋاللىق بەخشەندە قىلغايسىلەر، مۇرادىڭلار ھاسىل بولغاي، ئامىن! — دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

قىز بىلەن شاھزادە بۇ كارامەتكە ھەيران بولۇپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ. ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېرىن سۆھبەتلىرىنى قۇرۇپتۇ، مۇھەببەتلىك قوللىرى بىلەن بىر - بىرىنىڭ بويلىرىغا گىرە تاشلاپ يۈز - كۆزلىرىنى پۇرىشىپتۇ، ئوتلۇق لەۋلىرىدىن گۈل - غۇنچىلارنى ئۈزۈشۈپتۇ، ھەشقىپىچەكتەك چىرمىشىپتۇ، ئەمما ھايا بوستانلىرىنى دەسسىمەپتۇ. كەچ كىرىپ ئاي كۆتۈرۈلۈپتۇ. قىز شاھزادىنىڭ باغرىغا باش قويۇپ، شاھزادە قىزنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ ئۇخلاپ تۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ.

كۈن كۆتۈرۈلۈپ ئالەمگە ئاپتاپ يېيىلىپتۇ. شاھزادە قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى بارماقلىرىدا تاراپ تۇرۇپ:

— مەلىكەم، ئەمدى قايتايلى، تېزدىن شەھەرگە قايتىپ بۇ خۇش خەۋەرنى شاھ ئاتام، خانىش ئانامغا يەتكۈزەيلى، ئاندىن پۈتۈن يۇرتقا توي بېرىپ، ھالال ئەر - خوتۇنلاردىن بولۇپ ئۆمۈرلۈك بەختىمىزنى باشلايلى، — دەپتۇ. قىز:

— ئى شەپقەتچىم، جېنىمنىڭ جانانىسى، مېنىڭ كىملىكىمنى سىز تېخى بىلمىدىڭىز، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەت بىرلا مېھرىبان

كېيىك. مەن دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ قۇچىقىدا كۆردۈم، ئۇنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولدۇم. ئۇ مېنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ. خىزىر «تاشلىۋەتمە» دېگەن جا-نىۋار ئەنە شۇ. مېنىڭ تاكى تۇنۇگۇن ئاخشامغىچە تىلىم بول-مىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بىر كېيىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇن نەچچە يىلنى گەپ - سۆزسىز، ئىشارەت بىلەن ئۆتكۈز-دۇق. مەن ئۇنى ئانام دېسەممۇ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئاي-رىلالمايمەن، ئۇنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئۇمۇ مەندىن ئاي-رىلالمايدۇ. مانا ساق بىر كېچە، يېرىم كۈن ئۆتتى، ئۇ هازىر مېنى ئىزدەپ، مېنىڭ يولۇمغا قاراپ باغرى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندۇ. ئەگەر مېنى چىن دىلىڭىزدىن سۆيسىڭىز، شۇ بى-چارە كېيىكنىمۇ مەن بىلەن بىللە ئەكېتىڭ، ئۇنداق بولمى-غاندا مەن نابۇت بولۇپ تۈگىشىمەن، — دەپتۇ. شاهزادە كېيىكنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەك قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

قىز ناهايىتى خۇشال بوپتۇ ۋە شاهزادىنى باشلاپ بىر غارنىڭ ئىچىگە كەپتۇ. شاهزادە قارىسا، دېگەندەك شۇنداق چىرايلىق بىر ئانا كېيىك تۇرغۇدەك. كېيىك قىزنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ - دە، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى پۇراپتۇ، قىز ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭ-غا سۆزلەپتۇ. كېيىك خۇددى گەپ ئۇقىدىغاندەك كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلىپ بېشىنى توختىماي لىڭشىتىپتۇ ۋە شاهزادىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئىككىسىنى تەبرىكلىگەندەك هەرىكەتلەرنى قىلىپ شاهزادىنىڭ پۇتلىرىغا سۈركىلىپتۇ.

شاهزادە قىزنى ئېتىغا مىندۈرۈپ شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. كېيىك ئۇلارغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. يېرىم كۈن بول-غاندا ئۇلار شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. خالايىق قىزنىڭ هۆسن - جامالىنى كۆرۈپ هەيران قاپتۇ. شاهزادە ئوردىغا كىرىپ بول-

غوٚچە خەۋەر ئالىدىغاچان پادىشاھقا يەتكۈزۈلۈپ بوپتۇ. پادىشاھ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، قىزنىڭ ھۆسن - جامالى توغرىسىدىكى تەرىپلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئال-دىراپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ كۆرۈپتۇكى، شاھزادە بىر گۈزەل پەرىشتىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئاتنى ئۆزى يېتىلەپ كېلىۋاتقۇدەك، بىر چىرايلىق كېيىك ئۇلارغا ئەگە-شىپ كەلگۈدەك. شاھ قىزغا بىر قاراپلا ئوغلىنىڭ بەختىگە قايىل بوپتۇ. پۈتۈن ئوردا ئەھلى شاھزادىنىڭ ئەتراپىغا ئو-لىشىپتۇ، قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولۇپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپتۇ. شاھزادە قىزنى ئاتتىن چۈشۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مۇبارەك بولسۇن، ئوغلۇم، مۇبارەك بولسۇن، — دەپ-تۇ. شاھزادە دادىسىغا سالام بې-رىپتۇ، قىزمۇ پادىشاھنىڭ ئال-دىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سالام بېرىپتۇ. شاھ ئالدىراپ قىزنى



ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ: «قۇتلۇق قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، قىزىم» دەپ پېشانىسىدىن سۆيۈپتۇ. خانىشمۇ ئوغلىنىڭ كۆ- زىگە قايىل بولۇپ، قىزنىڭ رۇخسارىغا زوقلىنىپتۇ ۋە قىزنى باغرىغا بېسىپتۇ.

پادىشاھ ۋە خانىش باشقىلارنى سىرتتا قالدۇرۇپ، شاھزادە بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ ئۆز خانىسىغا كىرىپتۇ. كېيىنكىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش ئۇلارنىڭ قەيەردە تېپىشىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادە قىزنى تۇنجى قېتىم چۈشىدە كۆرگەندىن تارتىپ ئۇنى ئوردى- غا باشلاپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممى- سىنى بايان قىپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش تەڭرىنىڭ كارامىتى- گە راستتىنلا ھەم ھەيران، ھەم چەكسىز خۇشال بوپتۇ. پادىشاھ:

— ئوغلۇم، قىزىم، سىلەر خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن قو- شۇلدۇڭلار، مەن ۋە خانىش بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇشال، شۇڭا دەرھال توي تەييارلىقىنى قىلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي تارتىپ، ئىككىڭلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ، ئەزىز بېشىڭلارنى قوشۇپ قويايلى. شۇنداق قىلسام مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ. سى- لەرچە قانداق؟ — دەپتۇ. خانىش، شاھزادە ۋە مەلىكە رازىمەن- لىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپ قىزنى گۈلپەرى دەپ ئاتاشنى لايىق تېپىپتۇ.

ئەتىسى پۈتۈن شەھەردە قىرىق كۈنلۈك توي باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي كۈندىن - كۈنگە قىزىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئەمما، پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە بۇ قىز زادى كىمنىڭ قىزى؟ ئۇ قانداق بولۇپ بىر كېيىك بىلەن ياشاپ چوڭ بولغاندۇ؟ بۇ كېيىكتە بىرەر خا- سىيەت ياكى بىرەر سىر بارمۇ، قانداق؟ دېگەن خىياللار تەكرارلىنىپتۇ. توينىڭ قىرىق بىرىنچى كۈنى شاھزادە بې-

ھشىئاتا بىلەن گۈلپەرىنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپتۇ.
توي تۈگەپ ئەتىسى پادىشاھ بىلەن خانىش پەرزەنتلىرىنى چاقىرىپ، كېيىكنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى سوراپتۇ. گۈل-پەرى:
— مەن بۇ كېيىكتىن ئايرىلالمايمەن، ئۇنىڭدىن ئايرى-لىش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر بولىدۇ، شۇڭا ئۇ مەن بىلەن تۇرسا، ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلسام، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ. شاھزادە بېھىشتائاتا گۈلپەرىنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپتۇ، ئەم-ما خانىش ئانچە قوشۇلماي:
— بالىلىرىم، ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئۇ ھەرقانچە قەدىرلىك بولغان بىلەنمۇ ھايۋان تۇرسا، بىز پادىشاھ ئەھلى تۇرساق، قانداق قىلىپ ھايۋان بىلەن بىللە ياشىيالايمىز؟ شۇڭا، ئۇنى تاغقا ھەيدىۋېتەيلى، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان كېيىك خۇددى ئادەمدەك يىغلاپ كېتىپتۇ، گۈلپەرى ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاشلاپ يىغلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان پادىشاھ كېيىكنىڭ ئادەمدەك گەپ ئۇقىدىغانلىقىنى سېزىپ، بۇنىڭدا بىر سىر بارلىقىنى ھېس قىلىپ:
— توختاڭلار، مەنمۇ ئۆز مەقسىتىمنى دەپ باقاي. مەن دەسلەپ خانىش ئويلىغاندەك ئويلىغان. ئەمدى قارىسام، ئۇنى تاغقا قويۇپ بەرسەك ئادىل بولمىغۇدەك، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن گۈلپەرىنى ئانا ئورنىدا ئېمىتىپ چوڭ قىلدى، شاھزادىمىزگە بەخت ئەكەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن بۇ جانىۋارنىڭ قىلىق-لىرىدىن قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن سىرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ جانىۋار ئادەتتىكى ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلىدۇ، بولمىسا ئادەمدەك يىغلامدۇ، ئادەمدەك كۈلەمدۇ، ئادەم بالىسىنى بېقىپ چوڭ قىلامدۇ؟ بۇ ئىشلارغا ئەقىل لال بولى-دۇ. شۇڭا، بىر مەزگىل گۈلپەرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بۇ جا-

نىۋار ئۇنىڭ قېشىدا تۇرسۇن. قالغان ئىشلارنى كېيىن ئەھۋالغا قاراپ بىرنېمە دېيىشەرمىز، — دەپ سۆھبەتنى ئۇ-زۇپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ھۆكمىدىن گۇلپەرى ۋە شاھزادە قاتتىق شادلىققا چۆمۈپتۇ، خانىشمۇ قوشۇلۇپتۇ.

ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ ئولتۇرسا - قوپسا كېيىك ھەققىدە ئويلاپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھ بىرنەچچە ۋەزىرنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ۋەزىرلىرىم، سىلەرگە سالىدىغان بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى. خەۋىرىڭلاردا بار، ئوغلۇم شاھزادە بېھىشئاتانىڭ توينى قىلدۇق. ئۇ كېلىنىم گۇلپەرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋا-تىدۇ، ئىلاھىم كۆز تەگمىسۇن. گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم، گۇلپەرىنىڭ ئاتا - ئانىسى زادى كىم؟ بۇ ئىش بىزگە قاراڭ-غۇ. گۇلپەرى ئۆزىنىڭ زادى كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۆ-زىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە مەلىكە راستچىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەلىكىنىڭ بىل-لىدىغىنى پەقەت ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاشۇ كېيىك. مە-لىكە دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئۆزىنى ئاشۇ جانىۋارنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپتۇ، كېيىك ئۇنى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. مەن بۇ ئىشتىن بەكلا ئەجەبلەنمەكتىمەن. قارىسام بۇ كېيىك ئادەتتىكى ھايۋانلارغا ئوخشىمايدۇ، قىلىقلىرى ئادەمدەكلا، گەپ ئۇقىدى-غاندەك قىلىدۇ. مەن كۆپ ئويلاندىم، بۇ جانىۋاردا بىر سىر بارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداقراق پەرەز قىلغانىدىم، — دەپتۇ ئوڭ قول ۋەزىر.

— بۇ گەپنى ئوڭ قول ۋەزىر ۋە باشقا ۋەزىرلەر بىلەن-مۇ قىلىشقانىدۇق، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر، — پەمىمچە، شاھىمىزنىڭ گۇمانلىرى خاتا ئەمەس. بۇ كېيىكتە چوقۇم بىر

سىر بولۇشى مۇمكىن. شەھەرنىڭ سىرتىدا بىر دانىشمەن بوۋاي بار. ئۇ ئادەمنىڭ جاھاندىكى بارلىق سېھىر - ھېكمەتلەردىن خەۋىرى بولۇپلا قالماي، يەنە سېھىر قىلىنغان نەرسىلەرنى تونۇيالايدۇ ۋە سېھىرنى بىكار قىلالايدۇ، شۇڭا ئاشۇ دانىشمەنگە بىر كۆرسىتىپ باقساق.

ئەتراپتا تۇرغان دۆلەت ئەركانلىرى بۇ گەپنى بىردەك قۇۋۋەتلەپتۇ.

— خوپ، ناھايىتى ياخشى بولدى، سول قول ۋەزىرىم، بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇراي، بۈگۈندىن قالدۇرماي ئاشۇ دانىشمەن بوۋاينى ھۇزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭ، — دەپتۇ پادىشاھ.

پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە دانىشمەن بوۋاي شاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ. پادىشاھ قارىسا، بۇ خىزىر سۈپەت، پەرىشتىدەك ئادەم بولۇپ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغۇدەك. پادىشاھ دانىشمەننى ئىسسىق نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ ئولتۇرۇپ مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرۇپتۇ ۋە ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي پادىشاھقا قۇللۇق بىلدۈرۈپ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى جېنى بىلەن بەجا كەلتۈردىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ. ۋەزىرلەر كېيىكنى سارايغا ئەكىرىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي كېيىكنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ بىردەم تۇرۇپ قاپتۇ - دە، ھەسرەتلىك ئاھ چېكىپتۇ ھەمدە:

— شاھىم، ھەقىقەتەن دانا ۋە ئاقىل ئىكەنلا. بولدى، ھازىر سۆزلەشمەيلى، خانىش، شاھزادە بىلەن مەلىكە بۇ يەرگە كەلسۇن، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— خانىش بىلەن شاھزادە، مەلىكىنى كەلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا ئۇچەيلەن كىرىپ كەپتۇ. ھەممەيلەن دانىشمەن بوۋايغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىشىپتۇ. دانىشمەن بوۋاي قاردەك ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەپتۇ:

— كۆڭلۈمگە خۇددى بەش قولدەك ئايان بولۇۋاتىدۇكى، بۇ كېيىك ئادەتتىكى جانىۋار ئەمەس، بەلكى سېھىرلەنگەن ئا- دەمدەك قىلىدۇ. بىز بۇ كېچە ئۇخلىماي تەڭرىدىن تىلەپ، بۇ سېھىرنى ياندۇرۇپ كۆرسەك دەيمەن، شاھىمىز قانداق قاراي- دىكىن؟ — دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

دانىشمەن بوۋاي تاھارەت ئاپتۇ. باشقىلارمۇ پاك تاھارەت بولۇشۇپتۇ. دانىشمەن تەسۋىنى سىيرىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇش- قا باشلاپتۇ. پادىشاھ، خانىش ۋە باشقىلارمۇ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ كېيىكنىڭ سېھرىنى ياندۇرۇشقا تەڭرىدىن مەدەت تىلەپتۇ. دانىشمەن بوۋاي ئوقۇپتۇ، ئوقۇپتۇ، ۋاقىت خۇپتەن بوپتۇ، يېرىم كېچە بوپتۇ، باشقىلارمۇ قوللىرىنى دۇئادىن چۈشۈرمەي خۇدادىن تىلەپتۇ. دانىشمەن ئوقۇۋېرىپتۇ. تۇن تاڭغا يېقىنلىشاي دېگەندە كېيىك ئاستا- ئاستا كۆزىنى يۇ- مۇپتۇ. ئاردىن بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەندە دانىشمەن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:



«ئى قۇدرىتى يېگانە تەڭرىم، كارامىتىڭنى كۆرسەتكەي-سەن!» دەپ ئۈنلۈك ئىلتىجا قىپتۇ.

ئەييۇھەنناس، شۇنداق بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇكى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا كېيىك شۇنداق چىرايلىق بىر ئايالغا ئايلىنىپتۇ. ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ بو-لۇشۇپتۇ. ئۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن سۈر-تۈپتۇ - دە:

— ئاھ باغرىم، جىگىرىم قىزىم! — دەپ گۈلپەرىگە ئۆزىنى تاشلاپ قاتتىق يىغلاپتۇ. بۇ ئىشتىن پادىشاھ، ۋەزىر-لەر، خانىش ۋە شاھزادە تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. بۇ ئايال پادىشاھ بىلەن خا-نىشقا يۈكۈنۈپ يىغلاپ مىڭ رەھمەتلەر ئېيتىپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپتۇ.

پادىشاھ دانىشمەن بوۋايغا ئالتۇن ياقىلىق تونلارنى كىي-دۈرۈپ، قولىغا ئون مىڭ سەر ئالتۇن تۇتقۇزۇپ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. خانىش بىلەن مەلىكە بۇ ئايالنى يۇيۇپ - تاراپ، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئېسىل تا-ئاملار بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئايالدىن سوراپتۇ:

— ئەي بىچارە مەزلۇم، تەڭرىنىڭ كارامىتى بىلەن ئەس-لىڭىزگە كەلدىڭىز. بىز سىزنىڭ قاچان، نېمىشقا مۇشۇنداق كېيىك سۈرىتىگە كىرىپ قالغانلىقىڭىزنى ۋە كېلىنىم گۈل-پەرى بىلەن قانداق چېتىشلىقىڭىزنىڭ بارلىقىنى بىلىشكە بەك ئالدىراۋاتىمىز. ناۋادا مالال كەلمىسە، دىل ئازار ھېس قىلمىسىڭىز، كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز كەن، — دەپتۇ.

— مەن ئەسلىدە، — دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ كېيىكتىن

ئۆزگەرگەن ئايال، — بىر كاتتا باينىڭ ئارزۇلۇق قىزى ئىدىم. ئىسمىم گۈلبۈي ئىدى. بۇنىڭدىن ئون سەككىز يىل بۇرۇن بىر كۈنى، خىزمەتچى قىزلار بىلەن دادام ماڭا سېلىپ بەرگەن خاس بېغىمدا ئويناپ يۈرەتتىم. شەھىرىمىزنىڭ پادىشاھى قۇتلۇق شاھ شۇ چاغدا باغنىڭ تېشىدىن مېنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە مېنى كۆرۈپلا ماڭا ئاشىق بوپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ باغنىڭ تېمىدىن ئاتلاپ باغقا كىرىپ، مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئىسمىمنى سورىدى، دەپ بەردىم. ئۇ باغدىن بىر تال قىزىل گۈلنى ئېلىپ قولىقىمغا قىستۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ قولى قۇلىقىمغا تېگىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمدا، يۈرىكىم ئوتقا چۈشكەندەك بولدى. يوشۇرمايمەن، مەنمۇ ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم. ئۇ كېيىن مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق، قەددى ـ قامەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش ئىدى. بىرقانچە كۈنگىچە ئۇنى ئويلاپ، ئۇنى چۈشەپ بىئارام يۈردۈم. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، ئۆيگە ئۇنىڭ ئەلچىلىرى كەلدى. ئاتام ۋە ئانام خۇشاللىق بىلەن ماقۇللۇق بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز تويىمىز بولدى. ھەممە ئادەم خۇشاللىققا چۆمدى. پەقەت بىرلا ئادەم، يەنى پادىشاھنىڭ چوڭ خانىشى ناھايىتى خاپا ئىدى. مەن ئۇنىڭ خاپا چىرايىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ناۋادا ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام، مەنمۇ شۇنداق بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. قىرىق بىرىنچى كۈنى نىكاھ ئوقۇلدى. مەن شاھ بىلەن بىللە ماڭا تەييارلانغان خاس ھۇجرىغا كىردۇق، يېتىپ قالدۇق، يېرىم كېچە بولغاندا ئۇسساپ قالدىم. شاھنىڭ قېشىدىن ئاستا قوپۇپ تاشقىرىقى ھۇجرىغا چىقسام، چوڭ خانىش ئولتۇرۇپتۇ. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئۇ سالام بەردى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇسسىغانلىقىمنى

ئېيتتىم. ئۇ بىر كىچىك مىس چەينەكتىن بىر پىيالە شەربەت قۇيۇپ بەردى ۋە ئوبدان ئارام ئېلىشىمنى تاپىلىدى. مەن رەھمەت ئېيتىپ شاھنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتتىم. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا پادىشاھ چىرقىراپ كەتتى، سىرتتىن ئادەملەر دۈپۈر-لىشىپ كىرىپ كەلدى. توۋا خۇدايىم، گەپ قىلالمىدىم، قارد-سام توت ئاياغلىق بولۇپ قاپتىمەن، ئۇستۈمنىڭ ھەممىسى تۈك. ئادەملەر: «ئالۋاستىكەن، كېپىك سۈرەتلىك ئالۋاستىد-كەن. تۇتۇڭلار، باغلاڭلار!» دەپ ۋارقىراپ ماڭا يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى، ھاياتىمنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قاچتىم. ئۇلار قوغلىدى، مەن جې-نىمنىڭ بارىچە قاچتىم. ئۇلار مېنى بىر يىلدەك تاغمۇ تاغ، دەشتمۇدەشت قوغلىدى. بويۇمدا قالغانىكەن، شۇ جەريانىدا بۇ قىزىمنى تۇغدۇم. مەن ئۇنى ئېلىپ ئىنسان ئاياغ باسمايدىغان يەرلەردە يۇرۇپ ئون سەككىز يىلنى ئۆتكۈزدۈم. مەن سۆزلىد-يەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن قىزىممۇ تىلسىز چوڭ بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىمغا ئېچىنمىدىم، ئەمما قىزىمغا قاراپ يۈ-رىكىم بەك ئېچىشىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ مەندەك ھايۋان سىد-ياقىدا تۇغۇلغان بولسا ئانچە ئازابلانماس ئىدىم. يامىنى قىزىم ئادەم سىياقىدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ناھايىتى چىرايلىق تۇغۇلدى. گەرچە ھايۋان بولساممۇ، تىلىم بولمىسىمۇ، پاك قەلبىم بىد-لەن تەڭرىدىن قىزىمغا ئاسانلىق تىلىدىم. بىر كۈنى ئۇ بىر كېچە يوقىلىپ كەتتى، بەك قورقتۇم. ئەتىسى بۇ شاھزادىنى باشلاپ قېشىمغا كەلدى. ئۇ سۆزلىيەلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن گەپ قىلالمىساممۇ سۆزلىرىنى ئۇقتۇم. بەك خۇشال بولدۇم. شاھزادە قىزىم بىلەن مېنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدى. قالغان ئىشلارنى دېمىسەممۇ ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر. مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىم ئەنە شۇ. ئاتا ـ ئانام نېمە بولۇپ كەتكەن-

دۇ؟ بەلكى ھىجرانلىق دەردى ۋە ئىچ ئاغرىقىدا ئۆلۈپ كەت-كەندۇ.

ئايال ھېكايىسىنى شۇنداق ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. گۈلپەرى ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلاپ يىغلاپتۇ، شاھزادىمۇ ئۇنى «ئانا» دەپ چاقىرىپتۇ، بۇ ئىش پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ.

پادىشاھ بىلەن خانىش بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن، كېيىن ئۆزئارا ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپتۇ.

ئەتىسى ئادىل پادىشاھ بىرقانچە ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— سىلەر قۇتلۇق شاھنى مېنىڭ نامىمدىن شەھىرىمىز-گە مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ كەلسەڭلار، ناۋادا قوبۇل قىلسا تېخى ياخشى، رەت قىلسا، ئالدىغا ئۆزۈم بارىمەن، — دەپ ۋەزىرلەرنى يولغا ساپتۇ.

ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە قۇتلۇق شاھنىڭ شەھىرىگە كېلىپ شاھقا سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئادىل شاھنىڭ مەكتۇپىنى ۋە ئۇنىڭ يوللىغان سوۋغاتلىرىنى تەقدىم قىپتۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى قۇتلۇق شاھقا بىلدۈرۈپتۇ. قۇتلۇق شاھ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ:

— قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! مەن پادىشاھىڭلارنىڭ ئاددەمگەرچىلىك قىلىپ مېنى مېھمانغا چىللىغانلىقىغا كۆپ خۇشالمەن. بىر - ئىككى كۈن شەھىرىمىزدە بولۇڭلار، باغۇ بوستانلارنى تاماشا قىلىڭلار، ئاندىن بىللە بارايلى، — دەپتۇ. ئەلچىلەر رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. كەلگەنلەر قۇتلۇق شاھنىڭ شەھىرىدە ئۈچ كۈن سەيلە - تاماشا، بەزمە - مەشرەپ ئويناپ كۆڭۈللىرىنى ئاچقاندىن كېيىن، قۇتلۇق شاھنى ئېلىپ ئۆز شەھىرىگە راۋان بوپتۇ. قۇتلۇق شاھ تۆت يۈزدەك ۋەزىر - ئەمىر، ئالىم - ھۆكۈمالىرىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئادىل شاھ قۇتلۇق شاھنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ، جاھان

خۇشاللىقتا چۈمۈپتۇ. ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازى كۆككە يېـ.
تىپتۇ، دەپ تۇگەتكۇسىز بەزمە ـ تاماشىلار بىلەن بىـر ئـاي
ئۆتۈپتۇ، قۇتلۇق شاھ قايتماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا ئادىل شاھ
قۇتلۇق شاھقا:

— مۆھتەرەم ئالىيلىرى، ئۆزلىرى قايتىش ئالـدىـدا تـۇ.
رۇۋاتىدىلا، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىگە دەيدىغان ئازراق
گېپىم بار ئىدى، كۆڭۈللىرى خالامدۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەلۋەتتە، ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىدە يۈرگەن كۈنلىرىمـدە
ئۆزلىرىنىڭ مەن پېقىردىن كۆپ دانا ۋە جىق ئادىل ئىـكـەنـ.
لىكلىرىنى ھېس قىلدىم. ھېكمەتلەرگە تولغان سۆھبەتلىـرىـ.
دىن دىلىم يورۇپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. قانـداق سـۆز.
لىرى بولسا خۇشاللىق بىلەن ئاڭلاشقا تەييارمـەن، — دەپـتـۇ
قۇتلۇق شاھ.

— ئۆزلىرىگە دېمەكچى بولغىنىم بىر ھېكايە، بىـر تـېـ.
پىشماق دېسەممۇ بولىدۇ، بۇ تېپىشماقنى بىللە تاپساق دەيـ.
مەن. بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش بولغانىكەن، — دەپ سۆز باشـ.
لىغان ئادىل شاھ بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىـر ـ بـىـرلـەپ
ھېكايە قىپتۇ. قۇتلۇق شاھ بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ھەيران قاپـ.
تۇ ۋە ئون سەككىز يىل بـۇرۇن ئـۆز بـېـشـىـدىـن ئـۆتـكـەن
ئىشلارنى يادىغا ئاپتۇ، ئەمما چاندۇرماي، ھېكايە ئاڭلىغان قىـ.
ياپەتتە:

— ناھايىتى قىزىق ھەم ناھايىتى ئېچىنىشلىق سـەرگـۈ.
زەشت ئىكەن، — دەپتۇ.

— بۇ ھېكايىنىڭ ئالىيلىرى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى
يوق دەپ قارامدىلا؟ — دەپتۇ ئادىل شاھ قۇتلۇق شاھقا. قۇتـ.
لۇق شاھ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئـولـتـۇرۇپ قـاپـتـۇ. شـۇ
چاغدا ئادىل شاھنىڭ خانىشىنىڭ ھەمراھلىـقـىـدا گـۈلـبـۈي،

گۈلپەرى كىرىپ كەپتۇ. قۇتلۇق شاھ ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ:

— سىز گۈلبۈي ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. خانىش گۈلبۈي چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە:

— شاھىم، ئەزىزىم، — دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلاپتۇ. تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق سىرلار ئاشكارا بوپتۇ.

قۇتلۇق شاھ دەرھال ۋەزىرلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپ، چوڭ خانىشنى چاقىرتىپتۇ. قۇتلۇق شاھ بىلەن ئادىل شاھ ئۇنى راست گەپ قىلىشقا قىستاپتۇ. چوڭ خانىش يالغان ئېيتىشقا ئورۇن قالمىغانلىقىنى بىلىپ، گۇناھىنى تىلەپ:

— مەن گۇناھكار، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن. گۈلبۈي كىچىك خانىش بولۇپ ئوردىغا كەلگەنلىكتىن، مېنىڭ كۆندەشلىكىم تۇتۇپ ئۆزۈمنى قويالماي قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك چارە - ئاماللارنى قىلىپ، بىر جادۇگەر موماينى تېپىپ دەردىمنى ئېيتتىم. ئۇ مىڭ سىر كۈمۈش بېرىش شەرتى بىلەن ماڭا ئانار شەربىتىگە ئەپسۇن ئوقۇپ بەردى. توي كېچىسى يېرىم كېچىدە خانىش گۈلبۈي كۈتكىنىمدەك «ئۇسسىدىم» دەپ تاشقىرىغا چىقتى، مەن ئاشۇ ئەپسۇن ئوقۇلغان ئانار شەربىتىنى بەرگەنىدىم، — دەپتۇ.

قۇتلۇق شاھ غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، ۋەزىرلىرىگە دەرھال ھېلىقى جادۇگەر موماينى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي جادۇگەر موماي ھازىر بوپتۇ. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلغان بۇ قېرى دەللە ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپ دارغا ئېسىلىپتۇ. چوڭ خانىشنى خانىش گۈلبۈي تىلەپ قاپتۇ. خانىش گۈلبۈي بىلەن مەلىكە گۈلپەرى قۇتلۇق شاھنى قۇچاقلاپ بەخت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. خانىش گۈلبۈي قۇتلۇق

شاھتىن ئاتا ـ ئانىسىنى سورىغانىكەن، پادىشاھ:
— مېنى كەچۈرۈڭ، ئامرىقىم، مەن ناھايىتى چوڭ جىنا- يەتكە يول قويدۇم. مەن بولغان ئەھۋاللارنى ئۇقماي، ئۇلارنى ماڭا قىز ئەمەس ئالۋاستى بەرگەنىكەن، دەپ زىندانغا سالدۇر- غانىدىم. ئۇلار ھېلىمۇ زىنداندا، ئەمما مەن ئۇلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي كەلدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇلار بىلەن دىدارلىشىسىز، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئىش ئايان بوپتۇ. يامانلارنىڭ ھا- لى يامان بوپتۇ، ياخشىلار خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ. ئادىل شاھ بىلەن قۇتلۇق شاھ مەسلىھەتلىشىپ، شاھزادە بېھىشئاتا بىلەن مەلىكە گۈلپەرىنىڭ تويىنى يەنە قىرىق كۈن ئويناپتۇ. قۇتلۇق شاھ ئادىل شاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشى باشلىق ئادىل شاھنىڭ خەلقىنى ئۆز شەھىرىگە باشلاپ بېرىپ، ئۆزى بىلەن خانىش گۈلبۇينىڭ تويىنى يەنە قىرىق كۈن، شاھزادە بىلەن مەلىكە- نىڭ تويىنى قىرىق كۈن ئويناپتۇ. ئىككى شەھەر خەلقى توي ئۈستىگە توي ئويناپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى پادىشاھ ۋە ئىككى شەھەر خەلقى تۇغقان بولۇشۇپ، ياخشىلارنى يۆلەپ، يامانلارنى جازالاپ، ئەلدە بەخت ـ سائادەت ئورنىتىپتۇ.



# لەئەلشاھ بىلەن ئىپارگۈل

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلىتى شۇنچە زىيادە بولسىمۇ، خانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرەر پەرزەنتى بولمىغاچقا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت چېكىدىكەن، خانىشمۇ شۇ سەۋەبتىن غەمكىن ئۆتىدىكەن. خانىشنىڭ ئۆي خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل دېدىكى بولۇپ، خانىشنىڭ ئەھۋالىغا ئىچى ئاغرىپ بىئارام بولىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ خانىشتىن:

— قەدىرلىك خانىش، شۇنچە دۆلەتمەن، بەختلىك ياشاپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئازابلىنىسىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. خانىش دېدىكىگە ئۆزىنىڭ پەرزەنت كۆرمىگەنلىكىدىن ئازابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

— ئەگەر مۇرادلىرىغا يەتسىلە ماڭا نېمە ئىنئام قىلىلا؟ — دەپ سوراپتۇ دېدەك.

— سېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلاتتىم ۋە ئۆزۈممۇ غەمدىن خالاس بولاتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خانىش.

شۇنىڭدىن باشلاپ خانىش پەرزەنت ئۈچۈن، دېدەك ئازادلىق ئۈچۈن خۇداغا ئىلتىجا قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى دېدەك باغدىكى كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلىغىنىكەن، بىر تامچە يېشى سۇغا تېمىپ، بىردەمدىلا غەلىتە بىر

قۇرتقا ئايلىنىپتۇ. دېدەك بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە قۇرتنى سۇزۇۋېلىپ ئۇنى خانىشنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خانىش سۇنىڭ ئىچىدىكى قۇرتقا قارىسا، قۇرت پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. خانىشنىڭ قۇرتقا قارىغانسېرى قارىغۇسى كېلىپ، ئۇنىڭغا مېھرى چۈ-شۇپ، غەم - قايغۇسى يېشىلىپ كېتىپتۇ - دە، ئۇنى ئە-تىۋارلاپ يوغان ئالتۇن جام ئىچىگە سېلىپ بېقىپتۇ. شۇنىڭ-دىن باشلاپ خانىشنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، كۈنلىرى كۆڭۈللۈك ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى خانىش چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇنىڭ ھە-رەمخانىسىنىڭ تۆرىدە ئايئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئولتۇرغۇ-دەك. ئۇ قولىدىكى تەسۋىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن بىر تالنى ئايرىپ ئېلىپ خانىشقا بېرىپتۇ ۋە: «بالام، ئەمدى كۆپ قايغۇرما، قا-چىدىكى لەئەل قۇرتنى ھەپتىدە بىر قېتىم كۆرۈپ، سۆيىسىنى يېغلاپ تۇر. يەتتە قىرىق كۈندە مانا شۇ خىسلەتلىك قۇرت پېشانىسىدىن نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بىر ئوغۇل بوۋاققا ئاي-لىنىدۇ» دەپ غايىب بوپتۇ.

خانىش ھېلىقى بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە يەتتە قىرىق كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ بىر جۈمە كۈنى شېرىن ئۇيقۇدا ياتسا، ئۆي ئىچىدە بوۋاقنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يۇگۈرۈپ قوپۇپ قارىسا، ئالتۇن جامنىڭ ئىچىدە پېشانىسىدىن نۇر يې-غىپ تۇرىدىغان بۇدرۇققىنا بىر بوۋاق تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرۈپ خانىشنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ بۇ سىرلىق ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان پۈتۈن شەھەر خەلقى دەۋرەپ كېتىپتۇ، نۇرغۇن سوۋغا - سالام كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ يېڭە-دىن دۇنياغا كەلگەن ئوغلىنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا ئۆتكۈزۈپتۇ، غېرىب -

غۇرۋالارغا نۇرغۇن خەير ـ سەدىقە تارقىتىپتۇ. ئوغلىغا «لە-ئەلشاھ» دەپ ئات قويۇپتۇ. پادىشاھ لەئەلشاھنى يەتتە يېشىدىن ئون يەتتە ياشقىچە ئوقۇتۇپ، تۈرلۈك بىلىملەردە كامالەتكە يەتكۈزۈپتۇ. بالىمۇ قامەتلىك يىگىت بولۇپ يېتىشىپتۇ. شاھ ئوغلىنى ئۆيلەش ئۈچۈن لايىق تېپىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. تاپىدىغان قىزنىڭمۇ ئوغلىغا ئوخشاش ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇشىنى ئويلايدىكەن، شۇڭا كۆڭلىدىكىدەك قىز ئىزدەش ئۈچۈن شەھەر ـ شەھەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپتۇ. ئاخىر ئەلچىلەر قىرىق كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر شاھلىقتا شاھزادىگە لايىق بولغۇدەك ئىپارگۈل ئىسىملىك بىر گۈزەل مەلىكىنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىپتۇ.

ئىپارگۈل ئىسىملىك بۇ مەلىكە گۈلىستان دەپ نام چىقارغان شەھەردە دۇنياغا كەلگەنىكەن. بۇ شەھەرنىڭ شاھىمۇ يىگىرمە يىل بۇرۇن پەرزەنت كۆرمەي، ئاخىر ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان رەپىقىسى گۈلبانۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ بالا كۆرۈش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەندە، گۈلبانۇ كۈندەشلىك قايغۇسىدا ھەسرەت چېكىپ يېتىپ قاپتۇ. شاھ ئوردىسىدا گۈل ئۆستۈرىدىغان گۈلچى موماي خانىشنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن. گۈلچى موماي ئۇنىڭ پەرزەنت داغىدا سارغىيىپ خازان بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، ھەر كۈنى گۈللەردىن دەستە تىزىپ ئەكىرىپ، كېسەل ياتقان گۈلبانۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدىكەن.

بىر ئەتىگىنى گۈللەر ئارىسىدا ئالاھىدە ئېچىلغان چىرايلىق بىر گۈلگە كۆزى چۈشكەن موماي گۈلنى خانىشقا بېرىپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ دەرمانى يوق گۈلبانۇ گۈلنى پۇراش بىلەن كۆڭلى تەڭ ئېچىلىپ، روھى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. ئۇ گۈلچى مومايدىن:



— بۇ قانداق گۈل؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:

— بۇ ئىپارگۈل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— مەن بۇنداق پۇراقلىق گۈلنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، — دەپتۇ خانىش ۋە گۈلنى يېنىشلاپ پۇراشقا باشلاپتۇ.

— باغرىڭىزغا تېگىدىغان ناھايىتى ئاجايىپ، دەردىڭىزگە شىپا بولسۇن، — دەپتۇ موماي.

گۈلبانۇ ئىپارگۈلنى مەيدىسىگە تاقاپتۇ ۋە گۈل ھىدىنى پۇراپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. گۈلبانۇ چۈشىدە لە-ئەلشاھنىڭ ئاپىسى كۆرگەن ئاق ساقاللىق بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي قولىنى ئىپارگۈلگە سوزۇپ: «قىزىم، كۆپ قايغۇرما، گۈل — يېڭى ھاياتنىڭ بەلگىسى. مانا بۇ قولۇڭغا چۈشكەن ئىپارگۈلنى بىر جامغا سېلىپ سۇ قوي، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم سۇيىنى يەڭگۈشلەپ تۇرساڭ، يەتتە قىرىق كۈندىن كېيىن ئۇ گۈلدەك گۈزەل قىزغا ئايلىنىپ، مۇرادىڭ ھاسىل بولىدۇ» دەپ غايىب بولۇپ كېتىپتۇ.

گۈلبانۇ چۈشىدىكى بېشارەت بويىچە، گۈلنى ھەر يەتتە كۈندە سۇ يۆتكەپ پەرۋىش قىلىپ بېقىپتۇ. يەتتە قېتىم قىرىق كۈن ئۆتۈپ ئىپارگۈل چىرايلىق بىر بوۋاققا ئايلىنىپتۇ.

ئىپارگۈلمۇ لەئەلشاھ بىلەن بىر كۈندە دۇنياغا كەپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ قىپتۇ. مۇشۇنداق پەزىلەتلىك قىزنى ئوغلىغا لايىق كۆرگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قىزنىڭ يۇرتى گۈلىستان شەھىرىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئىپارگۈلنىڭ دادىسى قىزنى بېرىشكە رازىلىق بېرىپتۇ. ئەلچىلىككە كەلگەن ئوڭ قول ۋەزىر قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ. ئۇ ئىپارگۈلنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە كېلىن قىلىۋېلىش خىيالىغا كەپتۇ. ئۇ قىز تەرەپنىڭ رازى بولغانلىق خۇش خەۋىرىنى تېز يەتكۈزۈش باھانىسىدە يولغا چىقىپ، ئۇدۇل ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. ئۇلار پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ شاھلىقنى قولغا ئالماقچى، ئۇنىڭدىن كېيىن لەئەلشاھنى كۆزدىن يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئوغلىنى شۇنىڭغا ئوخشاش ياساپ، ئىپارگۈلنى يۆتكەپ كەلمەكچى بولۇشۇپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ تويىنىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈپتۇ ۋە پادىشاھنى قۇتلاش يۈزىسىدىن ئۇنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. پادىشاھ خۇشال ھالدا ۋەزىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا يالغۇزلا كەپتۇ. ۋەزىر ۋە ئۇنىڭ ئايالى پادىشاھنىڭ تامىقىغا زەھەر سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جەسەتنى تېزلا يىغىشتۇرۇپتۇ. ۋەزىر بۇ ئىشنى ھېچكىم كۆرمىدى دەپ، ئوردىغا كەپتۇ ۋە لەئەلشاھنى يوقاتماقچى بوپتۇ، بىراق ئۇنى تاپالماپتۇ. ۋەزىر كاناي ـ سۇناي چېلىپ ئۆزىنى شاھ دەپ جاكارلاپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن بىر دېدىكى بولۇپ، ئۇ ۋەزىرنىڭ يالغۇز پادىشاھنىلا ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىشىدا بىر گۇمانلىق ئىشنىڭ

بارلىقىنى سېزىپ، پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي بېرىپ ھەممە ئەھۋالنى كۆرگەنىكەن. بۇ دېدەك ئايال ۋەزىردىن بالدۇر ئوردىغا كېلىپ لەئەلشاھ بىلەن خانىشقا كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىپتۇ. خانىش بىلەن لەئەلشاھ تېزدىن يول تەييارلىقىنى قىلىپ، شۇ كېچىسىلا يولغا چىقىپ كەتكەنىكەن.

ئۇلار قىرىق كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ گۈلىستان شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، ئۆزلىرىنى سودىگەر دەپ تونۇشتۇرۇپ بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ.

لەئەلشاھ بىر كۈنى شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ چوڭ بىر باغنى ئۇچرىتىپتۇ. باغنىڭ ئەتراپى قېلىن بىر سوقما تام بىلەن قورشالغان بولۇپ، تۆمۈر دەرۋازا قويۇلغانىكەن. ئۇنىڭ باغنى بىر كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى قوزغىلىپتۇ. ئۇ تام يېنىدىكى بىر تۈپ چىنار دەرىخىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مۆكۈنۈپ تۇرۇپ باغ ئىچىنى تاماشا قىپتۇ. باغنىڭ ئىچى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلغان، ھەر خىل قۇشلار سايرىشىپ تۇرغانىكەن. بىر ۋاقىتتا باغ ئىچىگە بىر



توپ قىزلار چىقىپ كەپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىز بەكمۇ گۈزەل ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ لەئەلشاھنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. ئانىسى لەئەلشاھقا كۆپ نەسىھەت قىپتۇ. بالا سەۋر ـ تاقەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ قىزنى كۆرمىسە ھاياتىنىڭمۇ كېرىكى يوقلۇقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۇلار سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ باغنىڭ شۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى قىزى ئۈچۈن سالدۇرغان خاس باغ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئانا ـ بالا ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ، خانلىق مەدرىسىدە دەرس بېرىدىغان ئۇستازنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. خانىش گەپنى لەئەلشاھنىڭ تارىخىدىن باشلاپ، ۋەزىرنىڭ قىلغان جىنايىتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە قېچىپ كېلىپ پاناھلىق ئىزدىگەنلىكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئۇستاز كېيىنكى خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قىز بىلەن يىگىتكە مەخپىي ھۇجرىدا دەرس بېرىپ تۇرماقچى بوپتۇ. مانا شۇنىڭدىن بېرى ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق دەرس باھانىسىدە كۆرۈشۈپ تۇرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى قارا نىيەت ۋەزىردىن ئاڭلايلى:

قارا نىيەت ۋەزىر پادىشاھلىق تامغىنى قولغا كىرگۈزۈپ تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىنى يوقىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدە ۋەيرانچىلىق يۈز بېرىپتۇ. ئۇ ئوغلىغا ئىپارگۈلنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەسكەر تارتىپ گۈلىستان شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. توي باشلاشتىن بۇرۇن قىز بىلەن يىگىتنىڭ دىدار كۆرۈشۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. لەئەلشاھنىڭ نامىدا كەلگەن يىگىتنىڭ لەئەلشاھ ئەمەسلىكىنى بىلگەن قىز يىگىتنى ئەلەم ۋە قەلەمدە سىناشنى باھانە قىلىپ توي ۋاقتىنى كەينىگە سۇ-

روپتۇ. قارا نىيەت ۋەزىر ئىشنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تويىنىڭ ۋاقتىنى تېزلىتىپتۇ. قىز بولسا دادىسىغا لەئەلشاھ دېيىلگەن بۇ يىگىتتە شاھزادىلەرگە خاس خىسلەتـ. نىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ نارازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. ھىيلىگەر ۋەزىر قىزنىڭ دادىسىغا لەشكەرلىرى بىلەن تەھدىت سېلىپ بېسىم ئىشلىتىپتۇ. گۈلىستان شاھى تەختىدىن ئايرىلىشتىن قورقۇپ، قىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمايلا توي باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىز ـ يىگىت ئۇستازىنىڭ ياردىمى بىلەن يىراق يەرگە كېتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.

ئۇلار كۆپ يوللارنى بېسىپ بىر شەھەرنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئازراق غىزالانغاندىن كېيىن، لەئەلشاھ شەھەر ئىـ. چىگە كىرىپ ئەھۋال ئۇقماقچى بوپتۇ. ئىپارگۈل:

— پېشانىڭىزدىكى بۇ نۇرنىڭ قارا نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ نىشانى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر شەھەرگە كىرسىڭىز، سىزگە غەلىتىرەك نەزەر سالغان كىشىلەردىن ئېھتىيات قىلغايسىز، — دەپ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى جېكىلەپتۇ.

لەئەلشاھ شەھەرگە كىرىپ كوچىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ساقاللىق بىر قاسساپنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە گۆشنىڭ نەرخىنى سوراپتۇ. شۇ ئارىلىقتا قاسساپنىڭ يوغان كۆزى لاپ قىلىپ ئۇنىڭغا قادىلىپتۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كېتىپتۇ. ئۇ گۆشنى ئالماي ئارقىسىغا قاراپ كەتمەكچى بوپتۇ. بۇنى كۆر-گەن قاسساپ شاھزادىنى چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئاجايىپ يىگىت ئىكەنسىز، — دەپ بىر پارچە گۆشنى كېسىپلا، «كۆللەھۇن چىزھۇن» دېگەندەك بىر-نەرسىلەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ «قوچقار بولۇڭ» دېگەنىكەن، شۇ زامات لەئەلشاھ مۈڭگۈزلۈك

قوچقارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. بۇ قاسساپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان جادۇگەر بولۇپ، شەھەرگە يېڭى كەلگەن يىگىت، قىزلارنى مالغا ئايلاندۇرۇپ، قىممەت باھادا ساتىدىكەن. «پالاكەت باسسا، ئەسكى تامدا ئۆلۈك ئۇچرىشىدۇ» دېگەندەك، لەئەلشاھ جادۇگەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئىپارگۈل لەئەلشاھنى بىر كېچە ئەندىشە ئىچىدە كۈتۈپتۇ، ئۇنى بىرەر پالاكەتكە يولۇققانمىدۇ؟ دەپ، تاڭ يورۇشى هامان ئەرەنچە ياسىنىپ ئاتلىق شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەر كوچىلىرىنى كەچ كىرگۈچە ئايلىنىپ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئىپارگۈلنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئازراق غىزالىنىش ئۈچۈن ئېتىنى ئاشپۇزۇلنىڭ ئالدىغا باغلاپ قويۇپتۇ ۋە ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئېتىنى ئوغرى ئەكېتىپتۇ. ئېتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان مەلىكە ئازاب ئىچىدە ئۆرتىنىپتۇ. ئۇ بىرەر ماكان تېپىش كويىدا بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كېچىنى بىرەر خەۋپسىز ئورۇندا ئۆتكۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇرغان بىر دۇكاننىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. دۇكان ئىچىدىن بىر قېرى موماي چىقىپ:

— بالام، كىمنى ئىزدەيسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىپارگۈل:

— مەن بىر مۇساپىر، تېنەپ قېلىپ كەچ قالدىم، قونۇپ قالسام، ئىسمىم لەئەلشاھ، — دەپتۇ. موماي «يىگىت» نى دۇكانغا باشلاپتۇ ۋە ئىسسىق تاماق بېرىپتۇ. ئىپارگۈل دۇكاندا قونۇپ قاپتۇ. ئەرەنچە ياسىنىۋالغان ئىپارگۈل مومايغا شەھەرگە نەچچە ئايلىق يولدىن كەلگەنلىكىنى، بىر ئاكىسىنى يوقىتىپ قويۇپ تاپالمايۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مومايىنىڭ

«يىگىت»كە ئىچى ئاغرىپتۇ. موماي ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ دۇكاندا يالغۇز ھالۋا سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاخىردا: «ئاكاڭنى تاپقۇچە مەن بىلەن بىرگە تۇر-غىن، ئىككىمىز بىرگە ئۆتەيلى» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ «يىگىت» ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۇلار ھەر كۈنى دۇكاننىڭ سودىسى بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرۈپتۇ. بۇ يەردىن سودا - سېتىق قىلىدىغانلار ياكى ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ كۆزى «يىگىت»كە چۈشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇرۇن يېرىم قازان ھالۋا سېتىلىپ بولالمايدىغان دۇكان بىر قازان ھالۋا يەتمەيدىغان دۇكانغا ئاي-لىنىپتۇ. دۇكان ئاۋاتلاشقانسېرى «يىگىت»نىڭ تەرىپى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا شاھ ئوردىسىدا شاھ-نىڭ قىزى غايىبانە ئاشىق بوپتۇ، ئاخىر«يىگىت» بىلەن كۆ-رۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنىكئانىسىغا ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئايال: «سېنىڭ ئۇ يىگىت بىلەن ئاشكارا ئۇچراشمىقىڭ ناھايىتى مۇشكۈل، شۇڭا ھۇجراڭدىن ھالۋىچى موماينىڭ دۇكىنى ئاستىغىچە يەر ئاستى يولى قې-زىپ، يىگىتنى ھۇجراڭغا كەلتۈرىمىز» دەپ ئەقىل كۆرسە-تىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ قىز ئۆزىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى سې-تىپ مەدىكار ياللاپ ئىش باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەخپىي يول پۈتۈپتۇ. بىر كېچىسى «يىگىت» ھالۋا تەييارلاۋاتسا، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر پار-چە يەر گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان «يى-گىت» بۇ كونا ئورا بولسا زەيلىكتىن بېسىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ، تۈۋاق كۆمتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەتىسى شۇ ۋاقىت بىلەن ھېلىقى تۈۋاق ئاستىدىن ئىككى قىز پانۇس كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن «يىگىت» قورققىنىدىن قېتىپلا قاپتۇ. بۇنى سەزگەن قىز:

— ھاي - ھاي، قورقماڭ، ئەزىز يىگىت! بىز شاھ ئوردىسىدىن بولىمىز. شاھىمىزنىڭ بىر تال ئارزۇلۇق قىزى بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى سىزنى كۆرۈشكە تەشنا بولغاچقا، ئوردىدىن مۇشۇ يەرگىچە مەخپىي يول قازدۇرۇپ، سىزنى كۆرۈپ تۇرۇشقا ئامال تاپتى، شۇڭلاشقا بۇگۈن سىزنى ئالغىلى كەلدۇق، — دەپ ئوردىغا بېرىشقا دالالەت قىپتۇ. ئاخىر «يىگىت» يۈز كېلەلمەي بېرىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇ ئوردىغا بېرىپ شاھ قىزى رەمزىگۈل بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. مەلىكە ئۇنى ھەر خىل نازۇ نېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلىپ، ئەتە يەنە مۇشۇ ۋاقىتتا دىدار كۆرۈشۈشكە ماقۇل كەلتۈرۈپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ شاھىنىڭ يېقىن بىر ۋەزىرى بار ئىكەن، ئۇ ئادەتتە كېچىلىرى پۇقراچە ياسىنىپ، شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، كىشىلەرنى بوزەك قىلغان مۇتتەھەملەرنى تۇتۇۋېلىپ ئەتىسى جاجىسىنى بېرىدىكەن. مانا شۇ ئادىل ۋەزىر يېرىم كېچىدە شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ،



ھالۋچى موماينىڭ دۇكىنىدىكى چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ دۇ-
كانغا كىرىپتۇ ۋە «يىگىت» بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇزۇن ئولتۇ-
رۇپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا تۇۋاق كۆتۈرۈلۈپ، قولىغا پانۇس تۇت-
قان ئىككى قىز پەيدا بوپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر دۇكاننىڭ
ئوتتۇرىسىدىن چىققان بۇ كارامەتتىن ئەس - ھوشىنى يوقات-
قىلى تاس قاپتۇ.

— ئەي يىگىت، سىز ئۆتكەن كېچە مەلىكە رەمزىگۈل
بىلەن يەنە كۆرۈشۈشكە ۋەدە بەرگەنىدىڭىز، لېكىن سىز شۇ
ۋاقىتتا بارمىدىڭىز، مەلىكە تەقەززا بولۇپ يولىڭىزغا قاراپ
تۇرۇۋاتىدۇ، — دېيىشىپتۇ ئۇلار. بۇنى ئاڭلاپ ئەھۋالنى چۈ-
شەنگەن ۋەزىر:

— ۋەدە قىلغانىكەنسىز، ۋەدىڭىزگە قەرزدارسىز. بېرىڭ،
مەن چىقىپ كېتەي، — دەپتۇ. «يىگىت» يولغا چىقىپتۇ.

ئەتىسى ۋەزىر شاھنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— جانابىي ئالىيلىرى، مەن ئۆتكەن كېچە ئاجايىپ بىر
ۋەقەنى كۆرۈپ قالدىم، — دەپتۇ.

— قېنى، قانداق ئىش ئىكەن؟ بايان قىلغايسەن، —
دەپتۇ شاھ.

— بۇ كارامەت بىر ئىش. بۇ ۋەقەنى تاكى ئۆز كۆزد-
ىڭىز بىلەن كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيسىز، — دەپتۇ ۋەزىر.

— قېنى، ئۇنى كۆرۈشنىڭ يولىنى كۆرسەت ! — دەپتۇ
شاھ.

— جانابلىرىغا بۇ ۋەقەنى كۆرسىتىشتىن ئاۋۋال مېنىڭ
بىر شەرتىم بار، ئەگەر شۇنىڭغا كۆنسىڭىز، ئاندىن كېيىن
كۆرسەتكەيمەن، — دەپتۇ ۋەزىر.

— قېنى، شەرتىڭنى ئېيت ! — دەپتۇ شاھ.

— ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن غەزەپلەنمىگەيسىز،

ئۇلارغا ئازار بەرمىگەيسىز، — دەپتۇ ۋەزىر.

— ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ كەچۈرگەيمەن، — دەپتۇ شاھ.

ۋەزىر ئەتىسى يېرىم كېچىدە پادىشاھنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، ھالۋىچى موماينىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشنى، كۆرگەنلىرىنى ئۆزگە بايان قىلىشنى ئېيتىپتۇ. شاھ ۋەزىرنىڭ دېگىنى بويىچە موماينىڭ ئۆيىدە يولۇچى سۈپىتىدە ھالۋا يەپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، دۇكاننىڭ ئاستىدىن ئىككى قىز چىقىپ:

— مەلىكە رەمزىگۈل سىزنىڭ يولىڭىزغا قاراپ زار - زار يىغلىماقتا، پاتراق بارمىسىڭىز ھالىدىن كېتىدۇ، — دەپتۇ. «يىگىت» بۇنى ئاڭلاپ يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شاھ قىزىنىڭ كېنىزەكلىرىنى تونۇپ كارامەتنى چۈشىنىپتۇ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك ئەھۋالغا كەلسىمۇ، ۋەزىرنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە چاندۇرماي قايتىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ تەختكە چىقىپ، ھالۋىچى موماينىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كېلىپ دارغا ئېسىشقا ئەمر قىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ۋەزىر:

— ھەي جاللات، توختا ! — دەپتۇ، ئاندىن شاھقا قاراپ سۆزلەپتۇ، — مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق غەزەپكە كېلىشىڭىزنى پەملىگەنىدىم. نۇرغۇن پادىشاھلار رەھىم - شەپقەتنى دوست تۇتمايدۇ، جاھىللىق بىلەن ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە ئىش قىلىدۇ، مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئالىيجانابلىق قىلالمايدۇ. مانا كۆردىڭىز، سىزنىڭ قىزىڭىز كەمبەغەل خوتۇننىڭ مۇساپىر ئوغلىغا كۆيۈپ قاپتۇ. شۇنداق بىر يىگىتكە قىزىڭىزنى بەرسىڭىز، ئۇلار مۇراد - مەقسىتىگە يەتسە، مانا بۇ سىزنىڭ ئالىيجانابلىقىڭىز بولمامدۇ؟ ! بىگۇناھ يىگىتنى ئۆلتۈرۈپ ئۇۋال قىلسىڭىز، قىزىڭىز ئۇنىڭ ئىشقىدا نابۇت بولسا، قارا كۆڭۈللۈك بىلەن جاھالەت يولىنى تۇتقان بولۇپ قالمامسىز؟ !

شاھ ئاقىل ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپ، قىزنى ھالۋىچى ومايىنىڭ ئوغلىغا توي قىلىپ بېرىپتۇ. مۇرادىغا يەتتىم دەپ خۇشال بولغان رەمزىگۈل تويىدىن كېيىن پەرىشان ھالدا كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى سەزگەن قىزنىڭ ئانىسى:

— قىزىم، ئۆزۈڭ كۆيگەن ئاشىقىڭغا قوشۇپ مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكۈزگەنىدۇق. يەنە نېمە ئۈچۈن گۈلدەك چىرايىڭ سولىشىپ كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ. رەمزىگۈل يىغلاپ تۇرۇپ، لەئەلشاھنىڭ ئۆزىگە ئەرچە مۇئامىلە قىلمىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىغا ئىچ ئاغرىتىپتۇ ۋە يىگىتتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ بېقىشنى ئېيتىپتۇ. قىز ئانىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە:

— سىز نېمىشقا ماڭا كۆڭۈل بەرمەيسىز، بۇنىڭدا نېمە سەۋەب بار؟ — دەپ سوراپتۇ «يىگىت»تىن. «يىگىت»:

— ئەگەر بۇ سىرنى بىلىشنى خالىسىڭىز، شاھ ئاتىڭىز سىرنى ئېچىشىمغا ئىجازەت بېرىپ، ماڭا شاھلىق ھوقۇقىنى يەتتە كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن بېرىپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈڭ. شۇ چاغدا بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ بېرىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ ھېچبىر ئىلاجىم يوق، — دەپتۇ. قىز شاھ ئاتىسىغا «يىگىت»نىڭ دېگىنىنى ئېيتىپتۇ. شاھ قىزىنىڭ بەختىنى ئويلاپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

«يىگىت» تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتىدىغان چوڭ كوچىغا بىر سەھنە ياسىتىپ، شەھەر خەلقىنى شۇ سەھنە ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتۈشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆزى ئوردا ئەھلى بىلەن بىللە ئۆتكەنلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. يەتتە كۈن ئىچىدە پۈتۈن شەھەر خەلقى ئۆتۈپ تۈگەپتۇ، لېكىن «يىگىت» غەمكىن ھالدا قايتىپ، رەمزىگۈلگە:

— مېنىڭ سىزگە ئېيتىپ بېرىدىغان سىرىم تېخى ئېچىلمىدى. ئەگەر مۇمكىن بولسا شاھ ئاتىڭىز ماڭا يەنە يەتتە كۈن ۋاقىتنى ئۇزارتىپ بەرسە، — دەپ يېلىنىپتۇ. شاھ ماقۇل بوپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «يىگىت»نىڭ چۈشىگە شاھزادە ھەققىدە بىر بېشارەت بولغاندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «يىگىت» بۇ قېتىم پۈتۈن شەھەردىكى ئۆي ھايۋانلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى جاكارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى ئىچىدە ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەر بوپتۇ. پۈتۈن شەھەردىكى ئۆي ھايۋانلىرى ئىچىدىن يەنىلا بىرەر شەپىنى سېزەلمەپتۇ. «يىگىت» ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرسا، بىر كىشى كېلىپ شەھەردىكى مەلۇم بىر قاسساپنىڭ يەر ئاستىدىكى گەمىسىگە سولاپ بېقىۋاتقان بىر قوچقىرى قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان «يىگىت» ھېلىقى جادۇگەر قاسساپ بىلەن قوچقارنى ئوردىغا ئەكەلدۈرۈپتۇ. «قوچقار» سەھنە ئالدىغا ئەكېلىنگىنىدە، كۆزىدىن مۆلدۈرلەپ ياش ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ «يىگىت»نىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كېتىپتۇ ۋە قاسساپنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان سۇرلۇك كۆزىگە قاراپ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى، لەئەلشاھنى جادۇگەرلىك يولى بىلەن قوچقارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپتۇ - دە، قاسساپنى جادۇغا بېسىشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. جادۇگەر ھىيلە ئىشلىتىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئاخىر ئىقرار بوپتۇ.

— ھە، قېنى، كاللاڭ جادۇ ئاستىدا تۇرغاندا ئەپسۇنۇڭنى قايتۇرساڭ قۇتۇلىسەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ «يىگىت». جادۇگەر بىر ئەپسۇن ئوقۇپ «سۇف» دېگەنىكەن، قوچقار بىرلا سىلكىنىپ قامەتلىك يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. پۈتۈن خەلق بۇ

سىرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. جادۇگەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. ئىپارگۈل بىلەن لەئەلشاھنى خەلق تەبرىكلىشىپتۇ. ئىپارگۈل بىلەن لەئەلشاھ شاھ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىپارگۈل:

— رەھىمدىل شاھ ئاتىمىزنىڭ شەپقىتى بىلەن دۈشمەندىن ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئاشىق - مەشۇقلار مۇرادىمىزغا يەتتۇق. پېقىر مەلىكە رەمزىگۈل ئاشىق بولغان «يىگىت» لەئەلشاھ بولماي، بەلكى ئۇنىڭ مەشۇقى ئىپارگۈلدۇرمەن. ھەقىقىي لەئەلشاھ بولسا، مانا بۇ سېھىرلىنىپ قايتا ئەسلىگە كەلگەن يىگىتتۇر، — دەپتۇ ۋە پۈتۈن جەرياننى باشتىن - ئاخىرغىچە سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىردا، — مانا بۇ يىگىت مەندىن نەچچە ھەسسە گۈزەل، ئىلىم - مەرىپەتتە تەڭداشسىز. ئەگەر مەلىكە رەمزىگۈل خالىسا، ھەقىقىي لەئەلشاھ بىلەن قوشۇلسا، مەن بۇلارنىڭ خىزمىتىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلىسەم ئارمىنىم يوق، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ پۈتۈن شەھەر خەلقىگە مۇراجىئەت قىلىپ:

«مانا مۇشۇنداق خاسىيەتلىك بىر كۈندە ئورنۇمنى لەئەلشاھقا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن. قىزىم رەمزىگۈلنى خانىشلىققا لايىق كۆرىمەن. پېقىر ئىستىقامەت قىلىمەن. مەلىكە ئىپارگۈل ئوڭ قول ۋەزىر ھەم چوڭ خانىش بولىدۇ، رەمزىگۈل سول قول ۋەزىر ھەم كىچىك خانىش بولىدۇ. بۇ خۇشاللىقىمىز ئۈچۈن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلغايسىزلەر» دەپ جاكارلاپتۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، لەئەلشاھ ئىككى مەلىكىنى ئوڭ - سول قول ۋەزىر قىلىپ، ئەقىلدار ۋەزىرنى پىر - ئۇستاز تۇتۇپ، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ ئۆتۈپتۇ. قۇدرەتلىك لەشكەر تەييارلاپ، ھىيلىگەر ۋەزىر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان ئاتىسىنىڭ يۇرتىغا ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۆزىنى ئۇچار

شاھ دەپ ئاتىلىدىغان قارا نىيەت ۋەزىرنى تۇتۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋە بىگۇناھ خەلقنىڭ قان قەرزىنى ئېلىپتۇ. شۇ شەھەردىكى ئاقىل ۋەزىرنى شاھلىققا بەلگىلەپتۇ، شەھەر خەلقىنى خاتىرجەملىككە ئىگە قىپتۇ. ھالۋىچى موماينى شاھ ئوردىسىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئانا ئورنىدا خەۋەر ئاپتۇ. پۈتۈن يۇرت ئەھلى بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.



# مەرۋان بىلەن تەرسا

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن، ئىسمى زىت ئەنسا ئىكەن، بايلىقتا يېگانە ئىكەن، بىراق بىرمۇ پەرزەنتى يوق بولۇپ، ئەر - خوتۇن پەرزەنت كۆرمىگىنىگە بەكمۇ كۆڭ-لى يېرىم ئىكەن. ئۇلار كېچە - كۈندۈز پەرزەنت تىلەپ يىغلايدىكەن.

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىغا بىر قەلەندەر كەپتۇ. ئۇ سودى-گەرنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ئەي سودىگەر، پۇل - ۋەجىڭ ئۆزۈڭدىن ئاشىدۇ، ھېچ نەرسىدىن غېمىڭ يوق. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا يىغلاي-سەن؟ — دەپتۇ. ئەرزىمەس بىر ئادەمنىڭ گەپ سورىغىنىغا ئاچچىقى كەلگەن سودىگەر ئۈنچىقماپتۇ. قەلەندەر سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. زىت ئەنسا ئاچچىقىنى باسالماي:

— سەن ئۆز خىلىڭ بىلەن سۆزلەش ! — دەپ قەلەندەر-نى ئىككىنى تېپىپتۇ. قەلەندەر كۈلگەن پېتى ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى باشقا بىر قەلەندەر كەپتۇ ۋە ئالدىنقى قەلەندەر-نىڭ دېگەن سۆزىنى ئۆز ئەينى تەكرارلاپتۇ. سودىگەر ھەيران بولۇپ، تۈنۈگۈن كەلگەن قەلەندەرمۇ شۇ سۆزنى ئېيتتى، بۇ قەلەندەرمۇ يەنە شۇ گەپنى ئېيتىدۇ، مەنمۇ يىغلىشىمدىكى

سەۋەبنى ئېيتىپ بېرەي، نېمە زىيان بولاتتى، دەپ ئويلاپ:

— پەرزەنتىم يوق، شۇڭا يىغلايمەن، — دەپتۇ. قەلەندەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— مەن ئەتە پەرزەنت كۆرۈشنىڭ يولىنى قىلغاچ كېلەي، — دەپتۇ. زىت ئەنسا ماقۇل بوپتۇ ۋە قەلەندەرگە پۇل بېرىپ يولغا ساپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى قەلەندەر ئىككى ئالمىنى ئەكېلىپ زىت ئەنساغا بېرىپتۇ. ئالما شۇنداق چىراي-لىق ئىكەن.

— ئەي زىت ئەنسا، ئالمىنى خوتۇنۇڭ يېسە، سىلەر بىر ئوغۇل، بىر قىز — قوشكېزەك پەرزەنت كۆرىسىلەر. پەرزەن-تىڭلار ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە مەن كېلىمەن. قىزىڭنى مەن ئەكېتىمەن، ئوغلۇڭ سېنىڭ يېنىڭدا قالىدۇ، ماقۇل بولامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قەلەندەر.

زىت ئەنسا «ياق» دەي دېسە تې-خى، «ماقۇل» دەي دېسە تې-خى، تۇرۇپ قاپتۇ. قەلەندەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:



— قىزىڭنى بەرگىلى چىدىمىساڭ، ئالمىنى ئە-كېتىمەن، ئۆمۈر بويى پەر-زەنتسىز ئۆتىسىلەر، — دەپ ئالمىغا قول ئۇزىتىپ-تۇ. زىت ئەنسا ئىلتىجا قىلىپ:

— قىزىمنى نەچچە كۈندە بىر ئەكېلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۈچ كۈندە بىر

ئەكېلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەلەندەر. زىت ئەنسا ئا-خىر ماقۇل بوپتۇ. قەلەندەر تىلخەت پۈتۈپ زىت ئەنسانىڭ مۆھرىنى باستۇرۇپ، كەلگەن يولىغا كېتىپتۇ. ئۇ ئالىمنى زىت ئەنسانىڭ خوتۇنى يەپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ ۋە ئاي - كۈنى توشۇپ، بىر ئوغۇل، بىر قىز تەۋەللۇت قىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. قىزنىڭ ئىسمىنى مەرۋان، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى مەردان قويۇپتۇ. مۇنداق ئىسمى-نى قويۇش شۇ قەلەندەرنىڭ تاپشۇرۇقى ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆ-تۈشى بىلەن مەرۋان بىلەن مەردان ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ.

بىر كۈنى زىت ئەنسا خوتۇنىغا ئىككى بالىغا ئوبدان قاراشنى تاپىلاپ، ئۆزى شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى قىزىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويماقچى بولۇپ بالىلىرىنى سۇغا ئەۋەتىپتۇ. ئاكا - سىڭىل سۇ ئەكېلىۋاتسا، شىكاردىن يانغان پادىشاھقا يولۇقۇپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپ ئاشىق بوپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ زىت ئەنسانى چاقىرتىپ، مەرۋاننى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. زىت ئەنسا نائىلاج ماقۇل بوپتۇ. ئۇ قىزىنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم قىزىم، ئېيتىمىغانغا بولمىدى. بەرمەي دېسەم، ئۇ پادىشاھ ئىكەن، قورقتۇم. بېرەي دېسەم، سەن تۇغۇلمىغان ۋاقتىڭدا بىر ئادەم بىلەن شەرتلىشىپ تىلخەت بەرگەنىدىم، كېيىن ئۇ ئادەمگە نېمىدەپ جاۋاب قىلارمەن؟ — دەپ پەرياد چېكىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئاتا، — دەپتۇ مەرۋان، — پادىشاھ توي ھەققىدە سىزنى يەنە چاقىرتقاندا سىز «قىزىم يېڭى تۇ-غۇتلۇق ئىدى، بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، ئورنىدىن قوپۇپ بولغاندىن كېيىن سىلىگە بېرەي» دەڭ. قالدى ئىشلارنى ئۆ-

زوم روسلايمەن، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ. شۇ كۈنى پادىشاھ زىت ئەنسانى چاقىرتىپ توي ھەققىدە مەسلىھەت سايتۇ. زىت ئەنسا قىزى ئېيتقاندەك جاۋابنى بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

— قىزىڭ ياتلىق بولغانمۇ؟! — دەپ سوراپتۇ.

— تېخى ياتلىق بولمىغانىدى، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئەرگە تەگمەي تۇرۇپ قانداق تۇغۇپ قويىدى؟

— قىزىم ياشلىق قىلىپ قويۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سودىگەر.

پادىشاھ چاپارمەن بۇيرۇپ مەرۋاننى ئەكەلدۈرۈپ، ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىشنى جاكارلاپتۇ. زىت ئەنسا «قىزىم قورقۇپ كەتمىسۇن، ئۆزۈم ئەكېلەي» دەپ، يېرىم كۈن مۆھلەت بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپ يىلىنىپ يىغلاپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. زىت ئەنسا ئۆيىگە بېرىپ پادىشاھنىڭ دېگەنلىرىنى قالدۇرماي خوتۇنى بىلەن قىزىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئاتا، ئەمدى سىلەر مەندىن قايغۇرماڭلار، قالدى ئىشقا ئۆزۈم مەسئۇل بولىمەن. قولۇمنى باغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىڭلار، — دەپتۇ مەرۋان.

زىت ئەنسا قىزىنىڭ قولىنى باغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ خالايىقنى يىغىپ، قىزنى دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر قىزنى جازا مەيدانىغا ئاچىقىپتۇ. مەرۋاننى كۆرگەنلا كىشى ياش تۆكمەي تۇرالماپتۇ. «دارغا ئېسىلسۇن!» دەپ ئەمر قىلىنىپتۇ. بۇ چاغدا مەرۋان سول يانچۇقىدىن كاۋىنىڭ ئۇرۇقىنى كۆرسىتىپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، بۇ ئامانەت مەن بىلەن بىللە كەتمىسۇن. بۇ خاسىيەتلىك ئۇرۇقنى كىم

تېرىسا ئۇنۇپ كاۋا چۈشىدۇ. كاۋا پىشقاندىن كېيىن نېمە ئىدـ لىسە كاۋىدىن شۇ چىقىدۇ. مېنىڭ ئاتام زىت ئەنسامۇ شۇـ نىڭدا باي بولغان. ئەمما، بۇنىڭ شەرتى، ئۇرۇقنى ئون تۆت ياشتىن يۈز ياشقىچە بولغان، ئۆمۈر بويى نىكاھلاشقان جۈپـ تىدىن باشقىلارغا پەقەت قارىمىغان كىشى تېرىشى كېرەك. بولمىسا، كاۋا پىشقاندىن كېيىن سانسىز يىلان، چايان چىقىپ ئۇ ئادەمنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ، — دەپ سۆزىنى توگىتىپتۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان خالايىقنىڭ ھەممىسى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىپ ئۈن چىقارماپتۇ.

— ئەي مەرۋان، شۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن ئېيتقاندەك بولمىسا، يەتمىش ئىككى ئەۋلادىمغىچە دارغا ئاسسىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. شۇ چاغدا پادىشاھ:

— بۇ ئۇرۇقنى كىم تېرىيدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. خالاـ يىق ئۈن چىقارماپتۇ. پادىشاھ بىردەم كۈتۈپتۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە «تېرىيدىغان ئادەم بارمۇ، يوق؟» دەپ جار سابتۇ. خالايىق:

— ئۇلۇغ شاھىمىز، سىلىگە توغرا كەلمىسە، بىزگە توغرا كەلمەيدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ بېـ شى چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھەممىڭلار قايتىڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. مەرۋاننى زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى مەرۋاننى سوراققا ئاچىقىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي قىز، نېمىشقا ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئەدەپسىزلىك ئۆزلۈكۈمدىن ئەـ

مەس. كىشىلەر زورلۇق قىلدى، ئاجىز كەلدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. پادىشاھ مەرۋاننى قويۇپ بېرىپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، مەرۋاننى پادىشاھ چاقىرتىپتۇ. مەرۋان پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ مەرۋاننىڭ ئايدەك جامالىغا زادىلا چىدىماپتۇ.

— ئەي گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، سېنى خوتۇنلۇققا ئالدىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ. قىز قوشۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى، قالدى پاراڭنى شۇ چاغدا سۆزلىشىشنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. قىز ئۆيگە بېرىپ جاھاندىكى ئەڭ تاتلىق نەرسىلەرنى يىغىپ توقاچ پىشۇرۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئېلىپ بارغان سوۋغاتلىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ توقاچلارنى يەپتۇ، توقاچنىڭ تاتلىقلىقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ماختاپتۇ.



— توغرا، — دەپتۇ قىز، — تاتلىقلىقتا ئادەم سۆتىگە ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ.

پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار تەخ بوپتۇ.

— كىمنىڭ سۆتى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

قىز كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مېنىڭ سۈتۈم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— سەن مېنى ئەخمەق قىپسەن، كاللاڭنى ئالىمەن ! — دەپتۇ پادىشاھ.
— ئاق سۈت بەرگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغان بولسىلا، ئاۋۋال ئانىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئانىلىرى بىرىنچى قېتىم سۈت بەرگەن، مەن ئىككىنچى قېتىم سۈت بەرگىنىم ئۈچۈن ئاندىن مېنىڭ كاللامنى ئالسىلا، — دەپتۇ مەرۋان.
پادىشاھ ئامالسىز قىزنى ئۆيىگە قايتۇرۇپتۇ.
مەرۋان توپتوغرا ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، ھېلىقى قەلەندەر كەپتۇ. زىت ئەنسا خېلى قېرىپتۇ، لېكىن قەلەندەر زىت ئەنسا بىلەن كۆرۈشكەندىكىدەك تۇرغۇدەك.
— ۋەدىمىز بويىچە مەرۋاننى ئەكەتكىلى كەلدىم، — دەپتۇ قەلەندەر ۋە زىت ئەنسانىڭ تىلخېتىنى بېرىپتۇ. زىت ئەنسا لام - جىم دېمەي، مەرۋاننى چاقىرىپ باغرىغا تېڭىپ يىغلاپتۇ. قەلەندەر مەرۋاننىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. مەرۋاننىڭ قارىسى كۆزدىن يوقىلىپتۇ. قەلەندەر مەرۋاننى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە ئەكىرىپتۇ. مەرۋان غارنىڭ ئىچىدە سانسىز ئادەمنىڭ بېشىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قاپتۇ. ئىككىنچى غارغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئادەمنىڭ پۇت - قوللىرى بېسىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. مەرۋان ئۆزىنىڭ قانداق ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ئاھ ئۇرۇپ: «جېنىم ئاتا، مېنى مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ باققان بولغىيمىتىڭ؟» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا غار ئىچىدىن بىر ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلىنىپتۇ. مەرۋان ئاتنىڭ قېشىغا بېرىپ يىغلاپتۇ. بۇ چاغدا قەلەندەر يەتتىنچى غاردىن

چىقىپ سەككىزىنچى غارغا قەدەم قويغانىكەن.

— ئەي قىز، — دەپتۇ ئات، — سەنمۇ ئون كۈندىن كېيىن قۇرۇق چوققا بولىسەن، تېز بول، ماڭا مىن، — دەپ-تۇ. مەرۋان ئاتقا مىنىپتۇ. ئات غاردىن چېپىپ قېچىپتۇ. قە-لەندەر ئارقىسىغىمۇ قارىماي قىرىق بىرىنچى غارغا كىرىپ غار ئىچىنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا، مەرۋان يوق. شۇنىڭ بىلەن قەلەندەر ھەممە غارنى ئىزدەپتۇ، تاپالماي ئاخىر ئېتىنى باغلىغان يەرگە كىرىپتۇ. ئاتمۇ يوق. قەلەندەر ئەسلىدە بىر يالماۋۇز ئىكەن. ئۇ بىر ۋارقىراپ، بىر سىلكى-نىپ قۇشنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قوغلاپتۇ.

— يوغان بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ مەرۋان.

— چېچىڭغا ئاسقان لېنتاڭنى تاشلا، — دەپتۇ ئات. مەرۋان لېنتىسىنى تاشلاپتۇ. شۇنداق بىر ئوت پەيدا بوپتۇ-كى، قۇش قانچە قىلسىمۇ ئوتتىن قۇتۇلالماي قاناتلىرى كۆ-يۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. قەلەندەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ يەنە قوغلاپتۇ.

— ئادەمگە ئوخشاش بىرنەرسە يېقىنلاشتى، — دەپتۇ مەرۋان.

— ئەينەكنى تاشلا، — دەپتۇ ئات. مەرۋان يانچۇقىدىن ئەينەكنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. ئات بىلەن يالماۋۇز ئوتتۇرىسىغا بىر تاغ پەيدا بوپتۇ. يالماۋۇز چىشىنى سوغۇرۇپ تاغنى تې-شىپ يەنە قوغلاپتۇ.

— يەنە كەلدى، — دەپتۇ مەرۋان.

— قويرۇقۇمدىن يەتتە تال قىل يۇلۇپ تاشلا، — دەپتۇ ئات. مەرۋان ئاتنىڭ قويرۇقىدىن يۇلۇپ تاشلاپتۇ. ئاتنىڭ قى-لى يىلانغا ئايلىنىپ، يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپتۇ. مەرۋان خې-

ـلـلا ئۇزاپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يالماۋۇزنى ئېزىقتۇرۇپتۇ.

مەرۋان ئون نەچچە كۈن قېچىپ بىر شەھەرگە كەپتۇ. ئۇ ئەرەنچە ياسىنىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يەنە ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، باشقا بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئاتقا ئوت بېرىپ، ئۆزى دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، شۇ چاغدا:

— هارمىغايسىز، — دەپ هاردۇق سوراپتۇ بىرى. مەرۋان چۆچۈپ قارىسا، سالاپەتلىك بىر ئادەم تۇرغۇدەك. مەرۋان سالامغا سالام قايتۇرۇپتۇ.

— ئەهۋالدىن قارىغاندا، يىراق سەپەردىن كەلگەن ئوخشايسىز، — دەپتۇ هېلىقى ئادەم مەرۋانغا.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەرۋان. هېلىقى ئادەم مەرۋاننى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. مەرۋان ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.

ئۇ ئادەم ئىسمىنىڭ ۋەزىر سىپا ئىكەنلىكىنى، ئۆيدە تېكەندەك بىر ئوغلى بارلىقىنى دەپتۇ، ئاندىن مەرۋاننىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. مەرۋان ئۆز ئىسمىنى يوشۇرۇپ مەردانە دەپتۇ. قالدى گەپلەرنى يوشۇرۇپ ۋەزىر سىپانىڭ سورىقىدىن ئۆتۈپتۇ. ئاندىن ياخشى مېھمان بوپتۇ. ۋەزىر سىپا مەرۋانغا ئوغلى بىلەن ئاغىنە بولۇپ بىللە تۇرۇشنى ئىلتىجا قىپتۇ. مەرۋان ماقۇل بوپتۇ. «ئۆز يۇرتۇمدا پادىشاھتىن قېچىپ يالماۋۇزغا تۇتۇلۇپتىمەن، بۇ جايدىن كەتسەم نەگە بېرىپ، نەدە تۇرارمەن؟ ۋەزىر بولدى دېگۈچە تۇراي» دېگەن قارارغا كەپتۇ. مەرۋان شۇنىڭدىن باشلاپ ۋەزىرنىڭ ئوغلى بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈپتۇ.

ۋەزىرنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى تەرسا ئىكەن، تەرسامۇ قامەتلىك يىگىت ئىكەن. مەرۋان بىلەن ئىككىسى بىر - بىرى-

گە بەك يارىشىپتۇ. ئەنە شۇنداق كۈنلەردىن ئالتە ئايىنى ئۆت-
كۈزۈپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن بىردەم ئايرىلىشنى خالىمايدى-
غان ئامراقلاردىن بولۇپ كېتىپتۇ. كىيىم - كېچەك، يېمەك -
ئىچمىكى ئوخشاش ئىكەن. مەرۋان تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، بىر
كۆرگەن كىشى ھەيران قالغۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى
تەرسا بىلەن مەرۋان مەي ئىچىپ ئىككىسى بىرئاز مەست بو-
لۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇلار بىر ھۇجرىدا ياتىدىكەن. تەرسانىڭ
مەستلىكى يېشىلىپ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپتۇ. قارىسا چىراغ
ئۆچۈرۈلمىگەن، مەرۋاننىڭ ئۈستىگە يېپىنغان يېپىنچىسى
چۈشۈپ كەتكەن، ئىچ كىيىمى يېشىلىپ كەتكەنىكەن. تەرسا
مەرۋانئىنىڭ سۇمبۇل چېچىنى، ئالمىدەك كۆكسىنى كۆرۈپ
ھەيران قاپتۇ. قايتا - قايتا قاراپتۇ، ئەھۋال يەنە شۇنداق.
تاڭ ئېتىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ تەرسا كەم سۆز ۋە غەمكىن
بولۇپ قاپتۇ. ۋەزىر سىپا ئەر - خوتۇن كۆپ قايغۇرۇپتۇ،
ئوغلى تەرسا ئۈچۈن قىلمىغان چارىسى قالماپتۇ، لېكىن ھېچ
مەنپەئەتى بولماپتۇ. تەرسا ئاخىر يېتىپ قاپتۇ. تەرسانىڭ
مەرۋاننى كۆرسە كۆڭلى بىرئاز ئېچىلىدىكەن، بولمىسا ياش
تۆكىدىكەن. ۋەزىر سىپانىڭ خوتۇنى مەرۋانغا بەكرەك
دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى سىپانىڭ خوتۇنى ۋەزىرگە شۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلىمىز بىلەن يۈرگەن مەردانە دېگەن يىگىت ئوغۇل
ئەمەس، بەلكىم قىزمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن. بىر كۈ-
نى سىيىپ قويغان يېرىگە قارىسام، خۇددى ئايالغا ئوخشاش
سۇيدۇك چۈشكەنىكەن. ئوغلىمىز ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى
بىلىپ ئاشىق بولۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە، — دەپتۇ. ۋەزىر
ئۈنچىقماپتۇ. خوتۇنى بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بىر چارە
ئىشلەتمەكچى بوپتۇ. بىرنەچچە ئادەمنى يىغىپ، قوغۇن - تا-

ۋۇزلارنى راسا يېگۈزۈپ، ئۇزۇنغا سىيىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. بۇ ئەھۋالنى مەرۋان ئاتقا مەلۇم قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئات، — بىر دانە پايخۇن تاپقىن، سىيگەن ۋاقتىڭدا شۇ پايخۇن ئارقىلىق سىيسەڭ چانمايدۇ.

قىز ئات دېگەندەك قىلىپ، ھەممىدىن بىر غۇلاچ يىراققا سىيىپتۇ. ئەھۋالنى بىلەلمەي قالغان تەرسانىڭ ئانىسى بەزمە ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن ياش يىگىتلەرنى يىغىپ مەي قۇيۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى مەرۋان ئاتقا دەپتۇ. «ئىچىۋەر» دەپتۇ ئات. مەرۋان بولدى دېگۈدەك ئىچىپ ئىغىر مەست بوپتۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنى مېھمانخانىغا ئاچىقىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ قىز ئىكەنلىكىنى كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، تەرسانىڭ ئانىسى تەرسا بىلەن مەرۋاننىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش ئۈچۈن مەرۋانغا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتلىرىنى مەرۋانغا ئۇقتۇرۇپتۇ. مەرۋان رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەرۋان بىلەن تەرسانىڭ تويى ئۆتكۈزۈلۈپتۇ.



ئىككىيلەن بىر - بىرىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرۈپ تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن مەرۋان ھامىلدار بوپ-

تۇ. ئۇنىڭ ھامىلدار بولغانلىقىغا سەككىز ئاي بولدى دېگەن- دە، تەرسانىڭ باشقا مەملىكەتتىكى تاغىسى ئوغلىنى ئۆيلەن- مەكچى بولۇپ تەرسانى تويغا تەكلىپ قىپتۇ. تەرسا نائىلاج ئۆيدىكىلەر ۋە خوتۇنى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. توققۇز ئاي بولدى دېگەندە، مەرۋان بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇ- غۇپتۇ. سىپا ئەر - خوتۇن بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپتۇ، تەرسا كەلمەپتۇ. ۋەزىر سىپا قايغۇرۇپ، خوتۇنى مەرۋاننىڭ بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغقانلىقىنى خەتكە يېزىپ چاپارمەندىن ئەۋەتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى يالماۋۇزدىن ئاڭلايلى:

يالماۋۇز مەرۋاننى تاپالماي زىت ئەنسانىڭ ئۆيىگە بېرىپ- تۇ. ئاڭغىچە پادىشاھ قىزىڭنى مەندىن يوشۇرۇپ قاچۇرۇۋەتتىڭ دەپ، زىت ئەنسانى زىندانغا تاشلىغانىكەن. يالماۋۇز زىت ئەن- سانىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ، مەرۋاننىڭ ئانىسىنى تاشقا، ئىنىسىنى ئىتقا، مال - كالا، ئۆي - ئىمارەتلىرىنى توپىغا ئايلاندۇرۇپ، مەرۋاننى ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

تەرسانىڭ قېشىغا ماڭغان چاپارمەن بىر يولۇچىغا ئۇچراپتۇ. بۇ يولۇچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ھېلىقى يالما- ۋۇز ئىكەن. ئىككىسى سالاملىشىپتۇ. يالماۋۇز چاپارمەنىنىڭ نەگە ماڭغانلىقىنى سوراپتۇ. چاپارمەن بولغان ۋەقەنىڭ ھەم- مىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يالماۋۇز چاپارمەن بىلەن خوشلى- شىپ، باشقا يولغا كېتىپتۇ ۋە سېھرىي جادۇ بىلەن چاپارمەن- نىڭ ئۆتەر يولىغا ئاشخانا پەيدا قىلىپ، خېرىدار تۇۋلاپ تۇ- رۇپتۇ. چاپارمەن بۇ يەرگە ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ مانتا بۇيرۇپتۇ. يالماۋۇز دورا بىھوشتىن سېپىپ چاپارمەنگە بىر تەخسە مانتا بېرىپتۇ. چاپارمەن يەپ جايىغا يىقىلىپتۇ. يالما- ۋۇز چاپارمەننىڭ يانچۇقىدىن خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ، ئاندىن

ئۇنى مۇنداق ئۆزگەرتىپتۇ: «ئوغلۇم تەرسا، سەن كەتكەندىن كېيىن خوتۇنۇڭ بىزگە بوي بەرمەي تالادىن كىرمىدى، يۈزدىمىزنى تۆكتى، سېنىڭ يۈزۈڭگە ئاياغ قويدى. خەلقئالەم ئالدىدا مالامەتكە قالدۇق.»

چاپارمەن ئەتىسى هوشىغا كېلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، خەتنى تەرساغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. تەرسا خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ، تېز ئارىدا بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاتىسىغا خەت يېزىپتۇ. چاپارمەن خەتنى ئېلىپ يەنە هېلىقى ئاشخانىغا كېلىپ دورا بىهوش سېلىنغان تاماق يەپ يىقىلىپتۇ. يالماۋۇز خەتنى ئېلىپ يىرتىپ تاشلاپ: «ئاتا، تاغامنىڭ قېشىغا كېلىپ شۇنداق بىر قىزغا ئۇچراشتىم، جاهاندا تەڭدىشى يوق. قېشىڭغا باراي دېسەم، بۇ خوتۇننىڭ كۇندەشلىكىدىن قورقتۇم. مەرۋاننى هەيدەپ چىقارساڭ، يۇرتقا بارىمەن، بولمىسا بارمايمەن» دەپ يېزىپتۇ.

يالماۋۇز خەتنى چاپارمەننىڭ يانچۇقىغا سېپتۇ. ئەتىسى چاپارمەن هوشىغا كېلىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ۋەزىر سىدىپاغا خەتنى بېرىپتۇ. ئۇلار خەتنى ئوقۇپ يىغلاپ ئۈنلىرى پۇتۇپتۇ. بۇ ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقان مەرۋان ئىككى بالىسىنى باغرىغا تېڭىپ: «ئاھ تەڭرىم، ئىككى تىلسىزنى كۆتۈرۈپ قايسى يۇرتلاردا بويۇن قىسىپ، نېمە كۇنلەرنى كۆرەرمەن؟» دەپ مۇڭ ـ زارىنى تۆكۈپ، ۋەزىر سىپانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ:

— جېنىم ئاتا، سىلەر ياش تۆكمەڭلار، بۇ غېرىبچىلىق، دىل ئازابى مېنىڭ بىلەن كەتسۇن، — دەپ پەرياد چېكىپتۇ. نائىلاج قالغان ۋەزىر سىپا بىر ئاتقا پۇل، ئوزۇق، يەنە بىر ئاتقا ئىككى بالىسىنى بۆشۈك بىلەن ئىككى يانغا ئارتىپ يولغا سېپتۇ. يالماۋۇز چاپارمەننىڭ كەينىدىن ۋەزىر سىپانىڭ

ھۇجرىسىغا كېلىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر تېپىپ ئولتۇرغانىكەن، مەرۋان يولغا چىققاندىن كېيىن ئەگىشىپ ئۈچ كۈن بىللە مېڭىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى چۈش بولغاندا مەرۋان ئىككى بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرسا، يالماۋۇز مەرۋاننىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ.

— ئاخىر سېنى ئىزدەپ تاپتىم، ئەمدى ھەرگىزمۇ مەندىن قۇتۇلالمايسەن، — دەپ، ئاغزىدىن بىر ئوت چىقىرىپ مەرۋاننى قۇتۇلدۇرغان ئاتنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئەي يالماۋۇز، مېنى قانداق قىلماقچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەرۋان.

— سېنى يېسەم ئۆلىسەن، تۇگەيسەن، سېھرىي جادۇ بىلەن جېنىڭنى قىينايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يالماۋۇز. مەرۋان ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا، بىر كۈن ماڭساق شەھەرگە بارىمىز، ئاندىن خالىغىنىڭنى قىل، — دەپ يېلىنىپتۇ. يالماۋۇز ماقۇل بوپتۇ. يېرىم كۈن يول مېڭىپ، يالماۋۇز بالىلارنىڭ بۆشۈكى



تېخىلغان ئاتنى يەيمەن دەپ تۇرۇۋاپتۇ. مەرۋان ئىككى بالـدىسىنى ئېلىۋاپتۇ. يالماۋۇز ئاتنى يەپتۇ. ئۇلار شەھەرگە كىرىپتۇ. شەھەر بەكمۇ چوڭ ھەم چىرايلىق ئىكەن، شەھەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭ كۆل بار ئىكەن. يالماۋۇز مەرۋاننى سېھرىي جادۇ بىلەن باشقا نەرسىگە ئايلاندۇرىمەن دەپتۇ. مەرۋان يامغۇردەك يېشىنى تۆكۈپ:

— ماڭا رەھىم قىلمىساڭمۇ ئىككى تىلسىز پەرزەنتىمگە رەھىم قىل، — دەپ ئۆلتىجا قىپتۇ.

— ياق، رەھىم دېگەننى بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يالماۋۇز.

— مەيلى، — دەپتۇ مەرۋان، — ئىككى بالام نېمە بولىدۇ؟

— ئىككى بالاڭ سەن نېمە بولساڭ شۇ بولىدۇ، — دەپتۇ يالماۋۇز. مەرۋان يىغلاپ:

— ئۇنداق بولسا، مېنى مۇشۇ كۆلنىڭ بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چىنارغا ئايلاندۇرغىن. ئىككى بالامنۇ مەن بىلەن چىنارغا ئايلانسۇن، — دەپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەرۋان چىنارغا ئايلىنىشقا رازى بولۇپ، كۆڭلىكىدىن يىرتىپ ئۇنى «سېھىرلەنگەن مەرۋان» دېگەن خەت شەكلىگە كەلتۈرۈپ چاپانىڭ پېشىگە تىكىۋاپتۇ. مەرۋان چىنارغا ئايلىنىپتۇ، ئىككى بالىسى ئىككى ياندىن ئۆسۈپ چىققان نۆۋەر شاخقا، كىيىملىرى چىنارنىڭ قوۋزىقىغا ئايلىنىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا، كىشىلەر چىنارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇ چىنارنىڭ نامى - نىشانى ھەممە يەرگە تارقىلىپ، ئەل ئاغزىدا ھېكايە - چۆچەككە ئايلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى تەرسادىن ئاڭلايلى:

تەرسا توي - مەرىكە مېھماندارچىلىقىنى تۈگىتىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. تەرسانىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭ

بويىنىغا ئېسىلىشىپ يىغلاپتۇ. مەرۋاننىڭ چىقىپ ھال سورى-
مىغىنىنى كۆرگەن تەرسا: «مەرۋان كېسەلمۇ ياكى ئۆيدە يوق-
مۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بولغان ئەھۋالنى سۆزلەشكە پېتىنالمىغان
ئاتا - ئانىسى ئۆزىنى باسالماي يىغلاشتىن توختىماپتۇ. بۇ
ئەھۋالغا ھەيران قالغان تەرسا، نېمە ئۈچۈن يىغلايدىغانلىقىنى
سوراپ قىستاپتۇ. ۋەزىر سىپا چاپارمەن ئەكەلگەن خەتنى
تەرساغا بېرىپ، خەتكە ئاساسەن مەرۋاننى ھەيدىۋەتكەنلىكىنى
بايان قىپتۇ. تەرسا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۆيدىكىلەر ئۆزىگە
ئەۋەتكەن خەتنى ئاتىسىغا بېرىپتۇ. ۋەزىر سىپا خەتنى ئوقۇپ
غەزىپى ئۆرلەپتۇ. چاپارمەننى چاقىرىپ سەۋەبىنى سۈرۈشتە
قىپتۇ. چاپارمەن يولدا بولغان ئىشلارنى بىرمۇبىر بايان قى-
لىپ گۇناھىنى تىلەپ يىغلاپتۇ. مەرۋاننىڭ سەۋەبسىز ھەيدەل-
گەنلىكىنى چۈشەنگەن ۋەزىر سىپا، تەرسا ھەم ئانىسى پۇشاي-
مان قىلىپ يىغلىشىپتۇ. تەرسا ئاتا - ئانىسىغا مەرۋاننى
ئىزدەپ بارىدىغانلىقىنى، ھاياتلا بولسا تاپماي كەلمەيدىغانلىقى-



نى ئېيتىپ، يول تەييارلىقىنى قىلىپ، ئاتلىق يولغا راۋان بوپتۇ.

تەرسا نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپتۇ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ. مەرۋاننى تاپالماپتۇ. ئۈچ يىل ئىزدەپ پۇل ـ خەجى تۈگەپ، ئات ۋە ياخشى كىيىملىرىنى سېتىپ يەپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاخىر مەرۋان چىنارغا ئايلانغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ كۆل ۋە كۆلگە ياراشقان ئېگىز چىنارنى كۆرۈپ كۆلدىن قانغۇدەك سۇ ئىچىپتۇ، غىزالىنىپتۇ. ئاندىن سايىسىدە ئارام ئالماقچى بولۇپ چىنارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تەرسا چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە مەرۋان ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ تەرسانىڭ ئالدىغا كېلىپ تەرسانىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ: «سۆيۈملۈك پاناھگاھىم، بالدۇرراق كەلگەن بولسىڭىز مۇنداق سەرسان بولماس ئىدىم. سىزدىن باشقا پاناھىم بولمىغانلىقتىن يالماۋۇز مېنى ئاجىز تېپىپ چىنارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى» دېگۈدەك، تەرسانىڭ ئىككى بالىسى كېلىپ بوينىغا ئېسىلىپ، يۈز ـ يۈزىنى يىقىپ كۆز يېشى قىلىشىۋاتقۇدەك. تەرسا ئورنىدىن قوپۇپ: «مەرۋان ! ئاھ مەرۋان !» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەتراپىدا قارىسا ھېچكىم يوق. ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ چۈشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ چىنارغا ئېسىلىپ يىغلاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. تەرسا بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەرنى ۋە ھازىرقى كۆرگەن چۈشىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. كىشىلەرنىڭ رەھمى كېلىپ، بۇ كۆلنىڭ بويىدا ئىلگىرى چىنار يوقلۇقىنى، چىنار پەيدا بولغىلى تۆت ـ بەش يىل بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا تەرسانىڭ كۆزى چىناردىكى «سېھىرلەنگەن مەرۋان» دېگەن خەتكە چۈ-

شۇپتۇ. تەرسا مەرۋاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قانداق چارە بارلىقىنى خالايىقتىن سوراپتۇ. كىشىلەر مۇشۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى، ئۇ ئادەم ھەممە سېھرىي ئەپسۇنلارنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تەرسا شۇ ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئايىغىغا يىقىلىپ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ، خوتۇنى مەرۋاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى ئىل-تىجا قىپتۇ. ئۇ ئادەم يالماۋۇزنىڭ سېھرىگە ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى، كۈنچىقىشتا بىر تاغ بولۇپ، شۇ تاغدا بىر شەيخ بارلىقىنى، ئۇ شەيخنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلال-مايدىغانلىقىنى، شەيخنىڭ قېشىغا ئالتە ئايدا بارغىلى بولىدى-غانلىقىنى ئېيتىپتۇ. تەرسا ئۇ ئادەم بىلەن خوشلىشىپ شەيخنىڭ قېشىغا مېڭىپتۇ. يەتتە - سەككىز ئايدا شەيخنىڭ قېشىغا بېرىپ، پۈتۈن دەرد - ئەھۋالىنى تۆكۈپتۇ. شەيخ كۆ-ھىقاپتىكى پەرىزات پادىشاھىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم يالما-ۋۇزنىڭ سېھرىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەرسانى كۆھىقاپقا يولغا سالپتۇ. تەرسا ئالتە ئاي يول مېڭىپتۇ. كۈن-لەرنىڭ بىرىدە بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ، تەرسا بوۋاينىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ھال - مۇڭىنى تۆكۈپ، كۆھىقاپنىڭ يولىنى سوراپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم، — دەپتۇ بوۋاي، — سەن خەتەرلىك يولغا كىرىپ قاپسەن. خەير، ئاقىۋەتلىك بولغىن. مۇنۇ ھاسىنى ئال، ئالدىڭدا ئوت دەرياسى بار، كۆۋرۈك قىلىپ ئۆتەرسەن. مۇنۇ ئۈزۈكنى پەرىزات شەھىرىگە كىرگەندە قولۇڭغا سالساڭ، پەرىزاتنىڭ كۆزى چاقناپ سېنى كۆرمەيدۇ. توسالغۇغا ئۇچرىماي كۆھىقاپقا كىرىپ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشىسەن. پە-رىزات پادىشاھىغا ھاسىنى كۆرسەت، ھالىڭغا يېتىدۇ، — دەپ جىكىلەپتۇ.

بوۋاي ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. تەرسا ئايلاپ يول مې-ڭىپ ئوت دەرياسىغا كەپتۇ، قارىسا، ئوت ئاسمان - پەلەكتە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقانىكەن. تەرسا قولىدىكى ھاسىنى دەرياغا تاشلاپتۇ، ئوت ئۆچۈپتۇ. تەرسا ئوت دەرياسىدىن ئۆتۈپ يول-نى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قانچىلىك يول ماڭغانلىقىنى، قانچىلىك ئەلەم چەككەنلىكىنى بىلمەي كۆھىقاپقا بېرىپتۇ. ئۆزۈكنى ئېلىپ قولىغا سېلىپ، توسالغۇغا ئۇچرىماي پەرىزات پادىشا-ھىنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام قىپتۇ. پادىشاھ تەرسادىن ھال - ئەھۋال سوراپ:

— خىزىر نەبى ئۇچرىغاندا خىزىردىن مۇرادىڭنى تىلىگەن بولساڭ، مۇنداق ئاۋارە بولمىغان بولاتتىڭ، خەير، كېرەك يوق، — دەپتۇ.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، خىزىر ئۇچرىغان بولسا ئايىغىغا يىقىلىپ دەردى - يىغانىمنى تۆكۈۋالغان بولار ئىدىم، — دەپ يىغلاپتۇ تەرسا. پەرىزات پادىشاھى قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مۇشۇ قولۇڭدىكى ھاسا خىزىرنىڭ ھاسىسى. بۇ ھاسا بولمىسا، ئوت دەرياسىدىن ئۆتۈشۈڭ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قولۇڭدىكى ئۆزۈكنى خىزىر بەرمىگەن بولسا، مېنىڭ قېشىم-غا كېلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، — دەپ، تەرسانى ياخشى غىزالاندۇرۇپ مېھمان قىپتۇ ۋە بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدۇ-رۇپتۇ. ئاندىن بىر دانە ئوقيانى بېرىپ:

— سەن يالماۋۇزنىڭ تىلسىمات شەھىرىگە بارىسەن. ئۇ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ كۆل بار. كۆلنىڭ سۈيى پۇراق-لىق، بەكمۇ شېرىن. شۇ كۆلدە چوڭ بىر لەھەڭ بېلىق بار، بېلىقنىڭ ئىچىدە بىر قارا مۈشۈك بار، مۈشۈكنىڭ بويىنىدا ئېسىقلىق قىرىق ئىككى ئاچقۇچ بار. ئاچقۇچنى ئېلىپ تىل-سىمات شەھىرىگە كىرىسەن. قىرىق ئىككى ئېغىزلىق ئۆي

بار. بىرىنچى ئۆيگە كىرسەڭ، تامغا قاداقلىق بىر تال يا ئوقى بار، بۇنى سۇندۇرۇپ تاشلا. قىرىق بىر ئىغىز ئۆينىڭ ھەممىسىدە تامغا بىر تالدىن يا ئوقى قاداقلىق، ھەممىسىنى سۇندۇرۇپ تاشلايسەن. قىرىق ئىككىنچى ئۆيگە كىرسەڭ، بىر كەپتەر ئۇچالماي چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن. كەپتەرنى تۇتۇپ خەنجەر بىلەن يەتتە پارە قىل. شۇ چاغدا دۇنيادىكى سېھرىي جادۇ، يالماۋۇزنىڭ تىلسىمات شەھىرى بۇزۇلۇپ، ھەممە نەرسە ئۆز ئەسلىگە كېلىدۇ. خوتۇنۇڭ مەرۋانمۇ ئۆز قىياپىتىگە كېلىدۇ. ئۇ تىلسىمات شەھىرى بەك يىراق، مېڭىپ بېرىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، مىنىپ بارغىلى بىر ئات بېرىمەن، ھاجىتىڭ راۋا بولغاندىن كېيىن، ئوت دەرياسىغا بېرىپ ئاتنى قويۇپ بەر. بىر قۇتا سۇ بېرىمەن، كۆلگە تۆككەڭ، لەھەڭ مەست بولۇپ لەيلەيدۇ. ئۇنىڭ قارنىنى يارساڭ، قارا مۇشۇك سەكرەپ چىقىپ ۋارقىراپ قاچىدۇ. ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئاچقۇچنى ئېلىۋال. قالغان ئىشلار شۇ بويىچە بولىدۇ، — دەپ جېكىلەپتۇ.

تەرسا پەرىزات پادىشاھىنىڭ دېگىنى بويىچە ئاتقا مىنىپ تىلسىمات شەھىرىگە كەپتۇ. كۆلنى ئىزدەپ تېپىپ قۇتىدىكى سۇنى تۆكۈپتۇ. كۆلنىڭ سۈيى ۋاراقلاپ قايناشقا باشلاپتۇ. بىردەمدىن كېيىن لەھەڭ بېلىق چىقىپتۇ. لەھەڭنىڭ قورسىقىنى يارغانىكەن، قارا مۇشۇك سەكرەپ چىقىپ مىياۋلاپ قېچىپتۇ. تەرسا مۇشۈكنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ، بويىنىدىكى ئاچقۇچلارنى ئېلىپ، يالماۋۇزنىڭ تىلسىمات شەھىرىگە كىرىپ، قىرىق ئىككى ئىغىز ئۆينىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، قاداقلىق يا ئوقلىرىنى سۇندۇرۇپ، كەپتەرنى يەتتە پارە قىلىپ تاشلاپتۇ. شۇ چاغدا قاتتىق بوران چىقىپ، ھەممە يەرنى قارا تۇتەك قاپلاپ قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر يېغىپ،

يەر تەۋرەپ، شەھەر ئىچىدىن قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىد-
قىپتۇ، ئاندىن بوران توختاپتۇ. قاراڭغۇلۇق سۈزۈلۈپ يورۇق-
چىلىققا ئايلىنىپتۇ. تەرسا ئەتراپىغا قارىسا، كۆز يەتكۈسىز
چۆل - جەزىرىنى كۆرۈپتۇ. تەرسا پەرىزات پادىشاھى بەرگەن
ئاتنى ئوت دەرياسىغا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ھاسا ئارقىلىق ئوت
دەرياسىدىن ئۆتۈپ، سېھىرلەنگەن چىنار بار كۆلنىڭ بويىغا
كەپتۇ. قارىسا، كۆلنىڭ بويىدىكى چىنار يوق. تەرسا خۇشال
بولۇپ، كىشىلەردىن سۈرۈشتە قىپتۇ. شەھەر خەلقى تەرساغا
مەرۋان ئۆز ئەسلىگە كېلىپ، بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگى-
رى ئېرىنىڭ ئىزدەپ كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىككى
بالىسىنى يېتىلەپ ئېرىنى ئىزدەپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەن-
لىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. خالايىقتىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان
تەرسا مەرۋاننى ئىزدەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەرۋاندىن ئاڭلايلى:

مەرۋان يولنى ۋەزىر سىپانىڭ ئۆيىگە ئاپتۇ. شۇ چاغدا
ئالدىدا بىر ئات پەيدا بوپتۇ ۋە مەرۋاننىڭ ئالدىغا كېلىپ،
كۆزىدىن مونچاقتەك ياش تۆكۈپ: «ئەي مەرۋان، سەن بىلەن
مېنىڭ كۆرمىگەن كۈنىمىز قالمىدى، ئۆز ئەسلىمگە كەلدىم،
ماڭا مىنگىن» دەپتۇ. مەرۋان ئاتنى تونۇپ، ئاتنىڭ بويىنىغا
ئېسىلىپ، كۆرگەن كۈنلىرىنى سۆزلەپ يىغلاپتۇ، ئات بىلەن
مۇڭ - زارىنى تۆكۈشۈپتۇ، ئاندىن ئاتقا مىنىپتۇ. ئات ئۇ-
چۇپ، بىرقانچە ئون كۈنلۈك يولنى بىردەمدە تۈگىتىپ ۋەزىر
سىپانىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بالىسى تەرسا ئۇ-
چۇن تولا يىغلاپ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغانىكەن، ئۇ مەرۋاننىڭ
بويىنىغا ئېسىلىپ، ئۇنى باغرىغا بېسىپ پەرياد چېكىپتۇ. ۋە-
زىر سىپامۇ ئوغلىنىڭ دەردىدىن جۇدەپ ئاغرىقچان بولۇپ
قالغانىكەن. ئۇلار ھال - مۇڭلىرىنى تۆكۈشۈپتۇ، ئاخىر

مەرۋاننى غىزالاندۇرۇپ ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. ۋەزىر سىپا ئوغلى-
نىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى ئون ئىككى يىل بولغانلىقىنى،
شۇنىڭدىن بېرى ئۆلۈك ياكى تىرىكلىك خەۋىرىنى ئالالمىغان-
لىقىنى سۆزلەپ يىغلاپتۇ. بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مەرۋان
ئېرى تەرسانى ئىزدەشكە رۇخسەت بېرىشنى ۋەزىردىن سوراپ-
تۇ. ۋەزىر ماقۇل بوپتۇ. مەرۋان ئۇچار ئېتىنى مىنىپ يولغا
راۋان بوپتۇ. ئۇ كۈنلۈكى بىرقانچە يۇرت، شەھەرلەرنى كې-
زىپ، ئاخىر بىر شەھەردىن تەرسانى تېپىپتۇ. ئىككىسى بىر -
بىرىگە باشلىرىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئېيتىشىپ، بىرقانچە كۈن
ئۇ شەھەردە ئارام ئاپتۇ. ئاندىن ۋەزىر سىپانىڭ ئۆيىگە كەپ-
تۇ. تەرسانىڭ ئانىسى: «كۆزۈم كۆرگەن بولسا، دىدارىڭلارغا
قاراپ تويۇۋالاتتىم» دەپ زارلىنىپتۇ. تەرسا ئەكەلگەن ھاسىنى
ئانىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتكەنىكەن، ئانىسىنىڭ كۆزى ئېچىلىپتۇ.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەرسا مەرۋاننىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى



كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. مەرۋان ئاتا - ئانىسىنى سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپ، يوقلاپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. تەرسا ئاتىسىدىن رۇخسەت ئاپتۇ. ئۇلار ئىككى بالىسىنى ئېلىپ، بىرقانچە ئاي يول يۈرۈپ زىت ئەنسانىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. يالماۋۇز يوقالغاندىن كېيىن زىت ئەنسانىنىڭ مال - مۈلكى، ئۆي - ئىمارەتلىرى ۋە مەرۋاننىڭ ئانىسى، ئىنىسى ئەسلىگە كەلگەنىكەن. مەرۋان ئاتىسى زىت ئەنسانى سوراپتۇ.

— ئاھ ! جېنىم قىزىم، سەن كەتكەندىن كېيىن «قىزنىڭنى مەندىن قاچۇرۇپ يوق قىلىۋەتتىڭ» دەپ، پادىشاھ ئاتاڭنى زىندانغا تاشلاپ چىقارمىدى، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئانىسى. مەرۋان پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئون ئىككى يىللىق جەبىر - جاپا، كۆرگەن كۈنلىرىنى ۋە يالماۋۇزنىڭ كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ. پادىشاھنىڭ رەھمى كېلىپ، زىت ئەنسانى زىنداندىن چىقىرىپتۇ. ئاتا - بالا كۆرۈشۈپ خۇشال بولۇشۇپتۇ. مەرۋان بىلەن تەرسا بىرقانچە ئاي زىت ئەنسانىڭ يېنىدا تۇرسا، بىرقانچە ئاي ۋەزىر سىپانىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇچار ئاتنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئاتا - ئانىلىرىنى رەنجىتمەي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# شەمشىنۇر

دەقىيانۇسنىڭ زامانىسىدا يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرى ھۆكۈم سۈرگەنىكەن. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىدىن بىرى بولغان خەلەپ پادىشاھىدىن پادىشاھ خوجا ۋاپاغا ھەم ئۇنىڭ دادىسى گېردەنشاھ نامىچىغا بىر مەكتۇپ كەپتۇ. ئۇلار خەتنى ئېچىپ ئوقۇسا، مۇنداق دەپ يېزىلغانىكەن: «جانابىي ئۇلۇغ پادىشاھ خوجا ۋاپا ۋە دانىشمەن گېردەنشاھ نامىچى، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا ۋەزىرىم بىلەن ئوغلۇم سەپەر قىلدى. ئۇلارنىڭ تەشرىپىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەمدەم بولۇشۇڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. پادىشاھلار ئارىسىدىكى مۇنداق مۇناسىۋەتلەر ئەللىرىمىزنى گۈللىنىشكە ئەكېلىدۇ، مۇشۇنداق مۇتەپەككۇر ۋە ياخشىلىقلار بىز پادىشاھلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ دەپ، ئۈمىد باغلاپ ئېھتىرام بىلەن پادىشاھى خەلەپ».

بۇ خەتنى ئوقۇپ پادىشاھ خوجا ۋاپا دادىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئاتا، مېنىڭمۇ بۇ توغرۇلۇق ئويلىغىنىم بار ئىدى: پادىشاھلارنىڭ ئۆزئارا مېھمان بولۇپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلىشى تەڭدىشى يوق ئىشلاردىن بولىدۇ، بولۇپمۇ ئەلنى باشقۇرۇپ، پۇقرالارغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقان بىزلەر ئۈچۈن بۇ

پەرز ھەم قەرز. شۇڭا، مەن ئويلايمەنكى، خەلەپلىك مېھمانلار كەلگۈچە يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتسەك، بارلىقىنى ۋەزىر، ئۆلىمالىرى بىلەن مېھمانغا چاقىرساق، چوڭ بىر سورۇن تۈزسەك، مۇتەپەككۇرلارنىڭ شۇ ئولتۇرۇشىدا ئۆزئارا سۆھبەتلىشىپ، سىر ئېلىشىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمىزنى بايان ئەيلىسەك، خۇدا ۋە بەندىلەر ئالدىدا تەڭدىشى يوق ساۋاب ئىش قىلغان بولاتتۇق. سىز قانداق قارايسىز؟

— بولىدۇ، ئوغلۇم، سىز پەيغەمبەردەك سۆز قىلدىڭىز، مۇبادا نېسىپ بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرەرمىز، — دەپتۇ گېردەنشاھ.

پادىشاھ خوجا ۋاپا شۇ كۈندىن باشلاپ ۋەزىر، ئۆلىما، لەشكەر ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن ئىككى ئاي تەييارلىق قىپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ چارباغىدا مىڭلاپ قوي سويۇلۇپ، يۈزلەپ داش قازانلار ئېسىلىپ، تۈرلۈك - تۈرلۈك تائاملار ھازىرلىنىپتۇ. تەييارلانغان مەخسۇس ئورۇنلارغا داستىخانلار سېلىنىپ، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك نازۇ نېمەت تۆكۈلۈپتۇ، ھەر خىل شارابلار ھازىرلىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتە نەغمە - ناۋا، داپ - دۇمباق چېلىنىپ، ئۇسسۇللار ئوينىلىپتۇ، بىر تەرەپتە دارۋازلىق قىزىپتۇ.

يەتتە ئىقلىم بويىچە بۇ كەمگىچە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئاجايىپ ئولتۇرۇش تارىخقا يېزىلىپتۇ. ئويۇن - تاماشا ئون ئىككى كۈن داۋام قىلىپ ئاياغلىشىپتۇ.

قىرىق يىلدىن بېرى گېردەنشاھنىڭ زۇلمىدىن باشقىنى كۆرمىگەن پۇقرا خوجا ۋاپا پادىشاھ بولۇپ تەختكە ئولتۇرغاندىن بېرى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، راھەت كۆرۈۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇشۇپ، خوجا ۋاپاغا تۈگىمەس تەشەككۈرلەر ئېيتىشىپتۇ،

كىچە ـ كۈندۈز ئورددىن كەتمەي، خوجا ۋاپانىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرى، ۋەزىرلىرى، ئۆلىمالىرى ھەيران بوپتۇ، خوجا ۋاپاغا كۆپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ.

ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كېچىسى ھېكايە ئاڭلاش غەرىزى بىلەن پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىما، خەلىپىلەر مەخسۇس تەييارلانغان ئايرىم بىناغا تەكلىپ قىلىنىپتۇ. خوجا ۋاپا بۇ سۆھبەتتە ئەگەر ۋاقىت بولسا، خەلەپ پادىشاھنىڭ بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى ئەۋەتكەن مەكتۇپنى نېمە ۋەجىدىن ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە ئوغلى بىلەن ئوك قول ۋەزىرنىڭ بۇ يۇرتقا سەپەر قىلىشىدىكى سەۋەبلىرىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئاڭلاپ باقماقچى بوپتۇ.

— ھەي ئوغلۇم خوجا ۋاپا، مېھمانلار جەم بولۇپ قالدى، قىزىق پاراڭ قىلىدىغان يا بولمىسا ھېكايە ـ چۆچەك ئېيتىدىغان كىشىلەر بولسا چاقىرتىسىڭىزچۇ! — دەپتۇ گېردەنشاھ. خوجا ۋاپانىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىڭبېشى بەش ـ ئالتە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيمۇئۆي كىرىپ، قىزىقارلىق ھېكايە ئېيتىدىغان ھېكايىچى ئىزدەپتۇ، ئەمما تۇزۇكرەك بىر ئادەم تېپىلماپتۇ. ئاخىر ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئىزھار قىپتۇ. خوجا ۋاپا:

— يەتتە يىلدىن بېرى مال بېقىپ، يېڭىدىن ئوردىغا كەلگەن بىر يېتىم بالا بار، ئۇنى ھېكايىگە ئۇستا دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئەڭ بولمىغاندا شۇنى بولسىمۇ ئەكېلىڭ، — دەپتۇ.

مىڭبېشى ئۇدۇل بالىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي يېتىم! پادىشاھنىڭ ئەمرى، سېنى ھازىر يېتىپ كەلسۇن دەيدۇ، — دەپتۇ ـ دە، پادىچى بالىنى ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ.

بالا سالام قىلىپ، بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپتۇ.

يەتتە ئەقلىم پادىشاھلىرى بۇنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، پىچىرلىشىپ، بالىنىڭ ھۆسنىنىڭ چىرايلىقلىقىدىن گەپ ئېچىپتۇ. خەلىپىنىڭ شاھزادىسى بالىنىڭ جامالىدىن ھېچ كۆز ئۈزەلمەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا:

— ھەي، كىتاب ئوقۇغانمۇسەن؟ — دەپتۇ نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ گېردەنشاھنىڭ بىر ئۆلىما خەلپىسى.

— يوقسۇ، تەقسىر، كىتاب كۆرمىگەنمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ بالا.

— بولمىسا، نېمە يوغان باشلىق قىلىپ كەلدىڭ بۇ يەرگە؟ — دەپتۇ ھېلىقى خەلپە.

گېردەنشاھ ئاغزىنى ئاستا خوجا ۋاپانىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ:

— بۇ ئۇلۇغلار ئالدىدا ھېچنېمە سۆزلەپ بېرەلمەي،



بىزنى رەسۋا قىلمىغىيدى، — دەپ پىچىرلاپتۇ.

— ئېيتىپ باقسۇن، ئاتا، — دەپتۇ خوجا ۋاپا، — كۆپ يىللار مال بېقىپ، ئېغىر چىلىقنى كۆرگەن كىشى كۆپ نەرسە بىلىشى مۇمكىن.

— ھەي يېتىم قول، قىزىق ھېكايە بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ گېردەنشاھ.

— ھەممىنى بىلمەن، — دەپتۇ بالا.

— نېمىنى ئېيتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ گېردەنشاھ. بالا ھېچ ھودۇقماي ۋە ئەيمەنمەي:

— ئاڭلىغاننى ئېيتايمۇ ياكى بولغاننى ئېيتايمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئاڭلىغاندىن كۆرگەن ئارتۇق، شۇنى ئېيت ! — دەپتۇ خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلى.

شۇنىڭ بىلەن بالا ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

— بۇرۇندىن بۇرۇن، قەدىمىي زاماندىن كېيىن، ئاتام زامانىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ نۇر جامالىق بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ چىرايلىقلىقىغا دۇنيادا ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدىكەن، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، بىر گۈزەل قىز ئىكەن. كېچىسى تالاغا چىقسا، يۈزىدىن تۆكۈلگەن نۇر ئۈچ كۈنلۈك يەرگە چۈشىدىكەن. ئادەمزات ئىچىدىنلا ئەمەس، پەرىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ مۇنداق چىرايلىق قىز تېپىلمايدىكەن. پادىشاھ بۇ قىزى ئۈچۈن شەھەردىن يەتتە چاقىرىم نېرى بىر مەنزىرىلىك يەرگە مەخسۇس چارباغ ياسىتىپتۇ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىرىق قەۋەتلىك راۋاق ياسىتىپ، تاملىرىنى مەرمەردىن قىلدۇرۇپتۇ. باغقا يەتمىش ئىككى تۈرلۈك گۈل، يەتمىش ئىككى تۈرلۈك مېۋە تىككۈزۈپ، ئېرىق - كۆللىرىدە مەرۋايىتتەك سۇلارنى ئاققۇ-

زوپتۇ. چارباغ تەييار بولغاندا، بەش يۈز كېنىزەك، قىرىق ئاشپەز ۋە بىر ئىنىكئانىسى بىلەن مەلىكىنى ھېلىقى باغقا كۆچۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇ باغدا مەلىكە ئۈچۈن كۈندە مىڭ تۈرلۈك نەغمە ـ ناۋالار چېلىنىپ، كۈندە نەچچە تۈرلۈك تائاملار تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئون ئىككى ياشقا كىرگەن مەلىكىسىنىڭ داڭقى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا يېتىپتۇ، تەرەپ ـ تەرەپلەردىن ئەلچىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ كەلگەن ئەلچىلەرگە:

— قىزىمنىڭ ئەركى ئۆز قولىدا، قىزىم كىمنى ياقتۇرسا، شۇنىڭغا بېرىمەن، — دەيدىكەن. قىزى بولسا كەلگەن ئەلچىلەرنى:

— بولىدۇ، بىراق يېشىم كىچىك، چوڭ بولغاندا ئۆزۈم خەۋەر قىلاي، — دەپ قايتۇرۇپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ شەھەرگە قەشقەرىيەدىن بىر كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىش ئىزدەپ كېلىپ قاپتۇ. بالا بىر نەچچە كۈن شەھەرنى ئايلىنىپتۇ. بىر يېمىش بازىرىنىڭ ئالدىدا يىراقتىن «پوش ـ پوش ! ھاي ـ ھاي، ئەركەك بولساڭ ئۆزۈڭنى تارت !» دېگەن ئاۋاز چىقىشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلق دۇكانلىرىنى تاراقلىتىپ ئېتىشىپ، ھەر تەرەپكە قېچىشىپتۇ. بىردەمدىلا بازاردا ئەركەك زاتى قالماپتۇ. بۇ بالا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرسا، يىراقتىكى داپ ـ دۇمباق، نەغمە ـ ناۋانىڭ ئاۋازى يېقىنلىشىپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى بالا ئۆزىنى ئاستا بىر قاپاق تېرەكنىڭ ئارقىسىغا ئالغىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە ئاجايىپ زىننەتلەنگەن مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ ئوردىسىدىن ئۆزىنىڭ راۋىقىغا كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپتۇ. بالا دۇنياغا داڭقى تارقىلىپ كەتكەن بۇ مەلىكىنىڭ قانچىلىك چىرايلىق-

لىقىنى بىر كۆرەي دەپ، مەلىكە چۈشكەن مەپە قاق ئۇدۇلىغا كەلگەندە شۇنداق قارىشى بىلەن تەڭلا، پادىشاھنىڭ قىزىمۇ بالىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بالا «ئاھ !...» دەپلا شۇ يەرگىلا يىقىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزىمۇ بالىدىن كۆزىنى زادىلا ئۈزەلمەپتۇ.

مەلىكە ئوردىسىغا كەلگەندىن كېيىن چىرايى سارغىيىپ، ھالى ناچارلىشىپتۇ. بۇنى سەزگەن ئىنىكئانىسى:

— قىزىم، نېمە بولدىڭىز؟ بىردەمدىلا بىر قىسما بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئانا، مېھرىبان ئانا، يېمىش بازىرىدا ھوشىدىن كەتكەن بالىغا ئاشىق بولدۇم، ئانا، تېزرەك بېرىپ شۇ بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىڭىز ! — دەپتۇ.

ئىنىكئانىسى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، مەلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كېنىزەكلىرىدىن ئىككىنى ئېلىپ مەيىگە چۈشۈپ، ھېلىقى بالىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. قارىسا، بالا ئەمدىلەتىن ھوشىغا كېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ئىكەن. بالىنى قىزچە كىيىندۇرۇپ مەيىگە سېلىپ، قاراۋۇللارغا تۇيدۇرماي يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. كېيىن ئۇنى مەلىكىنىڭ مېۋىلىرىگە قارايدىغان قول سۇپەتلىك ياساپ، چارباغقا ئەكىرىپ قويۇپتۇ.

بالا شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك مەشۇقى مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىپ تۇرۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە ئاشىقىنى چاقىرىپ، ئون تىللا ئالتۇننى تۇتقۇزۇپ:

— سىز مۇشۇ ئون تىللا ئالتۇننى ئېلىپ ئۆز شەھىرىڭىزگە بېرىڭ، شۇ يەردە ياخشى ئىمارەت سېلىپ، ئۆي -

بىسات، مال ـ ۋاران قىلىڭ، ئۆزىڭىز ياخشى كىيىنىڭ، شۇ-نىڭ بىلەن ئاتامغا ئەلچى ئەۋەتىڭ. سىز پادىشاھنىڭ ئوغلى بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە رازىلىق بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا ئالدى بىلەن مۇنۇ ـ مۇنۇ كىشىلەرنى چاقى-رىپ ئۆيىڭىزدە مېھمان قىلىڭ، ئۇلار ئاتامنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى، ئاتام ئۇلارنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ... ئارىدىن بىر ئاينى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئاتامغا ئەلچى ئەۋەتىڭ، — دەپ ئا-شىقنى يولغا سالماقچى بوپتۇ. يىگىت يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، مەلىكىمۇ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر ـ بىرى بىلەن خوشلىشىپتۇ. ئۇلار خوشلىشىش ئالدىدا بىر ـ بىرىد-گە: «ۋەدىمىز ۋەدە، ئۆلسەكمۇ، تىرىلسەكمۇ قوشۇلىمىز» دېگەن سۆزلەرنى قىلىشىپتۇ.

يىگىت ئۈچ ئاي يول يۈرۈپ ئۆز يۇرتىغا كېلىپ، ئاتا ـ ئانىلىرى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ، يىغ-لىشىپتۇ. قارىسا، ئاتا ـ ئانىسى پادىشاھلارنىڭ دەردىنى ۋە زۇلمىنى تولا تارتىپ، ئۆي ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ھېچ



نەرسىسى قالماي، شەھەر سىرتىدا گەمە كولاپ، يولدىن ئۆتكەن كارۋانلاردىن سەدىقە تىلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن بالا ئاتا ـ ئانىسىنى پايتەختكە كۆچۈرۈپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ياخشى جاي سېتىۋېلىپ، ئاجايىپ بىر بىنا تۇرغۇزۇپتۇ... ئاندىن كېيىن، بالا مەلىكىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە شۇ قەرەلدە يۇرتقا كاتتا چاي بېرىپتۇ. بۇنىڭغا يەتتە ئىقلىمدىن سازچى، ئۇسسۇلچى، ئويۇنچىلارنى يىغقىن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى بىلەن چاقىرتىپتۇ. شۇ قاتاردا مەلىكە كۆرسەتكەن ئۈچ كىشىنىمۇ تەكلىپ قىپتۇ.

چاي تۈگەپتۇ. يۇرت ئەھلى تارقىلىش ئالدىدا، بالا مەلىكىنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن كىشىلەرگە نۇرغۇنلىغان ئالتۇن قويۇپتۇ ۋە باشقا يۇرتلاردىن كەلگەن مېھمان، سازەندە، ئۇسسۇلچى ۋە ئويۇنچىلارنىمۇ تولۇق رازى قىپتۇ. ھەممىسى بالىدىن رازى بولۇشۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا كېتىشىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىنىڭ يەتتە ئىقلىمغا داڭقى كېتىپتۇ.

بالا ئارىدىن بىر ئايىنى ئۆتكۈزۈپ، مەلىكىنىڭ دادىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. پادىشاھ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن بالىنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر سوراشتۇرۇپ قويۇپ: «قىزىم خالىسا، مېنىڭ قارشىلىقىم يوق» دېگەندىن باشقىنى ئېيتماپتۇ. ئىچىدە بولسا: «ھەي، يەتتە ئىقلىمنىڭ مەنمەن دېگەن شاھزادىلىرىنى ياراتمىغان قىزىم سېنى نېمە قىلار» دەپ ئويلاپتۇ. ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىدىنلا ئۆزلىرىنىڭ كەلگىنىگە پۇشايمان يەپتۇ. سىرتقا چىققاندىن كېيىن، ئەلچىلەردىن بىرى:

— ئاۋارە بولمايلى، مۇشۇ يەردىنلا قايتىپ كېتەيلى، — دەپتۇ.

— ياق، شۇنچە يەردىن كەلگەن ئادەم ئېغىز ئالماي، مە-

لىكىگە بىر يولۇقۇپ، سۆزىنى ئاڭلاپ كېتەيلى، — دەپتۇ يە-نە بىرى.

— «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ بار، بىز ئەلچى، بىزنى ھېچكىم قوغلىۋەتمەيدۇ. ياخشىسى مەلىكىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن جاۋاب ئېلىپ كېتەيلى، — دەپتۇ ئايال ئەلچى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنى ماقۇل كۆرۈشۈپ، ئەتىسى ئايال ئەلچىنى مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئەلچى ئايال دەككە - دۈككىدە مەلىكىنىڭ ئىنىكئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ ئاشىقىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىد-نى مەلىكىگە دەررۇ يەتكۈزۈپتۇ.

— كىرسۇن، — دەپتۇ مەلىكە ئەلچى ئايالنى. ئەلچى كىرىپ، مەلىكىنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرۈپ «ئادەممۇ، پە-رىمۇ؟ بۇ قىز ھەرگىز ئۇنىڭغا تەگمەيدۇ. خاتا قىلغانىكەن-مەن...» دېگەن تەشۋىشلەر ئىچىدە تۇرغاندا، مەلىكە:

— ئانا، سىز قورقماڭ، مەن سىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىمەن، سىزنىڭ كەلگىنىڭىز مېنىڭ خىزمىتىم ئۈ-چۈن ماڭغانلىقىڭىز بولىدۇ، — دەپ خۇش مۇئامىلە بىلەن قارشى ئاپتۇ. ئىنىكئانا مەلىكىنىڭ يىگىتكە رازىلىق بەرگەند-لىكىنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، بىر پەس دېمى ئىچىگە چۈشۈپتۇ.

پادىشاھ شۇ زامات ۋەزىر، ئۆلىما ۋە يېقىنلىرىنى چاقىد-رىپ، قىزىنىڭ ھېلىقى يىگىتكە تېگىشكە رازى بولغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىشقا ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ، ھەر خىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپتۇ.

پادىشاھ ئاخىر رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ. يەتتە ئىقلىمغا چاي قۇيۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىپتۇ. مەلىكە

بالىنىڭ ئىكاھىدا بوپتۇ.

ئارىدىن ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇلارنىڭ ئوتتۇ-رىسىدىن بىر قىز پەرزەنت دۇنياغا كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى شەمشىنۇر قويۇپتۇ. قىز يەتتە ياشقا كىرىپتۇ. قىزنىڭ ئە-قىللىقلىقىغا ئاتا - ئانىلىرى، ھەتتا بوۋا - موماىلىرىمۇ ھەيران قاپتۇ. شەمشىنۇر ئاتا - ئانا ۋە بوۋىلىرىنىڭ يۇرتنى سوراشتىكى ناھەقچىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن كىچىكىدىنلا قايغۇ-رىدىغان، ھەقىقەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان بولۇپ ئۆسۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئانىسى مەلىكە دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. شەمە-شىنۇرنىڭ بەختسىزلىككە يۈزلىنىشى شۇنىڭدىن باشلىنىپتۇ. ئاتا - بالا ئىككىسى يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئانىنى دەپنە قىپتۇ، ئانىنىڭ يىل نەزىرىنىمۇ بېرىپتۇ...

كۈنلەردىن بىر كۈنى شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسى پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئاتا، مەن سىلىگە ئون نەچچە يىل كۈيئوغۇل بولدۇم، ياخشى - يامان بولسامۇ، ئالدىلىرىدا تۇردۇم. خۇدانىڭ تەق-دىرى بىلەن مەلىكە دۇنيادىن ئۆتتى. مانا يىلمۇ ئۆتتى، ئەمدى مەن ئۆز يۇرتۇمغا بېرىپ ئاتا - ئانىلىرىمنى، يۇرتۇمنى، قوۋم - قېرىنداشلىرىمنى كۆرۈپ كېلەي، شەمشىنۇر سىلى-نىڭ يانلىرىدا تۇرسۇن، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىرپەس قايغۇغا چۆمۈپ، بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «خەير، ئامالىم يوق» دەپتۇ - دە، رازىلىق بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۈيئوغۇل تەييارلىق قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ مېڭىش ئالدىدا پادىشاھ:

— ئوغلۇم، سىز ئۆز ئوغلۇمدەك بولۇپ قالغانىدىڭىز. مەن بولسام قېرىدىم، سىز بولمىسىڭىز مېنىڭ يۇرتنى باش-قۇرۇشۇممۇ تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلىرىڭىزنى ئە-

كەلسڭىز، مۇشۇ يەردە بىللە مۇڭدىشىپ، بىللە ئۆتسەك، سىز قايتىپ كەلگەندە پادىشاھلىقنى سىزگە بەرسەم، يۇرتىنىڭ پىكرىمۇ شۇنداق، — دەپتۇ.

ئاتىسى ئۆز يۇرتىغا كېتىپ، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شەمشىنۇر ئون ئىككى ياشقا كىرىپتۇ. بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق قىز بوپتۇكى، ئۇنى كۆرگەن ئادەملەر ھوشىدىن كېتىدىكەن، بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىدىن ئاي بىلەن كۈنمۇ خىجىل بولىدىكەن. «ئادەمزاتتىن مۇنداقمۇ گۈزەل قىز تۇغۇلىدىكەن !» دەپ، ئەھلى يۇرتنىڭ ھەممىسى ھەيران بوپتۇ.

شەمشىنۇر ئون ئۈچ ياشقا كىرگىنىگە قارىماي، پادىشاھلارنىڭ ئەلچىلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ. پادىشاھ نەۋرىسىنىڭ ئۆز دادىسى كەلمىگۇچە بىرنېمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بارلىق ئەلچىلەرنى قايتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ جامائەتنىڭ نەزىرى چۈشكەن نەۋرىسىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنىڭ پىر ئۇستازى خەلپىگە تاپشۇرماقچى بوپتۇ. بۇ خەلپە ناھايىتى موللا، تەقۋادار ھەم ئۆلىما ئادەم بولۇپ، ئۆزىمۇ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەن، يەتتە ئىقلىم بويىچە مۆرىتى يەتتە مىڭغا يەتكەنىكەن. پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى بۇ كىشىنىڭ مۆرىتى ئىكەن. شەمشىنۇرنىڭ بوۋىسى ھەر جۈمە كۈنى خەلپىنى مەپە بىلەن ئۆز يېنىغا ئەكېلىپ، ئۇنىڭدىن دەرس ئاڭلايدىكەن ۋە ئەقىل ئۆگىنىدىكەن.

روزا ئېيىنىڭ بىر كۈنى پادىشاھ خەلپىنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ بولغاندىن كېيىن:

— پىر ئۇستازىم، ئۆلۈپ كەتكەن قىزىمدىن بىر قىز نەۋرە قالغانىدى، بالىنىڭ ئاتىسى قىزىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا سەپەر قىلىپ، كۆپ يىل بولدى كەلمىدى. كۈيئوغلۇم كېتەر ئالدىدا قىزنى ماڭا ئامانەت قويغانىدى. يەتتە

ئىقلىمدىن ئەلچى كېلىپ، قولىقىمنى خوپ ئاغرىتتى. بالىنى ساقلاشتىنمۇ قورقۇپ قالدىم. نەۋرەمنى سىلىگە تاپشۇرسام، دادىسى كەلگۈچە سىلىنىڭ ئۆيلىرىدە تۇرسا، تاھارەتلىرىگە سۇ بەرسە، دىگەن ئويدا بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— خوپ، — دەپتۇ خەلپە، — بىر بالىنىڭ ھېچ ئار- تۇقچىلىقى يوق، سىلىنىڭ نەۋرىلىرى مېنىڭ نەۋرەم، كىشى- نىڭ ئامانىتىنى ياخشى ساقلاپ، ئاسراپ ئىگىسىگە تاپشۇ- رۇش ناھايىتى ئۇلۇغ ۋە ساۋاب ئىشتۇر...

شەمشىنۇر خەلپىنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، خەلپە ئۇنى «نامەھرەم» دەپ چەكلەپ، تالا - تۈزگىمۇ چىقارماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كەچقۇرۇن خەلپە باغدىن قايتىپ چىقىپ كېلىۋېتىپ، شەمشىنۇرنى يىراقتىن كۆرۈپتۇ، بىراق تونۇماپتۇ. شۇنداقتىمۇ بىر قاراپلا «ئاھ، پەرىمىدۇ، ئادەم-



مىدۇ؟ ! نېمە بولساڭمۇ مەن ساڭا ئاشىق بولدۇم» دەپلا ھو-شىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلىپتۇ.

پادىچى بالا ھېكايىسىنى ئېيتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سول تەرەپتە ئولتۇرغان خەلپە ئۆڭۈپ - تاتىرىپ، ئورنىدا تىنچ ئولتۇرالماي:

— ھەي ئەخمەق، شۇم كاززاپ، قوي، يوق نېمىنى بىلـ-جىرلىما ! — دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ. بالا جىم بولۇپ قاپتۇ، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇشۇپ بىر - بىرلىرىگە قارىشىپتۇ.

— ئېيتسۇن، ئېيت، ئوغلۇم، — دەپ ئەمر قىپتۇ پادى-شاھ خوجا ۋاپا.

— ئېيتسۇن، ئېيتسۇن، — دەپ تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىرىشىپتۇ ھەممەيلەن.

بالا يەنە پادىشاھ خوجا ۋاپانىڭ بۇيرۇقىدىن روھلىنىپ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

خەلپە بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ، ھېچنېمە كۆرمىگەن ئادەم بولۇپ خو-تۇنلىرىدىن:

— بايا باغدىن سۇپۇرگە ئېلىپ ماڭغان قايسىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شەمشىنۇر سۇپۇرگە كۆتۈرۈپ يۈرەتتى، بەلكىم شۇ-دۇر، — دەپتۇ چوڭ خوتۇنى.

— ھە... — دەپ قويۇپتۇ خەلپە.

خەلپە شۇ كۈندىن باشلاپ شەمشىنۇرغا ئاشىق بوپتۇ، قىزنى قورۇغا كىرگەن خوتۇنلاردىنمۇ قاچۇرىدىغان بوپتۇ، ئاخىر بىرىپ ئۇنى قورۇنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆيگە بەند قىپتۇ، قىزنىڭ ئەھۋالىنى كۈندە ئىككى - ئۈچ قېتىم

سوراپ، جامالىنى كۆرۈپ چىقىدىغان بوپتۇ. شەمشىنۇر خەل-
پىنىڭ مۇنداق يېقىنچىلىق قىلىشىدىن، پېشانىسىدىن تۆۋەن-
لەپ سۆيۈشكە باشلىغانلىقىدىن گۇمان قىلىشقا باشلاپتۇ.
خەلپە كۈندىن - كۈنگە قىزنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، مەسچىتكە-
مۇ ۋە چاقىرغان يەرلەرگىمۇ بارمايدىغان بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن خەلپە پۇرسەت ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ.
بىر كۈنى خەلپە بىر ئۆيگە كەپتۇ - دە، خوتۇنلىرىنى چاقىرىپ:

— بۈگۈن تېرەكمازاردىكى ئىنىم رەخمىدىن چۈشۈمگە
كىرىپ قاپتۇ. سىلەرگە بۈگۈن رۇخسەت، شۇلارنىڭ ئۆيىگە
بېرىپ هال - ئەهۋال سوراپ، مېنىڭ ئەۋەتكەنلىكىمنى ئېيت-
تىپ، مېهمان بولۇپ كېلىڭلار. يولدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە
ئارتۇقچە قارىماڭلار، يۈزۈڭلار يەردە بولسۇن. ئانچە كەچ قال-
ماي، دىگەرنى ئۆتكۈزۈپلا قايتىپ كېلىڭلار، — دەپ ئۇلارنى
يولغا سالپتۇ.

خوتۇنلىرى خەلپىنىڭ بۇ كەڭچىلىكىگە هەيران بولۇ-
شۇپ، خۇشاللىقىدا هېچنېمىنى ئويلىماي، ئۇپۇل - تۇپۇل
ياسىنىپتۇ، ئادىمەتچىلىكىنى تەييارلاپ، مەپە بىلەن يولغا
راۋان بوپتۇ. خەلپە بولسا، ئاستا خوتۇنلىرىنىڭ كەينىدىن
چىقىپ دەرۋازىنى مەهكەم تاقاپتۇ - دە، تۇپتوغرا شەمشىنۇر-
نىڭ يېنىغا كىرىپ:

— قىزىم، — دەپ ئەنسىز ئاۋازدا چاقىرىپتۇ.

— لەببەي، — دەپ هېچنېمە بىلمىگەن قىز ئورنىدىن
تۇرۇپتۇ.

— ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ، ئاپتۇۋىنى ئېلىڭ، —
دەپتۇ خەلپە.

شەمشىنۇر ئاپتۇۋىنى ناهايىتى چاققانلىق بىلەن ئېلىپ
شۇنداق سۇنۇشىغا، خەلپە قىزنىڭ بىلىكىنى كاپلا تۇتۇپ قۇ-

چاقلاپ، سۆيۈشكە تەمشىلىپتۇ. قىز بىرلا سىلكىنىپ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپتۇ ـ دە، بىر قەدەم نېرى قېچىپ، خەلپىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ھەي، قايسى يۈزۈڭ بىلەن ماڭا خىيانەت قىلىۋاتىسەن، قېرى؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئىشنىڭ مۇنداق تۈس ئالغىنىنى كۆرگەن خەلپە:

— سۇف، سۇف، سۇف ! توۋا قىل، ھازىر توۋا قىل، كاپىر بولدۇڭ، دىنىڭدىن چىقتىڭ، ماڭا ھاقارەت قىلغىنىڭ ئۈچۈن توۋا قىل ! ... — دەپتۇ.

— توۋا قىلمايمەن، سېنىڭدەك قارا يۈزلەر ئۈچۈن گۇناھكار بولسام بولاي، — دەپ ئۇن سېلىپ ۋارقىراپتۇ شەمشىنۇر.

— ئەخمەق، ئۇنۇڭنى چىقارما ! — دېگىنىچە خەلپە قىزنى بىر كاچات ئۇرۇۋېتىپتۇ. قىز:

— مۇناپىق پوق ساقال، يوقال كۆزۈمدىن ! — دەپلا قولىدىكى ئاپتۇۋىنى خەلپىگە ئېتىپتۇ، ئاپتۇۋا خەلپىنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ ئۆيۈۋېتىپتۇ. خەلپە شۇ يەردىلا ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. شەمشىنۇر بولسا، بېشىغا پۈركەنجىسىنى ئارتىپ دەرۋازىدىن چىققان پېتى كېچىلەپ بوۋىسىنىڭ ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ ـ دە، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك بولۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— قىزىم، نېمىشقا كېچىلەپ يېنىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىغاندا، قىز ئۇنىڭغا:

— سىلەر چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىلەر، كۆرگۈم كېلىپ زادى تۇرالماي يېنىپ كەلدىم، — دەپ قويۇپتۇ.

— ھە، — دەپتۇ پادىشاھ، — قىزىم، مۇنداق كېچىلىرى ماڭما، بالا ـ قازاغا ئۇچراپ قالما، پەخەس بول ! — دەپتۇ.

خەلپە ھوشىغا كېلىپ قارىسا، يېنىدا ھېچ كىشى يوق.

ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، يوغان ئاق لاتا بىلەن بېشىنى تېڭىپ، كېچىنى «ۋاي ـ ۋاي» بىلەن ئۆتـ كۈزۈپتۇ. تاڭ ئاتماي ئورنىدىن تۇرۇپ ھاسىسىغا تايىنىپ، پاـ دىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

پادىشاھ ئەمدىلا تەختكە چىققاندا، خەلپە تەمتىلەپ كىرىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ:

— ۋاي نېمە بولدىلا؟ كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، — دەپ يېـ نىغا ئولتۇرغۇزغاندا، ۋەزىر، ئۆلىمالار ئولىشىپ كېتىپتۇ. خەلپە گەپنى نېمىدىن باشلىشىنى بىلمەي، بىرپەس تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئېيتسىلا، خەلپەم، — دەپ پادىشاھ غەزەپلىنىپ سۆزلەپتۇ، — ئېيتسىلا، مېنىڭ زامانىمدا سىلىنى تاك ئېـ تىدىغان قانداق مەخلۇقكەن ئۇ؟ !

خەلپە بېشىنى تۇتقان ھالدا:

— ئېيتسام سەت بولىدۇ، ئېيتمىسام دەرد بولىدۇ، بۇ ئىشقا ... — دەپتۇ.

— قانداق ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە پادىشاھ.

— ئەل ياتار ئالدىدا تەرەتكە چىقسام، باغنىڭ ئارقىسىدا ئىككى نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ۋاي، ئامانەتنى ئوغرىلاشـ قا كەلگەن بىرنېمىلەر بولمىسۇن يەنە دەپ، ئاستا ماراپ بارـ سام، نەۋرىڭىز بىر يىگىت بىلەن ئويىنىشىپ تۇرغانىكەن. مېـ نى كۆرۈپ ئۇ مەخلۇق تاش بىلەن بېشىمغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، ھوشۇمنى يوقىتىپ، شۇ يەردىلا يىقىلىپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرسام، ئىنسۇجىن يوق، مانا بولغان ئىش، — دەپتۇ خەلپە.

— جاللات ! — دەپتىكەن پادىشاھ، دەررۇ ئىككى جاللات پەيدا بوپتۇ، پادىشاھ:

— ئاۋۇ شۇمنى ئاچقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار ! — دەپ ئەمر قىپتۇ.

ھېكايە مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاڭلاۋاتقانلاردىن گېردەن-شاھ:

— قوي، ئەخمەق ! ھەممىسى يالغان، يالغاننى ئېيتىپ بىزنى مەسخىرە قىلما ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. مەسلىنىڭ يې-شىلىپ كېلىۋاتقىنىنى بايقاپ، يۈركى ئويناپ كېتىپ بارغان پادىشاھ خوجا ۋاپا:

— ئېيتسۇن، ئاتا، بۇ چۆچەك، — دەپ ئاتىسىنى بېسىپتۇ.

پادىچى بالا ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئىككى جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قەدەملىرىنى رۇسلاپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، پا-دىشاھنىڭ ئەقىلدارى مۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھئالەم، ئۇنى ئۆلتۈرۈش سىز ئۈچۈن ئابرۇي ئەمەس. ئۇنداق قىلىش ئامانەتكە خىيانەت بولىدۇ. ياخشىسى قىزنى بىر جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتەيلى، شۇ يەردە ئۇنى يىرتقۇچلار تالاپ - يەپ تۈگەتسۇن. ھايۋانلىق قىلغان بەندى-نىڭ ئازابىنى ھايۋانلار بەرسۇن.

پادىشاھ باشقىدىن ئەمر قىپتۇ. لەشكەرلەر شەمشىنۇرنى يەتتە كۈنلۈك يول يۈ-رۈپ، بارسا - كەلمەس بىر جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ. قىز بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېچىنى شۇ يەردە ئۆت-كۈزۈپ، تاڭ ئاتقاندا بې-شى قايغان، پۇتى تايغان



ياقىدا مېڭىپتۇ، قاڭغىر قاقشاپ، گىياھلارنىڭ يىلتىزلىرىنى يەپ، ئۇچ ئاي چۆل - جەزىرىدە ئاچ - توق يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى كۆيۈپ تۇرغان كۈن ئىسسىقىدا دەشت - چۆلنى كېزىپ، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ كېتىپ بارسا، يىراقتىن بىر تۈپ چىنار كۆرۈنۈپتۇ. چىنار ئۈستىدىن قاغىلار يەرگە چۈشۈپ، يەنە ئۇچۇپ چىنارغا قونغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. قىز مۇشۇ يەردە سۇ بولسا كېرەك دېگەن ئويغا كەپتۇ. ئاندىن خۇدا دەپ شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. يىراقتىن بۇلاقنىڭ سۈيى پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. ھاسىراپ - ھۆمىدەپ مېڭىپ سۇغا قىرىق چامدام قالغاندا، شەمشىنۇر يىقىلىپتۇ، قانچە غەيرەت قىلسىمۇ ھېچ بولالماي يېتىپ قاپتۇ.

— ئەمدى گەپنى شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسىدىن باشلايلى، — دەپ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ پادىچى بالا، — ئاتىسى ئۇچ ئاي يول يۈرۈپ ئۆز يۇرتىغا بېرىپتۇ. نەق چۈش مەزگىلىدە شەھەرگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، شەھەر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن، كوچا - كوچىلاردا يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئادەملەر ماكانسىز، كىيىمسىز، ئاچ - زېرىن ياتقان.

«ئاھ، بۇ قانداق زامان؟! زامانەڭگە لەنەت!» دەپتۇ شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسى، ئاندىن ئۇ ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆزى سالدۇرغان دەرۋازىغا كېلىپ، ھويلىغا كىرەي دېسە قاراۋۇل:

— جان كېرەك بولسا، قايت ئارقاڭغا! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇ ئارقىغا قايتىپ:

— بۇ كىمنىڭ جايى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھنىڭ، — دەپتۇ قاراۋۇل.

— بۇرۇن كىمنىڭ جايى ئىدى؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ شەمشىنۇرنىڭ دادىسى.

— بىلمەيمەن، يوقال ! — دەپ قوغلاپتۇ قاراۋۇل.

شەمشىنۇرنىڭ ئاتىسى بىرنەچچە يىل ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاچتىن ئۆلۈپ كەتكەن يەرلىرىنى تېپىپتۇ، يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاتا - ئانىسىغا گۈمبەز تۇرغۇزۇپ، نەزىر - چىراغ بېرىپ، تۇغۇلغان يېرى بىلەن خوشلىشىپ، قىزىنىڭ يېنىغا قايتىپتۇ. بىرنەچچە ئاي يول يۈرۈپ، قېيناتىسىنىڭ يۇرتىغا كەپتۇ. ئۇلار بىلەن سالا-مەت كۆرۈشۈپتۇ. ئۇ قېيناتىسىدىن:

— ئاتا، قىزىم قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغلۇم، سىز ئۇ مۇناپىقنى قىزىم دېمەڭ، ھايۋانغا ئوخشاش قىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇدا ئۇنىڭ جاجىسىنى بەردى، — دەپتۇ پادىشاھ.

ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقمىغان كۈيئوغلى ئۆيىگە كىرىپ يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ھېچ ئورنىغا كەلمەپتۇ. لېكىن،



مۇنداق ئەقىللىق قىزنىڭ قانداقلارچە ھايۋانغا ئوخشاش قىلىق قىلغانلىقىغا ئەجەبلىنىپتۇ، ئىچىدە مۇتلەق ئىشەنمەپتۇ، «خەپ !» دېمەكتىن باشقىنى ئېيتالماپتۇ. ئاتىنىڭ ئىچىگە دەرد ـ ئەلەم توشۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھ قاتتىق كېسەلگە مۇپتىلا بوپتۇ، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە داۋا بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھ ۋەزىر، ئۆلىما ۋە لەشكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ، شۇلارنىڭ ئالدىدا پادىشاھلىقىنى كۈيئوغلىغا تاپشۇرۇپتۇ. كۈيئوغلى شۇنىڭدىن باشلاپ پادىشاھ بولۇپ، تەختتە ئولتۇرۇپتۇ...

شۇ كۈنلەردە خەلپ پادىشاھنىڭ ئوغلى ئون سەككىز ياشقا كىرىپ، ئۆز تەۋەسىدە پالۋان بوپتۇ. بىر كۈنى شاھزادە ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئىككى يۈز يىگىتى بىلەن شىكارغا چىقىپتۇ، ئۇلار چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ، ھېچ ئوۋ قىلالماپتۇ. تۇزۇكرەك بىرنەرسە ئوۋلىيالمىغانلىقىغا بەك خاپا بولغان شاھزادە يىگىتلىرىگە مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي يىگىتلىرىم، چۆل ـ باياۋاننى ئاختۇرغىنىمىزغا بىر ئايدىن ئارتۇق بولدى، كۆزگە چۈشكۈدەك بىرەرنەرسە ئوۋلىيالمىدۇق. ئاتلىرىمىز ھاردى، تايغانلىرىمىز چارچىدى، ئۆزىمىزمۇ بىر يەرگە باردۇق. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى بولمىسا كېرەك. خۇدا ئالدىدا كۈپۈرلۈق سۆزلەپ قويۇۋىدۇقمىكىن، شۇنچە يۈرۈپ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق شەھەرگە قايتىش ئوۋچىنىڭ ئىشى ئەمەس، خەلقئالەم ئالدىدا ئۇياتقا قالغانلىق.

— ئېيتقانلىرى توغرا، شەھەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئوزۇق ئالدۇرۇپ، يەنە بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلاپ كۆرەيلى، — دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ يىگىتلەر.

شۇ ئەسنادا شاھزادىنىڭ قولىدىكى بۈركۈت يىراققا قاراپ تەلپۈنۈپتۇ. شاھزادە دەررۇ قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ. قۇش ناھا-

يىتى تېز ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، توپتوغرا بىر جىراغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ پەسكە چۈشۈپتۇ. يىگىتلەر ئارقىسىدىن ئات چېپىپتۇ، ھېچ يەردىن ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرەلمەپتۇ. بىر ۋاقىتتا يىگىتلەردىن بىرى يىراقتا بىر توپ چىنار ئۈستىدە قۇشنىڭ قانىتىنى كېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئىلدام بېرىپ قارىسا، قۇش قانىتىنى ساڭگىلىتىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان. لېكىن، يىگىتلەر قانچە ئامال قىلسىمۇ قۇشنى ھېچ چۈشۈرەلمەپتۇ. ئامال بولمىغاندىن كېيىن، ھەممىسى شاھزادىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. شاھزادە يالغۇز چىنارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئاتتىن چۈشۈپتۇ ـ دە، قولىغا گۈشنى ئېلىپ «گاھ، گاھ !» دەپ بىر پەس ئاۋارە بوپتۇ، لېكىن قۇش زادىلا چۈشمەپتۇ. بىر-ھازادىن كېيىن قۇش چىناردىن كۆتۈرۈلۈپ، قىرىق قەدەم نېرىغا چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا شاھزادە ئۇياققا قاراپ، ئادەمزات-نىڭ بارلىقىنى كۆرۈپتۇ. بارسا، بىر پەرى ياتقان. شاھزادە ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە:

— ھەي، سىز ئادەممۇ، پەرىمۇ؟ ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئاھ، سۇ... سۇ... سۇ... — دەپتۇ شەمشىنۇر ئارتۇق سۆز قىلىشقا مادارى يەتمەي.

شاھزادە قىزنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. قىز سۇنى ئىچكەندىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ھوشىغا كەپتۇ ۋە ئاستا ئۆزىنى يىگىتتىن نېرى تارتىپ تەزىم قىلىپ، يەرگە قارىغان پېتى تۇرۇپ قاپتۇ.

— ھەي قىز، سىز قايسى باغنىڭ گۈلىسىز، قايسى بوستاننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ نېمە ۋەجدىن چۆل ـ باياۋانلارغا تاشلاندىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆتكەننى سىز سورىماڭ، بولغاننى مەن ئېيتماي. ئە-

گەر خالىسىڭىز ئەكېتىڭ، بولمىسا سىزنى مەن كۆرمىدىم، سىز مېنى كۆرمىدىڭىز، — دەپتۇ شەمشىنۇر.

شاھزادە شەمشىنۇرنى ئېلىپ، يىگىتلىرىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. يىگىتلەر ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، شاھزادىگە قايتىپ كېتىشنى تەكلىپ قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرگە قايتىپتۇ. شاھزادە ئوردىغا كېلىپ، ئىككى يىقىن ئاغىنىسىگە قىزنى ئانىسىغا ئەكىرىپ بېرىشنى ۋە ياخشى كىيىندۇرۇپ، ياخشى كۇتۇشنى تاپشۇرۇپتۇ. ئانىسى شەمشىنۇرنى ئىشەنچلىك ئىككى كېنىزەككە تاپشۇرۇپتۇ. كېنىزەكلەر ياخشى كىيىندۇرۇپ، ياخشى كۇتۇپ، قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپتۇ.

بۇ ۋەقەدىن خەلەپ پادىشاھى خەۋەر تېپىپ، خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

— ھەي خوتۇن، بىر ۋەقە ئاڭلايمەن، راستمۇ؟

— ئېيتىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇ شۇنداق چىرايلىق قىزكەنكى، ھۆرلەرنىڭ قىزلىرى بىر ياقتا قالسۇن، بىر كۆرۈپلا مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا مېھرىم چۈشۈپ قالدى.

ئەتىسى خەلەپ پادىشاھى ئوغلىنى چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئاناڭدىن ئاڭلىسام، ئوۋدىن بىر قىزنى ئەكەپسەن، شۇ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— راست، ئاتا، شۇنداق بولدى، — دەپتۇ ئوغلى.

— ھىم !... — دەپتۇ پادىشاھ، — ئۇ كىمنىڭ بالىۋاقىسىدىكەن؟ قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۇنى ئەكەلدىڭ؟

شاھزادە ئۇ قىزنى چۆل - جەزىرىدىن تېپىۋالغىنىنىلا ئېيتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ نىكاھىغا ئېلىش خاھىشىنى ئىزھار قىپتۇ.

— ھەي، سەن دېگەن يەتتە ئىقلىمنىڭ ئەڭ ئابرۇيلۇق پادىشاھىنىڭ ئوغلى تۇرۇپ، باياۋاندىن تېپىۋالغان قىزنى ئال-

ماقچىمۇ؟ ياق، ئوغلۇم، سەن باللىق قىلما! — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئاتا، راستىنى ئېيتسام، مەن چۈشۈمدە مۇشۇ قىزغا ئاشىق بولغانىدىم، مانا توغرا ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، شۇ چۈشۈمدىكى قىزنى تاپتىم، شۇڭا بۇ مەشۇقۇمدىن ئايرىلىپ چىدىيالمايمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

خەلەپ پادىشاھى بۇ سۆزدىن كېيىن لام - جىم دېمەپتۇ. ئەتىسى خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شەمشىنۇرنى چاقىرتىپتۇ. قىز يۈزىگە چۈمپەردە تارتىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بۇنداق چىرايلىق قىزنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە پادىشاھنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ، ئاخىر قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، شەمشىنۇر توققۇز ئاي توققۇز كۈن توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. يىل ئۆتۈپ، با-



لىنىڭ «دادا، ئانا» دەپ تىلى چىقىپتۇ. بالا بەش ياشقا كىرگەندە، چوڭ ئالىملارنىڭ سۆزىنى قىلىدىغان ئەقىللىق، چىرايلىق بىر بالا بوپتۇ.

شاھزادە ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە، ئوغلى ئانىسىغا ھەمراھ بولۇپ قالىدىكەن. شۇنداق كۈنلەردە، ئانىسى ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆز - ئۆزىچە يىغلايدىكەن، قاقشايدىكەن، كۆزى ياشتىن قۇرۇمايدىكەن. بىر كۈنى ئوغلى مەكتەپتىن كېلىپ، ئانىسىنىڭ: «خۇدايىم، مۇشۇنداق كۈنلەردە ئاتا - ئانام يېنىمدا بولسا نېمە دەر ئىدى، ئانامغۇ ئۆلۈپ كەتكەن، دادام يېنىمدا بولسىچۇ كاشكى...» دەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. مانا شۇنداق يىغلاۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شاھزادە ئوۋدىن كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە:

— ھەي خوتۇن، بېشىڭغا نېمە دەرد كەلدى؟ ئېيت، ساڭا زۇلۇم قىلغان كىم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، ھېچكىم ماڭا زۇلۇم قىلغىنى يوق ! لېكىن مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەنلەرگە يىغلايمەن ! — دەپتۇ شەمشىنۇر.

— ئېيت، ئەنتىڭ بولسا ئالارمەن، ئارمىنىڭ بولسا يەتكۈزەرمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— ئېيتسام تىلىم كۆيىدۇ، ئېيتمىسام دىلىم... — دەپتۇ خوتۇنى.

— ئېيت، تارتىنما، سېنىڭ دىلىڭنىڭ ئاغرىماسلىقى ئۈچۈن نەپسىمنىڭ ئاخىرىغىچە كۈرەشەرمەن، بولمىسا ئۇنىڭ ئامالىنى تاپارمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— دادام بار مېنىڭ، بوۋام بار مېنىڭ، ئانامدىن ئايرىلغان چاغدا، يەتتىدە ئىدى يېشىم. ئەمدى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا دادامنى ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىمنى بىر كۆرسەم، دېگەن ئارمىنىم، — دەپتۇ خوتۇنى.

— نىمىشقا ئىپىتمىدىڭ بۇ چاغقا، ئەگەر بولسا داداڭ، بىر ئايغا قالماي يەتكۈزەرمەن ئۇياققا، — دەپ خوتۇننى بەز-لەپتۇ ئىرى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا شاھزادە ئاتىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ھەي ئاتا، كېلىنىڭىزدىن ئىچىلمىغان سىر بوگۈن ئىچىلدى، ئۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ داڭلىق پادىشاھىنىڭ نەۋرىسى ئىكەن. ئانىسى يەتتە يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەنىكەن، ئاتىسى، بوۋىسى ھايات ئىكەن، شۇلارنى كۆرسەم دەپ يىغلايدىكەن، — دەپتۇ. خەلەپ پادىشاھى بىرپەس ئويلاپ:

— رىۋايەتلەر بويىچە، بۇ ئىپىتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا. بۇ چاغقىچە تۇغقانلىرىغا خەۋەرنى بەرمىگەنلىكىمىز ئۇيات ئىش بوپتۇ. ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىز ھەقلىق، — دەپتۇ

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، خەلەپ پادىشاھى نا-ھايىتى كاتتا تەييارلىق قىلىپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ، خوتۇنى ۋە ئوڭ قول ۋەزىرىنى باش قىلىپ، بەش يۈز لەشكەر، ئۈچ قىز بىلەن كېلىننى ئاتىسى ۋە بوۋىسىنىڭ يۇرتىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئىككى ئاي يول يۈرۈپتۇ، دەشت - باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بىر كۈنى چىڭقىچۈش مەزگىلى بول-غاندا، ئۇلار ھېلىقى بىر توپ چىنار تۈۋىگە كېلىپ ئاتمە-شىنچى كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

شەمشىنۇر ئالاھىدە تىكىلگەن چېدىرغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ-تۇ، ئەتراپىغا قىزلار، قاراۋۇللار قويۇلۇپتۇ. شەمشىنۇر چې-دىردا يالغۇز يېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇ ئورنىدىن تۇ-رۇپ، بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن چىنار تۈۋىدە تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئەسلەپ يىغلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار بى-لەن بىللە كېلىۋاتقان خەلەپ پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى

يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەرىكەتلىنىپ، شەمشى-نۇرنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان ئون قاراۋۇلنى پادىشاھنىڭ خوتۇ-نى ياتقان چېدىرنىڭ ئەتراپىغا يۆتكەپتۇ. قاراۋۇللارنىڭ دىققى-تىنى شۇ يەرگە بۇراپ قويۇپ، ئۆزى ئۇخلىماي ئەتراپقا كۆز سالغان بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئىككى ئايدىن بېرى يول ئازابىنى تارتقان لەشكەر، كېنىزەك ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، پادىشاھنىڭ خوتۇنمۇ قاتتىق ئۇخلاپ كې-تىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقىپتۇ ـ دە، دەرھال ئۆز چېدىرىغا كىرىپ يېشىنىپ، ئاق ئىشتان، ئاق كۆڭلەك كىيىپ، پەرىجىنى يې-پىنىپتۇ. ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ خەلەپ پادىشاھى-نىڭ كېلىنىنىڭ چېدىرىغا كېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا بىر قارى-ۋېتىپ چېدىرنىڭ بىر چېتىنى ئاستا قايرىپ، يەر بېغىرلاپ ئېڭىشىپ شەمشىنۇرنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ...

پادىچى بالىنىڭ ھېكايىسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۆردە ئولتۇرغانلارنىڭ بىرى:

— ھەي، جۆيلۈمە ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئېيتسۇن، سىزنىڭ بالىنى چەكلەشكە ھەققىڭىز يوق، جانابىي ۋەزىر. ئېيتقىنى يالغان ئەمەس، — دەرغەزەپ بوپتۇ خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلى.

— ئېيت، ئوغلۇم، ئېيتۋەر ! — دەپتۇ پادىشاھ خوجا ۋاپا.

بالا يەنە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— چېدىر ئىچىدە خەلەپ پادىشاھنىڭ كېلىنى شەمشى-نۇرنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى تولۇن ئايدەك ياتـ-قانىكەن. شەمشىنۇر بولسا ئۆتمۈشتىكى كۈنلىرىنى ۋە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ يېنىغا بارغاندا بولىدىغان ئىشلارنى ئويلاپ، ئاللى-

قانداق خىياللارنى قىلىپ تېخى ئۇخلىمىغانىكەن. ئۇ ئۇنىڭ يېرىنغا ئۆرۈلۈپ ياتاي دېگەندە، بېشىدىن - ئايىغىغىچە ئاپئاق كېيىنگەن ئادەمنى كۆرۈپتۇ - دە، «ۋاي ئانام» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ. شەمشىنۇر يەنە بىر تۇرۇپ خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن ماڭا كەلگەن خىزىر بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كەپتۇ، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئاندىن كېيىن:

— كىم سىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن، جېنىم !... مەن ۋەزىرمەن... مەن سىزنىڭ ئوت - پىراقىڭىزدا كۆيۈپ يۈرگىنىمگە ئۈچ يىلدىن ئاشتى، بۇگۈن ئاران پۇرسەت تاپتىم، جېنىم، مېنى قوبۇل قىلىڭ، — دەپ شەمشىنۇرنى قۇچاقلاپ، خىيانەت قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. ئىشنىڭ باشقىچە بولۇۋاتقىنىنى كۆرگەن شەمشىنۇر:

— بەس ! سىز مېنىڭ ئاتامدەك ئادەم، بۇ نېمىدېگەن ئىپلاسلىق ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئۇنۇڭنى چىقارما ! هازىر كاللاڭنى ئالىمەن ! ياخشىلىقچە قوبۇل قىل ! — دەپ هەيۋە قىپتۇ ۋەزىر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ.

— ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن بالامنى ئۆلتۈر، ئاندىن كېيىن مېنى ! ...

شەمشىنۇر ئۆزىچە بالىغا قول تەگكۈزەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ يامان نىيىتىدىن يانار دەپ ئويلىغانىكەن، ئەمما ۋەزىر هېچ ئويلانمايلا بالىنىڭ كاللىسىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. چېدىرنىڭ ئىچى قانغا بويىلىپتۇ.

پادىچى بالا ئېيتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىچىلا هېكايىسىنى توختىتىپ، يەرگە قارىغان پېتى جىم تۇرۇپ قاپتۇ. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپچىلىكى داڭقېتىپ بالىنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قاپتۇ. سارايدا جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرۈپتۇ. بالا بېر-

شنى كۆتۈرۈپ ساھىبخانىدىن بىر پىيالە سۇ سوراپتۇ. شۇ چاغدا خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلى شاھزادە دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىدىكى پىيالىنى تۇتۇپتۇ. بالا ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھزادىنىڭ قولىدىكى پىيالىنى ئېلىپ، دەم ئالماي ئىچىۋېتىپتۇ ۋە «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر بىر تىنىپتۇ ـ دە، پىيالىنى شاھزادىگە قايتۇرۇپ تۇتۇپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ، كۆزىدىن مونچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان يېشىنى يېشى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، يەنە ھېكايىسىنى داۋام قىپتۇ:

— ۋەزىر چېدىردا بىگۇناھ ئۆلگەن بالىنىڭ ئانىسىنىڭ پەريادىدىن چۆچۈپ، قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ ئۆز چېدىرىغا كىرىپ، ھېچنېمە كۆرمىگەن ئادەم بولۇپ يېتىۋاپتۇ. شەمشىنۇر بىرپەس ھوشسىز يېتىپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ دەررۇ كىيىنىپ سىرتقا چىقىپتۇ ـ دە، ئوغلىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ئېگەرلەنگەن تۇلپارىنى مىنىپ، ھەممىنى تاشلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدا كۈننى ئۆتكۈزۈپ، شام ئارىلاپ، قوي بېقىپ تۇرغان بىر قۇل بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي بالا ! مەن سېنى بۈگۈن ئازاد قىلغىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

— ۋاھ ! سىز قانداق قىلىپ مېنى ئازاد قىلىسىز؟ — دەپتۇ بايىقى پادىچى بالا.

— قولۇڭغا پۇل، ئۈستۈڭگە كىيىم، ئاستىڭغا ئات بېرىمەن ـ دە، سېنى يولغا سالىمەن، ئۆزۈم سېنىڭ ئورنۇڭدا قۇل بولۇپ ئىشلەيمەن، — دەپتۇ شەمشىنۇر. قويچى بالا، غايىبتىن كەلگەن بۇ نېمە ئىش؟ خۇدايىتائالانىڭ ماڭا ئەۋەتكەن رەھمىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ:

— ماقۇل، ئەگەر لايىق كۆرسىڭىز، — دەپتۇ.

شەمشىنۇر ئۇستىدىكى كىيىم - كېچەكىنى، ئاستىدىكى ئېتىنى، يېنىدىكى بار پۇلىنى بېرىپ، ھېلىقى قۇلنى ئازاد قىلىپ، ئۆزى قۇلنىڭ سىياقىدا ياسىنىپ، شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ كەچكىچە قوي بېقىپ، كېچىسى پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى تازىلاپ، سۇ چېچىپ، كېچە - كۈندۈز تىنماي ئىشلەپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ ئىشلەمچان، چېۋەر قۇلنى پادىشاھ ئۆزى ئوردىسىغا ئەمر قىلىپ ئەكىرىپتۇ. ئۇ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، سۈيىنى توشۇپ، كىيىمىنى يۇيۇپ، ھويلىسىنى سۈپۈرۈپ پادىشاھقا ياراپ قاپتۇ. پادىشاھ بۇ قۇلنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن، ئەر تۇرۇپ ئاياللارنىڭ ئىشىنى ئاياللاردىن ياخشى قىلىپ يۈرگىنىدىن ئەجەبلىنىپ يۈرۈپتۇ. پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ياخشى كۆرۈپ، ياخشى كىيىندۈرۈپ، ياخشى كۈتۈپتۇ. ئۇنىڭ گۈزەللىكى پادىشاھنىمۇ ھەيران قالدۇرۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى خەلەپ پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

خەلەپ پادىشاھى كېلىنىنىڭ نېمە ۋەجىدىن بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ چىنار تۈۋىدىن قاچقانلىقىنى ھېچ بىلمەي يۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ نالىسىگە چىدىيالماي، نەچچە مىڭلاپ لەشكەر چىقىرىپ كېلىنىنى ئىزدەپ بارمىغان جاڭگاللىرى، ئاختۇرمىغان سەھرالىرى ۋە كىرمىگەن غار - تاغلىرى قالماپتۇ. ھېچ يەردىن كېلىنىنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. يۈز مىڭ ئامالنى قىپتۇ، لېكىن ئوغلى شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ياسىيالماپتۇ، ئۇ باغرىنى يەرگە يېقىپ يىغلاپ، كۈندىن - كۈنگە ساماندەك سارغىيىپ، پەيدەك توزۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلەپ پادىشاھى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ-

تۇ. ئوغلىغا ئوڭ قول ۋەزىرىنى قوشۇپ، كېلىنىنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە ئۇزىتىپتۇ. بۇ ئىككىسى ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن قىيامەتلىك خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، كېلىنىنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

ئاڭغىچە شەمشىنۇرنىڭ پادىشاھ بولغان ئۆز ئاتىسى كاتتا زىياپەت قىلىپ، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھ، ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى قارشى ئاپتۇ...

ھېكايىچى بالا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تۆردە ئولتۇرغان خەلپە، خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى خوجا ۋاپاغا تەرەپ - تەرەپتىن شىكايەت قىلىپ، بالىنى بۇ ئولتۇرۇشتىن چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ، لېكىن شۇ چاغدا خوجا ۋاپا دەرغەزەپ بىلەن:

— پادىشاھتىن ئەمر، ئوغلۇم، ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست، ھەقىقەت بولسا سۆزلە! ئوچۇقراق ئېيت! — دەپتۇ تاقەتسىزلىك بىلەن.

خەلەپ پادىشاھنىڭ ئوغلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىراپتۇ:

— ئېيت، ئايىماي ئېيت! كىملەر ئۇلار، ئوچۇق ئېيت! — دېگەندە، ئولتۇرغانلارمۇ ۋارقىرىشىپ قۇۋۋەتلەپتۇ.

بالا ھالسىرىغان، ھەسرەتلەنگەن ھالدا تېلىقىپ يىغلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ ھەقىقىي بولغان ئىش. مانا بۇ كىشى بولسا، خوجا ۋاپانىڭ ئاتا - ئانىسىنى تەقىب قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆي - جايىنى زورلاپ تارتىۋېلىپ، ئوردا قىلىۋالغان قەشقەرىيىنىڭ پادىشاھى بولىدۇ؛ مۇنۇ كىشى بولسا، قىزغا خىيانەت قىلماقچى بولغان جانابىي خەلپە بولىدۇ.

دۇ؛ ئاۋۇ كىشى بولسا، نەۋرىسى شەمشىنۇرنى جاڭگالغا پالىغان بۇرۇنقى پادىشاھ گېردەنشاھ بولىدۇ؛ بۇ بولسا، خەلەپىنىڭ كېـ- لىنىنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەكېلىۋېتىپ، چىنار تۈۋىدە با- لىسىنى ئۆلتۈرۈپ، كېلىنىگە زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان خە- لەپ پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولىدۇ؛ ئەمدى بۇ كىشى بولسا، چۆلگە پالانغان شەمشىنۇرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇل- دۇرۇپ، چۆل - باياۋاندىن ئەكېلىپ، ياخشى كۈتۈپ، ئۆز نە- كاھىغا ئالغان ئۆمۈرلۈك جورىسى بولىدۇ؛ ھە، بۇ كىشى بولسا، قىزى شەمشىنۇرنى يەتتە يېشىدا ئاۋۇ گېردەنشاھقا ئا- مانەت قويۇپ، ئۆز ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يېنىغا سەپەر قىلغان قىزنىڭ ئاتىسى خوجا ۋاپا بولىدۇ؛ مەن بولسام، خوجا ۋاپانىڭ شەمشىنۇر دېگەن ئاززۇلۇق قىزى بولىمەن ! ... — دەپتۇ - دە، ئۇستىدىكى ئوغۇلچە كىيىمنى يېشىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ قىزچە كىيىملىرىنى كىيىپ چىقىپتۇ ۋە ئېتىلغان بويى ئا- تىسى خوجا ۋاپانىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېرىمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان بارلىق خەلق يىغلىپتۇ، غەزەپلىك سادالار ياڭراپتۇ...

پادىشاھ خوجا ۋاپا شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا ئەمر بېرىپ، ئەلنىڭ ۋە يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا خەلپە، گېر- دەنشاھ، قەشقەرىيە پادىشاھىنىڭ ۋە خەلەپ پادىشاھىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. شۇ يەردىلا ھۆكۈم ئىجرا بوپتۇ... يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىمۇ بۇ- نى ھېكايە قىلىپ سۆزلىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا مېڭىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا - بالا، ئەر - خوتۇن يىغىۋاشتىن كۆرۈشۈپ، يۇرت سائادىتىدە، مېھىر - شەپقەت ئىچىدە ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.

# ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىت

ئۆتكەن زاماندا مەغرىبتىكى بىر كاتتا ئەلدە يەر ـ زېمى-
نى پايانسىز، مال ـ چارۋىلىرى ساناقسىز، ۋەج ـ دۇنياسى
ھېسابسىز، مەرد ـ سېخىيلىقى بىلەن يەتتە ئىقلىمغا داڭقى
كەتكەن بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ باينىڭ ئارزۇلۇق بىر ئوغلى
ۋە ئەتىۋارلىق بىر قىزى بار ئىكەن. ئوغلىنىڭ ئىسمى بوز
يىگىت بولۇپ، بەستلىك، كۆچتۈڭگۈر، مەرد، سېخىي بولغاچ-
قا، ئەل ـ يۇرت ئىچىدە «بوز يىگىت باتۇر» دەپ ھۆرمەت بى-
لەن ئېغىزغا ئېلىنىدىكەن.

بوز يىگىت باتۇرنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىرىق
ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئۇلار كۈن بويى ئارغىماقلارغا مىنىپ
ئوۋ ـ ئوۋلاپ، سەيلە ـ تاماشا قىلىپ، مەرىكە ـ مەشرەپلەر
بىلەن شاد ـ خۇرام ئۆتىدىكەن. بوز يىگىت باتۇر ئون يەتتە
ياشقا تولغاندا، كېچە ـ كۈندۈزلەپ سەپەر قىلسىمۇ ئۇيقۇ
باسمايدىغان، ئۇدا نەچچە پالۋان بىلەن چېلىشقا چۈشسىمۇ
ھاردۇق يەتمەيدىغان، بىر ئۇخلىسا يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدىن
كېيىن ئويغىنىدىغان كارامەت پالۋان بولۇپ يېتىشىپتۇ.

بىر كۈنى بوز يىگىت باتۇر قىرىق ئاغىنىسى بىلەن
ئوۋغا چىقىپ، ماڭا ـ ماڭا ئەتراپى بوك دەل ـ دەرەخلەر بى-
لەن قاپلانغان، ئىككى قاسنىقى گۈل ـ چېچەكلەرگە ئورالغان،

سۇپسۇزۇك سۇلىرى ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان بىر دەريا بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى گۈزەل بولغاچقا، بوز يىگىتكە يېقىپ قاپتۇ. ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن چۈشكۈن قىلىپ ئارام ئاپتۇ. بوز يىگىت چېدىرى ئىچىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرسا، بىر تۇمۇچۇق پۇررىدە ئۇچۇپ كېلىپ دە-رەخ شېخىغا قونۇپتۇ - دە، مۇڭلۇق ئاۋازدا سايراشقا باشلاپ-تۇ. بوز يىگىت تۇمۇچۇقنىڭ سايرىشىغا مەست بولۇپ، بىر يانغا قىڭغىيىپتۇ - دە، ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇ ئۇخلىغانچە يەتتە كۈن ئۆتۈپتۇ، ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر ئاي ئۆتۈپتۇ، ئويغانماي ئۇخلاۋېرىپتۇ. ئاغىنىلىرىمۇ ئۇنى ئويغاتماي ساقلاپ تۇرۇپتۇ. بوز يىگىت ئاجايىپ چۈش كۆرۈپتۇ: چۈشىدە ئۇ ئاق بوز ئار-غىماققا مىنىپ، قولىغا ئاق شۇڭقارنى قوندۇرۇپ، بېشىدا ئاق سەللە، ئۇچىدا مەللە تون، يېنىدا زۇلپىقار ئىسقىلىق پېتى بىر چوڭ چارباغدا كېتىپ بارغۇدەك. بىردىنلا ئالدىدىكى گۈلزارلىق ئىچىدىن ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك، قەلەم قاش-لىق، سۇمبۇل چاچلىق بىر گۈزەل چىقىپ ئۇنىڭغا سالام بې-رىپتۇ. بوز يىگىتمۇ سالام ياندۇرۇپتۇ. ھېلىقى گۈزەل ئۇنىڭ-غا بىر دەستە گۈل سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئاھ بوز يىگىت باتۇر، ئىشق - پىراقىڭىزدا كۆيۈپ بولىڭىزغا تەلمۈرگىلى نېكەم، دىدارىڭىزغا يەتمەك نېمىدېگەن قىيىن؟ — دەپ پىسىڭىدە كۈلۈپتۇ.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.

— مەشرىق پادىشاھىنىڭ يالغۇز مەلىكىسى ئاق بېكەش بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. بوز يىگىت:

— ئاق بېكەش؟ ! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

بوز يىگىت كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، چېدىرى ئىچىدە ياتـ-قۇدەك، قېشىدا سىرداش ئاغىنىسى كالتە بوز تەرلىرىنى

سۇرتۇپ، يەلپۈپ ئولتۇرغۇدەك. بوز يىگىت كالتە بوزدىن ئۆزىنىڭ ئۇخلاۋاتقىلى قانچە كۈن بولغانلىقىنى سوراپتىكەن، كالتە بوز:

— قىرىق كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوز يىگىت شۇ كۈنى قىرىق ئاغىنىسى بىلەن ئۆيىگە قايتىپتۇ، قايتىپتۇيۇ، چۈشىدە ئايان بولغان مەلىكە ئاق بېكەشنىڭ ئوتىدا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، تېگى يوق خىيالغا پېتىپ، قىلىدىغىنىنى بىلمەي، قىلغانلىرىنى ئەسلىيەلمەي، ئۇن - تىنسىز، ئۆيۈن - كۈلكىسىز ئۆتۇپتۇ.

بوز يىگىتنىڭ ئاتىسى ئوغلىدىكى ئۆزگىرىشتىن غەمگە پېتىپتۇ، ئۇنى چاقىرتىپ ھال - ئەھۋال سوراپ قانائەت تاپقۇدەك جاۋابقا ئېرىشەلمەپتۇ، ئاخىر كالتە بوز ئارقىلىق ئوغلىدىكى غەم - ھەسرەتنىڭ سىرىنى يەشمەك بوپتۇ. بىر كۈنى كالتە بوز بوز يىگىت باتۇرنىڭ يالغۇز قالغان ۋاقتىنى كۆزلەپ يوقلاپ كىرىپ مۇڭدىشىپتۇ. مۇڭدىشا - مۇڭدىشا، ئاخىر بوز يىگىت كالتە بوزغا:

— يۇرتتىن چىقماي يۈرۈۋېرىپ زېرىكتىم، سەپەرگە چىقىپ يۇرت ئايلىنىپ كەلگۈم بار. ئاغىنىلەر بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟ — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.



كالتە بوز قالغان ئاغىنىلىرىگە بۇنى

يەتكۈزۈپتىكەن، بۇ گەپ ئۇلارغا ياغدەك يېقىپ، تېزرەك ئاتـ-
لىنىشقا ئالدىرىشىپتۇ. بوز يىگىت ئاتىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ
ئۆز ئارزۇ - تىلىكىنى بايان قىلغانىكەن، ئاتىسى:

— ئوغلۇم، سەن تېخى كىچىك، ئۇزاق سەپەرنىڭ ئازابىـ-
نى بىلمەيسەن، بىرئاز تەخىر قىل، يېشىڭ سەل چوڭايغاندا
ئوبدان تەييارلىق قىلىپ يولغا سېلىپ قوياي يا بولمىسا ئۆ-
زۈم ھەمراھ بولۇپ ئويىنتىپ كېلەي، — دەپ ئۇنىماپتۇ.

بوز يىگىت ئاتىسىغا قايتا - قايتا يالۋۇرۇپ، جاھان كې-
زىپ يۇرت كۆرۈپ كېلىش تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئارزۇ-
لۇق ئوغلىنىڭ ئىلتىجاسىغا پايلىمىغان ئاتىسى نائىلاج بوز
يىگىتنىڭ رايىغا بېقىپ، قىرىق قېچىرلىق ئالتۇن - كۈمۈش
تەييارلاپ بېرىپتۇ ۋە ئوغلىنى زار - يىغلاپ ئۇزىتىپ
قويۇپتۇ.

بوز يىگىت ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - يۇرت
بىلەن خوشلىشىپ، قىرىق ئاغىنىسىنى ئەگەشتۇرۇپ، قىرىق
قېچىرنى ھەيدەپ، مەشرىق تەرەپنى كۆزلەپ سەپەرگە ئاتـ-
لىنىپتۇ. ئۇلار بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەندىن كېيىن،
ئادەمسىز دەشتتىكى بىر چۇشكۈنگە كېلىپ قونۇپتۇ. تۈن
يېرىم بولغاندا بوز يىگىتنىڭ ئوتتۇز توققۇز ئاغىنىسى بوز
يىگىت بىلەن كالتە بوزنى تاشلاپ، مال - دۇنياسىنىڭ يېرىـ-
مىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بوز يىگىت كالتە بوزغا:

— ئاغىنىلىرىمدىن مال - دۇنيايىمغا شېرىك بولغان
ئوتتۇز توققۇزى ئالدىغىنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشتى،
كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سەنمۇ شۇنداق قىلارسەنمۇ؟ — دەپ
سوراپتىكەن، كالتە بوز:

— مەن ئۇنداق ۋاپاسىز، قارا يۈزلەردىن ئەمەس. مەن
ساڭا جان دوست، مەن سەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، كۆلسەڭ

بىللە كۆلىمەن، يىغلىساڭ تەڭ يىغلايمەن، تارتقۇلۇقىنى تەڭ كۆرىمەن، دائىم سىنى مۇھاپىزەت قىلىمەن، — دەپ ئانت ئىچىپتۇ. بوز يىگىت كالتە بوزنىڭ جاۋابىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىشەنچ باغلاپتۇ.

ئۇلار قالغان مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە بىر كارۋان سارىيىغا چۈشۈپتۇ. بوز يىگىت سارايۋەندىن ئاق بىكەشنىڭ يۇرتىغا قانچە ئۇزاقتا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپتىكەن، سارايۋەن:

— ساھىبجامال مەلىكە ئاق بىكەشنىڭ يۇرتى جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە، بىرىشقا بەل باغلىغان بولساڭ، تۆمۈردىن كەش ۋە ھاسا سوقتۇر، تۆمۈر كەشىڭنىڭ چەمى قاغىنىڭ كۆزىدەك تېشىلگەندە، تۆمۈر ھاساڭ ئۇپراپ چىغدەك قالغاندا يېتىپ بارىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوز يىگىت ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ ئۆزىگە ھەم كالتە بوزغا تۆمۈر كەش ۋە تۆمۈر ھاسا سوقتۇرۇپ سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. ئۇلار تاغلاردىن ئېشىپتۇ، دەريالارنى كېچىپتۇ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ، تالاي شەھەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپتۇ، گاھىدا ئاچ، گاھىدا ئۇسسۇز، گاھىدا جۇدۇندا قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئىرادىسىدىن قايتماي مېڭىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار بىر جاڭگالدا قوي پادىسى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، — دەپ سالام بېرىپتۇ ۋە سوراپتۇ، — بۇ قويلارنى ھەيدەپ قەيەرگە كېتىۋاتىسىز؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوغۇللىرىم، قويلارنى نەگە ھەيدەپ باراتتىم، پادىشاھىمىز ئاق بىكەش ئىسىملىك يالغۇز قىزىنى ياتلىق قىلماقچىدى، قويلارنى ئۇنىڭ تويى ئۈچۈن ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ پادىچى بوۋاي.

— ئاق بېكەشنى كىمگە بەرمەكچى؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.

— ئى ئوغلۇم، سىلەر بىلمەيسىلەر، يۇرتىمىزغا ئالاقاراق - چالاقاراق دەيدىغان قېنى قىزىق تائىپىلەر ئاياغ بېسىپ كىردى. ئۇلارنىڭ قىرىق سەركەردىسى بېكەشخاننى تالىشىپ تىنىماي سوقۇش قىلىدۇ. تېخى كىمنىڭ ئالالىشى ئېنىق ئەمەس، لېكىن توي تەييارلىقى ئاللىقاچان باشلىنىپ بولدى، — دەپتۇ پادىچى بوۋاي.

— پادىشاھىڭلار ئاق بېكەشنى ماڭا ياتلىق قىلىشقا ئۇنارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.

— نېمىسىنى سورايسەن، ئوغلۇم، سەنغۇ نى - نى شاھزادىلەردىن قالغۇچىلىكىڭ يوق پالۋان سۈپەت يىگىت ئىكەنسەن، لېكىن ئۇلار چىشىغا تەگكىلى بولمايدىغان نېمىلەر، لەشكەرلىرىنىڭ ھېسابى يوق. پادىشاھىمىزنىڭ قىزىنى ساڭا بەرگۈسى كەلسىمۇ، چالاقاراقلاردىن قورقۇپ بەرمەسمىكىن، — دەپتۇ بوۋاي. بوز يىگىت:

— ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا يەنە قانچە كۈندە يەتكىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، پادىچى بوۋاي:

— يۇتۇڭدىكى تۆمۈر كەشىڭنىڭ چەمى قاغىنىڭ كۆزىدەك تېشىلگەندە، قولۇڭدىكى تۆمۈر ھاساڭ چىغدەك قالغاندا يېتىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز سەپىرىنى يەنە داۋام قىپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇلار بىر جاڭگالدا تەمەچ تېرىپ يۈرگەن بىر مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇلار مومايغا سالام بەرگەندىن كېيىن:

— موما، قېرىغان جېنىڭىزنى ئۈپرىتىپ جاڭگالدا نېمە قىلىپ يۈرسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. موماي:

— ھەي ئوغۇللىرىم، نېمە ئىش قىلاتتىم، بېكەشخان قىزىمنىڭ تويى ئۇچۇن تەمەچ تېرىپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
— ئاق بېكەشنى ئىزدەپ بارسام، چالاقاراقتىن كېچىپ ماڭا تېگىشكە ئۇنارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.
— ساڭا ئوخشاش شۇڭقاردەك يىگىتكە تەگمەي كىمگە تېگەتتى، بالام؟ لېكىن، ھازىر بېكەشخان ئوت ئىچىدە قالدى. لەكمىنىڭ چالاقاراق بېكەشخاننى تالىشىپ سوقۇ- شۇۋاتىدۇ. ئۇ يەرگە بارساڭلار چالاقاراق بىلەن سوقۇشۇپ قالارسىلەرمىكىن؟ — دەپتۇ موماي.
— بېكەشخاننىڭ يۇرتىغا قاچان يېتىپ بارالايمىز، موما؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت.
— تۆمۈر كەشىڭ قاغىنىڭ كۆزىدەك تېشىلگەندە، تۆمۈر ھاساڭ چىغدەك قالغاندا يېتىپ بارىسەن، بالام، — دەپتۇ موماي.
بوز يىگىتنىڭ كۆڭلى تاغدەك ئۆسۈپ، بىر قىچىرلىق ئالتۇن - كۈمۈشنى موماىغا قالدۇرۇپتۇ - دە، يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق يۈرۈپتۇ. كېتىۋېتىپ بوز يىگىت- نىڭ تاپىنى «چىم» قىلىپ قاپتۇ، تۆمۈر كەشنى سېلىپ قا- رىغۇدەك بولسا، كەشىنىڭ چەمىدە قاغىنىڭ كۆزى چوڭلۇقىدا تۆشۈك تۇرغۇدەك، شۇ تۆشۈكتىن تاپىنىغا تىكەن سانجىلغا- نىكەن، ھاسىغا قارىسا، ئۇپراپ چىغدەك قاپتۇ. بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز، ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا كېلىپ قالغان ئوخشايمىز دەپ، قەدەملىرىنى تېخىمۇ تېزلىتىپتۇ. ئۇلار شە- ھەر ئەتراپىغا كېلىشكە، ئۇستۇاشلىرى باشقىچە، گەپ - سۆزلىرى يات، ئوقيا، قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان، رەڭگىرويىدىن سۇر يېغىپ تۇرغان قىم - قىم لەشكەرلەر تو- پىغا دۇچ كەپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز شەھەر سىرتىدا دالدا جايىنى تېپىپ چۈشكۈن قىلىپ ھاردۇق چىقىرىپتۇ. بوز يىگىت كالتە بوزنى چۈشكۈندە قالدۇرۇپ، ئۆزى شەھەر ئىچىگە كىرىپ ئەھۋال تىڭ ـ تىڭلاپتۇ. شەھەر ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانمىش. چالاقاراقلاردىن بىر توپى ھە دەپ گەپ تالىشىپ سوقۇشۇۋاتقۇدەك، يەنە بىر توپى چوڭ ئاق چېدىر ئىچىدە شاراب ئىچىشىپ بەزمە قىلىشىۋاتقۇدەك. شەھەر ئاھالىسى غەمكىن، سودىگەرلەر ئالاقزادە، ئوردا خادىملىرى پايىپېتەك ـ مىش. بوز يىگىت داش قازانغا ئوت قالاپ ئولتۇرغان بىر قېرى كىشىدىن:

— ئەي چوڭ دادا، شەھىرىڭلار نېمىشقا بۇنداق بىسەرەم ـ جان؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— ئەي بالام، ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئوخشايسىز. يۇرتىمىز تىنچ، ئاۋات، بەلەن يۇرت ئىدى. پادىشاھىمىزنىڭ ئاق بېكەش ئىسىملىك قىزىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، يىراق ئەلدىن ئالاقاراق ـ چالاقاراق دەيدىغان تائىپە سەركەردىلىرى بېكەش ـ خاننى تالىشىپ كۈندە سوقۇشىدۇ. پادىشاھىمىز چالاقاراقلار ـ نىڭ كۈچىدىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ ھەممە تەلىپىگە ماقۇل بول ـ دى. بېكەشخان چالاقاراقلارغا ماقۇل بولمىغانلىقتىن، چالا ـ قاراقلار ئۇنى بۇلاپ چىقىپ قات ـ قات تاملىق ئۆينىڭ ئىـ ـ چىگە سولاپ قويدى. ئوردا كېنىزەكلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ئۇ يەرگە يېقىن بارالمايدۇ. بېكەشخان سولاقلىق ئۆينىڭ ئەتراپىنى قەۋەت ـ قەۋەت چالاقاراق لەشكەرلىرى بېقىپ يا ـ تىدۇ، — دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بوز يىگىت چۈشكۈنگە قايتىپ، دەرۋىش سىياقىدا كىيىـ ـ نىپ، ئاق بېكەش سولاپ قويۇلغان ھۇجرا ئەتراپىنى ئايلىنىپ

يۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئوردا كېنىزەكلىرىدىن بىرى چىقىپ:

— ئەي سائىل، بۇ يەردىن تېزرەك كەت، بۇ سەن سەدىقە تىلەيدىغان يەر ئەمەس، ئەگەر چالا - قاراقلار كۆرۈپ قالسا كاللاڭدىن ئايرىلىسەن، — دەپتۇ. بوز يىگىت:



— مەن سەدىقە تىلەپ كەلگەن دىۋانە ئەمەس، مەن چىن - ماچىن شەھىرىدىن كەلگەن مۇنەججىم بولىمەن، يۇلتۇزلارغا قاراپ بەندىلەرنىڭ كەچمىشلىرىگە ھۆكۈم قىلالايمەن. مەن شەھرى ماچىندا تۇرۇپ مەلىكە ئاق بېكەشنىڭ يۇلتۇزىنىڭ باشقىچە ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئاتايىن كەلدىم. مېنى ئاق بېكەش خېنىم بىلەن بىر كۆرۈشتۈرۈپ قويساڭ، — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. كېنىزەك:

— ئەي سائىل، مەلىكە ئاق بېكەش خېنىم ھېچنېمە بولغىنى يوق، سەن تولا ئاۋارە بولماي دەرھال باشقا ئادەملەرنى تېپىپ قۇرئە ئاچقىن، — دەپ بوز يىگىتنى تېزرەك كېتىشكە ئالدىرىتىپتۇ.

بوز يىگىت: «ئاق بېكەش خېنىم بىلەن كۆرۈشمىسەم زادى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتىكەن، كېنىزەكلەر ئارقىسىغا يېنىپ ھۇجرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى كېنىزەك بىردەمدىن كې-

يىن بىر قاچا تائام كۆتۈرۈپ چىقىپ كەپتۇ، بوز يىگىت تا-ئامغا قاراپمۇ قويماپتۇ، كېنىزەك كىرىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئىككى تىللا كۆتۈرۈپ چىقىپ بوز يىگىتكە تەڭ-لەپتۇ. بوز يىگىت تىللاغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويماپتۇ. كېنىزەك:

— ئەي سائىل، ئاق بېكەش خېنىم ساڭا ئىچىنى ئاغرىد-تىپ شاھانە تائام چىقاردى، يېمىدىڭ، تىللا سەدىقە قىلدى، ئالمىدىڭ. ئەمدى سېنى رازى قىلغۇدەك باشقا چارە قالمىدى. ئاق بېكەش خېنىمنى ھازىر سەن ئەمەس، ئۆز ئاتا - ئانىسى-نىڭمۇ كۆرۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىسا، سەن قانداق كۆ-رىسەن، قايتىپ كەت، — دەپتۇ.

بوز يىگىت كېنىزەكنىڭ قولىغا ئۈچ تىللا تۇتقۇزۇپ، قوينىدىن كىچىككىنە بىر تۈگۈچنى چىقىرىپ:

— باشقىلارغا بىلدۈرمەي مۇشۇ ئامانەتنى مەلىكە ئاق بېكەشكە يەتكۈزۈپ، مەغرىب دىيارىدىن دىدارىڭىزغا تەشنا بو-لۇپ بوز يىگىت باتۇر كەپتۇ دېسىڭىز، — دەپتۇ.

ھېلىقى كېنىزەك كىرىپ كېتىپ، بىرئازدىن كېيىن قولىغا بوغچا كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ ۋە:

— ئەي دەرۋىش، ئاق بېكەش خېنىم نام - شەرىپىڭ نە-قىشلەنگەن ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرگەندىن كېيىن، مەزلۇمچە كىيىنىپ زاۋال ۋاقتى بىلەن ئارقا پەنجىرە تەرەپكە كەلسۇن دەيدۇ، — دەپتۇ.

بوز يىگىت بوغچىنى ئېلىپ كالتە بوزنىڭ قېشىغا قاي-تىپ كەپتۇ ۋە شۇئانلا ئېگىن يەڭگۈشلەپ، قاراڭغۇ چۈشكەن-دە، ئاق بېكەش بار ئۆينىڭ ئارقا پەنجىرىسى يېنىغا ھازىر بوپتۇ.

چالاقاراقلار بېكەشخانىنىڭ كېچىسى قېچىپ كېتىشىدىن

ئەنسىرەپ، پەنجىرىنى مەھكەم بېكىتىۋەتكەنىكەن. بوز يىگىت باتۇر بىگىز بىلەن تامنى يونۇپ تۆشۈك ئېچىشقا باشلاپتۇ. تامنىڭ بىر قەۋىتىنى تېشىپ بولغاندىن كېيىن، بېكەشمۇ ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ يىڭنە بىلەن تامنى كوچىلاشقا باشلاپتۇ. بوز يىگىت يارىنىڭ ئىشقىدا پۇچىلىنىپ، تامنى تەشكەچ تۆۋەن ئاۋازدا ناخشا ئوقۇپتۇ:

ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنىەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنىەم.
بويىڭىزنىڭ تۇرقىنى
كۆرسەم ئىدىم، قىزغىنىەم.

ئاق بېكەش ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ناخشا بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نازۇك دەمدۇ بۇ ئاكام.
مەجنۇنتال نوتىسىنى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنىەم،
بۇ يان ئۆتۈڭ، قىزغىنىەم.
قارا سۇمبۇل چېچىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ قىزغىنىەم.

ئاق بېكەش:

نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نازۇك دەيدۇ بۇ ئاكام.
ئايغىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىن
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
يۇلتۇزغا ئوخشاش كۆزىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ، قىزغىنەم.

ئاق بىكەش:

نىمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
كۆرەي دەمدۇ بۇ ئاكام.
تاڭدا نۇرلۇق چولپاننى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
ئەگىم قارا قاشىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ قىزغىنەم.

ئاق بىكەش:

نىمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نىمىلەر دەيدۇ بۇ ئاكام.
بۇ كەمگىچە قۇندۇزنى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈڭ، قىزغىنەم.
قارا - قارا كىرپىكىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ قىزغىنەم.

ئاق بىكەش:

نىمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
نىمىلەر دەيدۇ بۇ ئاكام.

قىردا قارا قىياقنى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم،
بۇيان ئۆتۈك، قىزغىنەم.
گۈلدەك گۈزەل ھۆسنىڭىزنى
كۆرەرمەنمۇ قىزغىنەم.

ئاق بېكەش:

نېمە دەيدۇ بۇ ئاكام،
كۆرسەم دەمدۇ بۇ ئاكام.
ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينى
كۆرمىگەنمۇ بۇ ئاكام.

بوز يىگىت يەنە بىر قېتىم ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇ ھو-شىغا كېلىپ تام تېشىشنى تېزلىتىپتىكەن، ئاخىر ئىككى تەرەپتىن يونۇلغان تامدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئاشىق - مە-شۇقلارنىڭ تىنىقى قوشۇلۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىكى كې-نىزەك قىزلارمۇ، چالاقاراقلارمۇ ئۇيقۇغا غەرق بولغانىكەن. بوز يىگىت ئاق بېكەشنى تۆشۈكتىن تارتىپ چىقىرىپ، چالا-قاراقلارنىڭ ئارغىماقلىرىدىن ئىككىنى يېشىپتۇ - دە، مىنىپ بەدەر قېچىپتۇ. چالاقاراقلار قاراۋۇلى ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ. چېدىر - بار-گاھلاردا مەست بولۇپ ياتقان، ئۇخلىشىۋاتقان چالاقاراق سەر-كەردىلىرى لەشكەرلىرىنى يىغىپ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ.

بوز يىگىت ئاق بېكەشنى باشلاپ كالتە بوزنىڭ قېشىغا كەپتۇ - دە، كالتە بوز بىلەن مال - دۇنياسىنى ئېلىپ، بوش چېدىر ئىچىگە قېچىردىن بىرنى باغلاپ، قوناق سىبىلىنغان

توۋرىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ قېچىپتۇ. چالاقاراقلار تاپ باستۇ-رۇپ قوغلاپ كەلسە، بوز يىگىتنىڭ چېدىرى ئىچىدىن «كاراس - كۇرۇس»، «دۇپۇر - دۇپۇر» قىلغان شەپە ئاڭلىنىۋاتقۇدەك. چالاقاراقلار، بوز يىگىت چېدىر ئىچىدە سوقۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان ئوخشايدۇ، دېگەن گۇماندا دەرھال ئۆزلىرىنى دالىدىغا ئېلىپ بوش چېدىرنى ئوققا تۇتۇپتۇ. يەتتە كېچە - كۈندۈز ئۆتكەندىن كېيىن كىرىپ قارىسا، چېدىر ئىچىدە بىر ئۆلۈك قېچىر ياتقۇدەك. چالاقاراقلار ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، دەرغەزەپ بىلەن قوغلاشنى داۋام قىپتۇ. بوز يىگىت، ئاق بېكەش، كالتە بوزلار يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر ئۆتەڭدە ھاردۇق چىقىرىپتۇ. يولغا چىقىش ئالدىدا بوز يىگىت يول بويىدىكى دەرەخنىڭ چومىقىغا تۇمىقىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ يولغا راۋان بوپتۇ.

چالاقاراقلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي قوغلاپ كېلىپ قارىسا، يول بويىدىكى دەرەخ ئارقىسىدا بىر ئادەم ماراپ تۇر-غۇدەك. يەنە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئوق ياغدۇرۇپتۇ، لېكىن ھېلىقى ئادەم يىقىلماي تۇرۇۋېرىپتۇ. بېرىپ قارىسا تۇماق ئىكەن. چالاقاراقلار ئەلەم ئىچىدە: «بىز ئىككى قېتىم ئەخمەق قىلىنىپ يەتكۇدەك جاپا تارتتۇق. ئاق بېكەشنىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويدۇق. ئەمدى يەنە داۋاملىق قوغلاۋەرسەك تېخىمۇ چوڭ زىيان تارتقۇدەكمىز، قايتىپ كېتىپ باشقا ئامال تاپايلى» دېيىشىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بوز يىگىتلەردىن ئاڭلايلى:

بوز يىگىتلەر چالاقاراقلارنى ئالداپ، بەخىرامان قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئۆز يۇرتىغا يېتىپ، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - يۇرت بىلەن دىدارلىشىپتۇ. بوز يى-گىتنىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ ساھىبجامال ئاق بېكەشنى ئېلىپ

ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ ئەل ـ يۇرتقا ئاش تارتىپتۇ.

دىدار كۆرۈشمەي تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە غايىبانە ئاشىق بولۇشقان قىز ـ يىگىتلەر ۋىسالىغا يېتىشىپ، ئىشق ـ مۇ- ھەببەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈشۈپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. بوز يى- گىت ئاق بېكەشتىن قوشكېزەك پەرزەنت كۆرۈپتۇ. قوشكې- زەكلەرنىڭ چوڭى كۈندەك نۇرلۇق ئوغۇل، كىچىكى ئايدەك گۈزەل قىز ئىكەن. شۇڭا، ئوغۇلغا «كۈنزادە»، قىزغا «ئايزادە» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئىككى بالا ئاي قوغلىشىپ ئەمەس، كۈن قوغلىشىپ چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ.

چالاقاراق سەركەردىلىرى ئاق بېكەشتىن قۇرۇق قېلىپ غەزەپ ۋە ئەلەم ئىچىدە ئۆرتىنىپ، بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپتۇ. ئاخىر ئاق بېكەشنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئىنسان يولىماس باياۋانغا پالاپ، ئەل ـ يۇرتنى تالان ـ تاراج قىپتۇ، ئاندىن سېھرىي جادۇغا توشقان، ھىيلە ـ مىكرىسى شەيتاننى ئازدۇرىدىغان بىر كەمپىرنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئېتىكىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن توشقۇزۇپتۇ ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈشۈپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. جادۇ- گەر كەمپىر ئېتىكىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى كۆرۈپ، خۇشلۇقىدا توققۇز تەزىم قىلىپ:

— ئى ئەخمەق باتۇرلىرىم، مۇشۇنچىلىك ئاددىي ئىشقىمۇ دەرد تارتىپ يۈرگۈلۈكمۇ؟ مەقسىتىڭلار ئاق بېكەشنى قولغا چۈشۈرۈشلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئامال ـ چارىسى ناھايىتى ئا- سان، — دەپتۇ. چالاقاراق سەركەردىلىرى:

— بۇنىڭ ئامال ـ چارىسى قانداق؟ — دەپ سوراپتى-

كەن. كەمپىر:

— هازىر بوز يىگىت باتۇر ئاق بېكەشتىن ئىككى بالىلىق بولدى، كۆنلىرى غەمسىز ئۆتۈۋاتىدۇ. بېكەشخان بولسا، ئىككى بالىسىنىڭ قېشىدا بالىلىرىنى بېقىپ زېرىكىشلىك ئۆتۈۋاتىدۇ. سىلەر مېنى يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن بوز يىگىتلەر شىكار قىلىدىغان جاڭگالغا چەمبەرچاس باغلاپ تاشلاپ قويۇڭلار، قالغىنىنى ئۆزۈم ئەپلەيمەن، — دەپتۇ.

چالاقاراق سەركەردىلىرى كەمپىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى بوز يىگىت باتۇرغا كەلسەك، ئۇ ھەر كۈنى ئاغىنىسى كالتە بوزنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپ كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈۋېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار ئوۋ ئىزدەپ ئادەم ئايىغى تەگمىگەن چەكسىز قۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاڭگاللىققا كېلىپ قاپتۇ. يېقىن ئارىدا كېيىك تۇگۈل بىرەر توشقانمۇ كۆرۈنمىگۈدەك، ئىزدە - ئىزدە بىر قۇم دۆۋىسىگە چىقىشىغا، قويۇق يۇلغۇن ئارىسىدىن چىرايلىققىنە بىر تۈلكە چىقىپ قاپتۇ. بوز يىگىت باتۇر ئوقياسىنى بەتلەپ قارىغا ئېلىشىغا ھېلىقى تۈلكە ئۇنىڭغا قاراپ بىر ھىجىيىپتۇ - دە، «پارت» قىلىپ قېچىپتۇ. بوز يىگىت باتۇر ئېتىنى دىۋىتىپ تۈلكىنىڭ ئىزىدىن قوغلاپتۇ، قوغلا - قوغلا چېپىپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر توقايلىققا كەلگەندە تۈلكە «شارت» قىلىپ چاتقاللار ئارىسىغا شۇڭغۇپتۇ - دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بوز يىگىت تۈلكىنى ئىزدەپ بىر دۆڭدىن چۈشۈشىگە، ئارغامچىقى ئۇركۈپ كېتىپ بوز يىگىتنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، خارتىلدىغىنىچە چاپچىپ - كىشنەپ كېتىپتۇ. بوز يىگىت ئوغىسى قايناپ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، كۆز ئالدىدا پۇت - قوللىرى چەم-

بەرچاس باغلانغان، كالپۇكلىرى يېرىلىپ، چىرايىنىڭ خۇنى كېتىپ قالغان بىر جۇلدۇر كىيىملىك موماي بىھوش ياتقۇ-دەك. بوز يىگىت باتۇر مومايىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى باغلاق-تىن بوشىتىپتۇ، تۇلۇمدىن سۇ ئېلىپ ئۇسسۇزلۇق بېرىپتۇ. بىرھازادىن كېيىن موماي ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئېچىپ-تۇ-دە:

— ھەي ۋاپاسىز دۇنيا، ھەي جاپاغا قالغان جېنىم، — دەپ ھازا ئاچقىلى تۇرۇپتۇ. بوز يىگىت باتۇر مومايىنى يۆلەپ تۇرۇپ:

— ئى ئانا، نېمە قىسمەت بىلەن بۇ ھالغا چۈشۈپ قال-دىلا؟ — دەپ سوراپتىكەن.

— نېمىسىنى سورايسەن، بالام، مېنىڭمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش يەتتە ئەزاسى بېجىرىم، پالۋان سۈپەت بىر يالغۇز ئوغلۇم بار ئىدى. ئۆزۈم يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىلسام، ئۇ ۋاپاسىز بەتبەخت خوتۇن ئېلىپ، ئۆي -



ئوچاقلىق بولۇۋېلىپلا مېنى تاشلىۋەتتى. ئەسكى بولسىمۇ باغرىمدىن چۈشكەن بالام ئىكەن دەپ تامىقىنى ئەتتىم، كىردىنى يۇدۇم، ئۆي - ئاراملىرىنى سۈپۈردۈم، يامىقىنى يامىدىم. بىراق، ئوغلۇم خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىپ، مېنى هويلا باقار ئىتچىلىكمۇ كۆرمىدى. بىر كۈنى كېلىنىم: «مېنى دېسەڭ ئاناڭنى يوقات، ئاناڭنى دېسەڭ مېنى يوقات» دەپ ياقىسىغا ئېسىلىۋىدى، ئوغلۇم شۇ زامات پۇت - قوللىرىمنى باغلاپ مۇشۇ دەشتكە تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالدى، — دەپ دەرد تۆكۈپتۇ موماي يىغلاپ تۇرۇپ. بوز يىگىتنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇ مومايدىن:

— ئەمدى قانداق قىلاي دەۋاتىلا؟ — دەپ سوراپتىكەن، موماي:

— باراي دېسەم باش تىققۇدەك ماكانىم يوق، ئۆلەي دېسەم جان تاتلىق. بىرەر ئىنساپلىق كىشىگە يولۇقۇپ قالسام، باللىرىنى بېقىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ خىزمىتىنى قىلسام دەيمەن، — دەپتۇ. بوز يىگىت:

— ئەي ئانا، مېنى يات كۆرمىسىڭىز، ئۆيۈمگە بېرىپ خوتۇن - باللىرىمغا هەمراھ بولۇڭ، سىزنى ئۆز ئانىمىز قاتارىدا كۆرىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپ مومايغا ياغدەك يېقىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

بوز يىگىت باتۇر ئارغىمىقىنى تۇتۇپ كېلىپ، مومايىنى ئاتقا مىنگەشتۈرمەكچى بوپتۇ، بىراق چېچەن ئات چاپچىپ، خارتىلداپ مومايىنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماپتۇ. بوز يىگىت مىڭ بىر جاپادا ئارغىماقنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىڭ قامالاپ مومايىنى مىندۈرگەنىكەن، ئارغىماق بىرلا چىچاڭشىپ مومايىنى يەرگە ئېتىپتۇ. بوز يىگىت ئاچچىقىدا ئارغىمىقىنى هارغۇچە قامچىلاپ، مومايىنى يەنە ئېگەرگە ئاپتۇ، بىراق ئارغىماق چىد-

چاڭلاپ مومايىنى يەنە يەرگە ئېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا كالتە بوز يېتىپ كەپتۇ. بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز مومايىنى كالتە بوزنىڭ ئارغىمىقىغا مىندۈرمەكچى بوپتۇ. بىراق، كالتە بوز- نىڭ ئارغىمىقىمۇ چاپچىپ مىندۈرمەپتۇ. بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز ئارغىماقنى يۇلغۇنغا باغلاپ، مومايىنى ئىنتايىن تەستە مىندۈرۈپ ئېگەرگە تېڭىپ قويۇپتۇ.

بوز يىگىتلەر مومايىنى ئەكەلگەندە، ئاق بېكەش يولغا چىد- قىپ قاراپ تۇرغانىكەن. ئاق بېكەش مومايىنى كۆرۈپ تېنى جۇغۇلداپ، كۆڭلى بىر قىسما بوپتۇ، بىراق دەماللىققا ھېچ- نېمە دېمەپتۇ. كەچتە بوز يىگىتكە:

— بۇ كەمپىر باشقىچىلا تۇرىدۇ، بىرەر شۇملۇق كەلتۈ- رەمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپتىكەن. بوز يىگىت:

— بۇ ئوغلى ۋە كېلىنى تەرىپىدىن خارلاپ تاشلىۋېتىل- گەن شور پېشانە ئاجىز موماي ئىكەن. ئەمدى ئۇنى بىزمۇ كەتكۈزۈۋەتسەك ھال - كۈنى تېخىمۇ يامان بولغۇدەك. بىزنىڭ ھال - كۈنىمىز ياخشى بولغاندىكىن، ئۆيىمىزنىڭ بىرەر بۇ- لۇڭىغا سىغىپ قالار، سىزگە ھەمراھ بولۇپ، بالىلىرىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ، رىزقىنى تېپىپ يېسىمۇ ھېساب، — دەپتۇ.

موماي بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەشنىڭ سۆھبىتىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋاپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ موماي تاڭ سۈزۈل- مەستە قوپۇپ ھويلا - ئارامنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سېپىپتۇ، ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ناشتىلىق تەي- يارلاپتۇ، ئاق بېكەشنىڭ باش - كۆزىنى يۇيۇپ - تاراپ، ئىككى بالىسىنىڭ چېيىنى ئىچۈرۈپتۇ، كۈندۈزى ئاق بېكەشكە ھەمراھ بولۇپ مۇڭداشقاچ يىڭنە ئىشى قىپتۇ، بالىلارنى ئويند- تىپتۇ، شېرىن - شېكەر ياغلىما سۆزلەر بىلەن ئاق بېكەشنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئېچىكىشىپ كېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ،

ئۇزاققا بارمايلا مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئانىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

بوز يىگىت ئائىلىسىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئوۋغا ۋە سەيلە - تاماشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى موماي ئاق بېكەشنىڭ چېچىنى تاراۋېتىپ، بىر تال چېچىنى يۇلۇۋاپتۇ، ئاق بېكەش «ۋايجان !» دېيىشىگە، موماي يېڭىدىن بىر تال ئاق چاچنى چىقىرىپ:

— ئەي بەختى كاج قىزىم، بوز يىگىتكە تەگمەستە جامالىڭ ئايدەك نۇرلۇق، گۈلدەك چىرايلىق، قامىتىڭ تال چىۋىقتەك خۇش پىچىم بولغىيدى. بوز يىگىت سېنى ئەمرىگە ئېلىۋېلىپلا ئۆيۈڭ - تاماشىغا كىرىشىپ تالادىن كىرمەس بولۇۋاپتۇ، سەن بىلەن زادى كارى يوق. مانا قارا، قوڭدۇزدەك قارا سۇمبۇل چېچىڭ ئاقىرىشقا باشلاپتۇ، ئاناردەك قىزىل يۈزۈڭ سارغىيىپتۇ، گۈلدەك قامىتىڭ خوراپتۇ. ھېلىتىن شۇنداق بولسا، كېيىنچە قانداق بولۇر؟ ھەي قىزىم، ئەسلىدە بوز يىگىتكە تەگمەي شاھزادىلەردىن بىرەرىگە تەگكەن بول-



ساقمۇ دۆلەت كۆرۈپ، ھۇزۇر سۈرۈپ ئۆتەر ئىدىڭ، ــ دەپتۇ.

ــ ئەي ئانا، نېمىلەرنى دەۋاتىلا؟ بوز يىگىتسىز ئۆتكەن كۈنۈم ئۆلۈمگە تەڭدۇر، بۇنداق گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالغۇچى بولمىسىلا، ــ دەپتۇ.

ئاق بېكەشتىن دەككىسىنى يەپ لاتىسى سۇغا چىلاشقان موماي خۇشامەت قىلىپ:

ــ ئەقلىڭگە باركاللا، ئەقىللىق قىزىم، بوز يىگىت با-تۇرۇمغا بولغان ئەقىدەڭنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىناپ چاقچاق قىلىپ باققانتىم، كۆڭلۈڭگە ئالمىغايسەن، ــ دەپ ئۆزىنى ئاقلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. موماي مىڭ بىر تۈرلۈك ھىيلە - مىكىر بىلەن بوز يىگىت، ئاق بېكەش ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىپ ئۆزىگە تېخىمۇ ئىـ-شەندۇرۇۋاپتۇ. بوز يىگىت بىرقانچە كۈنلۈك شىكارغا چىقىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، موماي ئاق بېكەشنى ھويلىغا ئا-چىقىپ بېشىنى بېقىپ قويماقچى بوپتۇ. ئاق بېكەش مومايىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇشىغا، مومايىنىڭ قورسىقى قىمىرلاپ «چۇك - چۇك» قىلغان ئاۋاز چىقىپتۇ. ئاق بېكەش چۆچۈپ كېتىپ:

ــ ۋاي خۇدايىمەي، نېمە ئىش بۇ، ئانا؟ ــ دەپ سوراپتىكەن، موماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:

ــ ۋاي بالام، نېمە ئىش بولاتتى، چۇك - چۇك كېسەل دېگەن شۇ، ــ دەپتۇ.

ــ شۇنداقمۇ كېسەل بولامدۇ، ئانا، ئۇ زادى قانداق كې-سەل؟ ــ دەپ سوراپتۇ ئاق بېكەش.

ــ چۇك - چۇك كېسەل دېگەن ياش ۋاقتىدا ئېرىنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمىگەن، ياشانغاندا بالىلىرىنىڭ ۋاپاسىغا ئې-

رىشەلمىگەن، ئەرنى دەپ ئاتا - ئانىسىنىڭ مېھرى - شەپقى-تىگە جاۋاب قايتۇرالمىغان نادان ئائىل گىرىپتار بولىدىغان قارغىش تەگكۈر كېسەل، خۇدايىم بەندىسىگە ماڭا بەرگەن نەس كېسەلنى يولاتمىسۇن، — دەپ، كۆز يېشى قىپتۇ موماي. مومايىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئاق بېكەشىنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ.

ئەسلىدە موماي ئاق بېكەشىنىڭ بوز يىگىتكە بولغان ئە-قىدىسىنى قايتۇرۇش نىيىتىدە ئىچىگە ئىككى چۆجە سې-لىۋالغانىكەن.

ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى مو-ماي ئاق ئايغىرنىڭ قۇيرۇقىدىن بىر تۇتام، يىپ ئېگىرىشكە راسلانغان ئۇچتىن بىر قۇچاق كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاق بېكەش-نىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ.

— ماۋۇلارغا قاراڭ، بېكەشخان قىزىم، — دەپتۇ كەم-پىر، — ئاتا - ئانىڭىزدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولدى، ئوغۇل - قىزىڭىزمۇ سىز بىلەن تەڭلىشەي دەپ قالدى. دەردىڭىزدە يىغلاپ بىچارە ئاتىڭىزنىڭ ساقىلى ئاقىرىپ ماۋۇ ئاق ئايغىر-نىڭ قۇيرۇقىدەك ئاقارغاندۇ، دەردمەن ئانىڭىزنىڭ چاچلىرى ماۋۇ ئۇچتەك پاخپايغاندۇ. سىز بىر ئەرنى دەپ ئاتا - ئانى-ڭىزنىڭ ھالى بىلەن كارىڭىز بولمىسا، قىيامەتنىڭ سورىقىغا قانداق جاۋاب قىلىسىز؟

مومايىنىڭ ئېچىتقۇ سۆزلىرى بىلەن كۆز ئالدىغا تاشلاق-لىق تۇرغان قۇيرۇق ۋە ئۇچلار ئاق بېكەشكە ئاتا - ئانىسى-نىڭ ئىشقىنى سېلىپ كۆڭلىنى يېرىم قىپتۇ. موماي تېخىمۇ كۈشكۈرتۈپ:

— قىزىم، «جان بار يەردە قازا بار، ئۆلمىگەن جاندا ئۈ-مىد بار» دەپتىكەن. ئاتا - ئانىڭىز ھايات ۋاقتىدا ئەرگە تار-تىشىپ ئۇلارنى يوقلىيالمىسىڭىز، كېيىن ئاتا - ئانىڭىز

قازايىقەدەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تا-پالماي قالىسىز، — دەپتۇ. ئاق بېكەش كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

— ئانا، ئەگەر بوز يىگىت چالاقاراقلاردىن ئېھتىيات قىل-ماي مېنى يۇرتۇمغا ئېلىپ بارغىلى ئۇنىمىسا قانداق قىلىمەن؟ — دەپتىكەن، موماي:

— ئۇنىڭ باھانىسى ئاسان، مۇنداق قىلىسىز... — دەپ ئىش ئۆگىتىپتۇ.

بوز يىگىت ھەر كۈنى شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، ئاق بېكەش كۈنزادە بىلەن ئايزادىنى يېتىلەپ ئالدىغا چىقىدىكەن. بىر كۈنى بوز يىگىت ئۆۋدىن كەلسە، ئاق بېكەش ئالدىغا چىقماپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان بوز يىگىت:

— ئاق بېكەش ! — دەپ چاقىرىپتۇ. ئۆي ئىچىدىن سادا چىقماپتۇ.

— ئاق بېكەش ! — دەپ ۋارقىراپتۇ بوز يىگىت. يەنە شەپە بولماپتۇ. بوز يىگىت ئاچچىقىدا شۇڭقارنى يەرگە ئې-تىپتىكەن، شۇڭقارنىڭ باغرى يېرىلىپ ئۆلۈپتۇ.

— ئاق بېكەش ! — دەپ ئۈچىنچى قېتىم توۋلاپتۇ بوز يىگىت. جاۋاب كەلمەپتۇ.

ئايالىنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى ئار ئالغان بوز يىگىت دەرغەزەپ بىلەن ئۆيگە كىرسە، ئاق بېكەش ئورۇن - كۆرپە ئۈستىدە قې-يىداپ دۇم ياتقۇدەك.

— نېمە بولدى سىزگە؟ — دەپ سوراپتۇ بوز يىگىت. ئاق بېكەش قىمىر قىلماي قويماي تەتۈر قاراپ يېتىۋېرىپتۇ.

— مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن ! — دەپتۇ بوز يى-گىت. ئاق بېكەش ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي بوز يىگىت، مېنى ئەمرىڭىزگە ئالدىغاندا ئاق

بولدۇم، كۆك بولدۇم، دەپ زارلىغانتىڭىز، ئەمدى بۇگۇنگە كەلگەندە، مەن بىلەن كارىڭىز يوق، كۈندە ئوۋ ـ شىكار، ئو-يۇن ـ تاماشىغا چاپىسىز. ئۆزىڭىزلا ئويناپ ـ كۈلسىڭىز ھېسابمۇ؟ ! ماۋۇلارغا قاراڭ، مېنىڭ دەردىمدە ئاتامنىڭ ساقىلى ئاقىرىپ مۇنداق بوپتۇ، دەردمەن ئانامنىڭ چاچلىرى پاخ-پىيىپ مۇنداق بوپتۇ. تۆت ـ بەش يىلدىن بېرى مېنى يۇر-تۇمغا ئاپىرىپ، ئاتا ـ ئانامنى كۆرسىتىپ كېلەي دېمىدىڭىز، مەن زادى سىزنىڭ نېمىڭىز؟ — دەپ ئاق ئايغىرنىڭ قۇيرۇ-قى بىلەن بىر قۇچاق ئۇچنى بوز يىگىتنىڭ ئالدىغا ئېتىپ ھۆڭ تارتىپ يىغلاپتۇ.

بوز يىگىت ئويلاپ كۆرسە، ئاق بېكەشنىڭ ئېيتقانلىرى راست. ئۇ بېكەشتىن ئەھۋ سوراپ، ئاق بېكەشنىڭ ئاتا ـ ئا-نىسىنى يوقلاپ بارالماسلىقنىڭ سەۋەبلىرىنى يېشىپ بېرىپ-تۇ. ئاق بېكەش يىغىدىن توختاپ:

— دېگەنلىرىڭىز كونا گەپلەر. ھازىر چالاقاراقلار ئالدى-غىنىنى ئېلىپ يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەنمىش. ئاتام بىلەن ئانام مېنىڭ دەردىمدە زار يۇرۇپتىمىش. ئۇلارنى تىرىكلىكتە يوقلاپ بارالمىسام، قازايىقەدەر ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، يىغلاپ ـ قاقشىغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپتۇ. بوز يىگىت:

— ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ يۇرتى جاھاننىڭ ئۇ چېتىدە، بۇنداق ئۇزاق سەپەرگە ئىككى بالىمىز قانداق چىدايدۇ؟ — دەپتىكەن، موماي شۇئان:

— ۋاي جېنىم بالام، نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسىز؟ ئاق بې-كەشخان قىزىمنىڭلا كۆڭلى ئېچىلىدىغان ئىش بولسا، بالىلار-دىن غەم قىلماڭلار، مەن بار ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

بوز يىگىت ئاق بېكەش بىلەن ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا سەپەر قىلىدىغان، موماي كۈنزادە بىلەن ئايزادىدىن خەۋەر ئې-

لىپ تۇرىدىغان بولۇپ كېلىشىپتۇ.

بوز يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قانچە توسقان بولسىمۇ، ئۇلارنى گەپكە كىرگۈزەلمەپتۇ. بوز يىگىتنىڭ سېھرىي جادۇنى بىلىدىغان بىر سىڭلىسى بار ئىكەن، ئۇ ئاكىسىغا خەۋپ يې-تىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارغا يوشۇرۇن ئەگىشىپ بې-رىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئەتىسى بوز يىگىت ئىككى پەرزەنتىنى مومايغا ئامانەت قويۇپ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، بېكەشنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ئازراق يول باسقانىكەن، يول بويىدىن يوغان تاغىل يولۋاس چىقىپ ئالدىنى توسۇپ يېتىپ-تۇ. بوز يىگىت يولۋاسنى كۆرۈپ:

ئۇيان ئۆتكىن، يولۋىسىم،
بۇيان ئۆتكىن، يولۋىسىم.
بىر پاي ئوقۇم تەگكەندە،
يوق بولارسەن يولۋىسىم.

دەپ نەزم ئوقۇپتۇ، يولۋاس دەرھال كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بوز يىگىت سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە بىر مەنزىلگە يەت-كەندە، يول ئۈستىدە بىر ئارسلان پەيدا بولۇپ، يول توسۇپ ماڭ-غىلى قويماپتۇ. بوز يىگىت:

ئۇيان ئۆتكىن، ئارسلىنىم،
بۇيان ئۆتكىن، ئارسلىنىم.
بىر پاي ئوقۇم تەگكەندە،
قۇيۇن بولارسەن ئارسلىنىم.

دەپ نەزم ئوقۇپتۇ.

ئارسلان نەزمىنى ئاڭلاپ دەرھال كۆزدىن غايىب بوپتۇ ـ دە، بىردەمدىن كېيىن بوز يىگىتنىڭ سىڭلىسىغا ئايلىنىپ:

— ئەي جىنىم ئاكا، ئاتا - ئانام شۇنچە يالۋۇرسىمۇ، مەن يالۋۇرساممۇ گەپكە كىرمىدىڭ. ئۆزۈڭگىمۇ قىلىسەن، ئاتا - ئاناڭغىمۇ قىلىسەن، ماڭىمۇ قىلىسەن. سېنى سەپەرگە يولغا سالغان ھېلىقى موماي ئەسلىدە چالاقاراقلار ئەۋەتكەن جادۇگەر ئىكەن، لېكىن سەنمۇ، ئاق بېكەشمۇ ئۇنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتتىڭلار، — دەپتۇ.

ئاق بېكەش بۇ گەپنى ئۆزلىرىنى يولدىن قالدۇرۇش ئۈچۈنلا ئېيتىلغان يالغان گەپ دەپ ئويلاپ، ئۆز تەلىپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش سەپەرگە چىقىپ ئۈچىنچى كۈنى بولغاندا بىر پايانسىز دالىغا كەپتۇ. كېتىۋاتسا، غايىبتىن: «سەن كەتسەڭ كېتەلمەتتىم، مەندىمۇ بىر جان تۇرسا ئوزۇقۇمدىن غەم يەمتىم، ئىچەرىمگە قان تۇرسا» دېگەن زوۋان ئاڭلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇياق - بۇياققا قارىسا، ئىنسۇجىن كۆرۈنمىگۇدەك. ئاسمانغا قارىسا، ھېلىقى موماي چىغرىققا مىنىپ، ئايزادىنى ئالدىغا، كۈنزادىنى كەينىگە مىندۈرۈپ، ئالدىغا باققاندا ئايزادىنىڭ بېشىنى غاجاپ، كەينىگە باققاندا كۈنزادىنىڭ بېشىنى غاجاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقۇدەك. بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش شۇ چاغدىلا مومايىنىڭ ئەسلىدە جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بوز يىگىت سىڭلىسىنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگىنىگە قاتتىق پۇشايمان يەپتۇ. جادۇگەر بالىلارنى ھە دەپ غاجاپ، يىغلىتىپ ئۇچقىنىچە كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش قىرىق كېچە - كۈندۈز يول بېسىپ ئاخىر ئاق بېكەشنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ، يېتىپ كەپتۇ - دە، خارابىلىككە قاراپ تاڭ قاپتۇ، چۈنكى ئاۋۋالقى گۈزەل، ئاۋات ئاستانىنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىغانىكەن. ئۇلار يۇرت خارابىلىرىنى ئارىلاپ، ئەسكى تام - كېسەك دۆ-

ۋىلىرى ئارىسىدا ئۇنى - بۇنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن بىر ئاجىز مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ. مومايدىن ئاق بېكەشنىڭ شاھ ئاتىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئەتىسى بىر باياۋاننىڭ چېتىدىن ئاق بې-كەشنىڭ ئاتىسى بىلەن ئانىسىنى تېپىپتۇ. ئاق بېكەشنىڭ ئاتا - ئانىسى چالاقاراقلارنىڭ خورلىشى ۋە قىزىنىڭ پىرا-قىدا تولا يىغلاپ كۆزلىرىدىن ئايرىلغانىكەن. ئۇلار ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۆملەپ قوپۇپ، بالى-لىرىغا ئېسىلىپ يىغا - زار قىپتۇ.

بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەش ھالىدىن كەتكەن ئەما قې-رىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇ-رۇپتۇ. بارا - بارا ئىككى قېرىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ، بالى-لىرىنى كۆرەلەيدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى ئاق بېكەشنىڭ ئاتىسى بىر ئېسىل ئاق بوز تۇلپارنى يېتىلەپ، ئاق شۇڭقارنى قولىغا قوندۇرۇپ، بىر ئاق سەللە، ياقىلىق ئېسىل مەللە تون ۋە بىر زۇلپىقارنى كۆتۈ-رۈپ كىرىپ:



— بوز يىگىت باتۇر ئوغلۇم، ئاق بوز ئارغىماق، ئاق شۇڭقار ۋە زۇلپىقار مېنىڭ تەۋەررۇكلىرىم ئىدى. ئۇ تەۋەر-رۇكلەرنى تۇتقۇدەك ھالىم قالمىدى. بۇلارنى سىزگە تۇتتۇم، ئەمدى سىز ئۆيدە تۇرىۋەرمەي شىكارغا چىقىڭ، ئويناڭ، كۆ-ڭۈل ئېچىڭ. ئەرنىڭ قانىتى — ئات، ھەمراھى — شۇڭقار بىلەن زۇلپىقار. خۇدايىتائالا سىزگە مەدەت بېرىدۇ، — دەپ تەۋەررۇكلىرىنى بوز يىگىتكە تۇتقۇزۇپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ بوز يىگىت ئاق بوز ئارغىماققا مىنىپ، ئاق شۇڭقارنى بىلىكىگە قوندۇرۇپ، زۇلپىقارنى ئېسىپ شىكارغا چىقىدىغان بوپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي كالتە بوزمۇ بوز يىگىتنى سېغىنىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كۈنى خۇشال-خۇرام ئۆتۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوز يىگىت بىلەن كالتە بوز شىكارغا چىقىپتۇ. شۇ كۈنى تومۇز ئىسسىقى چېكىگە يېتىپ، جاڭگال-لىق تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىكەن. ئۇلار ئۇيان چېپىپ، بۇيان چېپىپ ئوۋ تاپالماپتۇ. بوز يىگىت باتۇر جىلە بولۇپ، چوقۇم ئوۋ غەنىيمىتىگە ئېرىشمىگۈچە قايتماسلىق قارارىغا كەپتۇ ۋە كالتە بوز بىلەن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئوۋ ئىزدىمەكچى بوپتۇ.

بوز يىگىت ئوۋ ئىزدەپ ماڭا - ماڭا ئادەم ئايىغى يەتمى-گەن بىر قويۇق جاڭگاللىققا كىلىپ قاپتۇ. ئۇ قاياققا مېڭى-شىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، ئالدىدىن ساقاللىرى سۈتتەك ئاقار-غان، يۈزلىرى نۇرلىنىپ تۇرغان ئىسسىق چىراي بىر بوۋاي يېتىپ كەپتۇ. بوز يىگىت ئارغىماقتىن چۈشۈپ بوۋايغا سالام قىپتۇ. بوۋاي سالامنى ئىلىك ئېلىپ تۇرۇپ:

— ئەي بوز يىگىت باتۇر، يامان چاغدا ئوۋغا چىقىپ قاپسەن، ئەمدى ئۆتكەنگە سالاۋات. سەمىڭگە شۇنى سېلىپ قو-

ياي، هازىر ساڭا بىر چوڭ خەۋپ ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ-زۇڭگە ئاگاھ بولغايسەن. ئېسىڭدە چىڭ تۇت، يالغۇز دۆڭگە ئات سالما، تۆكۈر توشقانغا شۇڭقار سالما، بۇلاق بويىدا ئۇخ-لىما. خوش، قالغىنى خۇداغا ئامانەت، — دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

بوز يىگىت بوۋاينىڭ دېگەنلىرىگە ھەيران بولۇپ، ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇيان قارىسىمۇ، بۇيان قارىسىمۇ بىر ئەر جا-نىۋار يولۇقماپتۇ، شۇڭا تىت - تىت بولۇپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە، ئۇ ھارغىنلىققا ۋە تومۇز ئاپتاپقا چىدىماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ بايىقى نەسىھەتىنى ئۇنتۇپ، ئالدىدىكى يالغۇز دۆڭگە ئارغىمىقىنى ساپتىكەن، ئارغىمىقى مۇدۇرۇلۇپ كېتىپ ئالدى پۇتى سۇنۇپتۇ. ئۇ ئار-غىماقنى تاشلاپ، ئېگەر - جابدۇقنى يۈدۈپ كېلىۋاتسا، ئالدى-دىن بىر بوز توشقان يۈگۈرۈپ ئۆتۈپتۇ، شۇڭقارنى قويۇۋەتكە-نىكەن، ئاق شۇڭقار ئەگىپ بېرىپ توغراققا قونۇپتۇ، چاقىر-سا چۈشمەپتۇ. ئۇسساپ، چارچاپ كەتكەن بوز يىگىت كالتە بوز بىلەن تېپىشىپ، ئىچ پۇشۇقى بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ. بوز يىگىت يانچۇقىدىن بىر ئالتۇن بىگىزنى چىقىرىپ كالتە بوزغا بېرىپتۇ - دە:

— مەن قاتتىق چارچىدىم، بىر ئۇخلىسام قىرىق كېچە - كۈندۈزدە ئويغىنىمەن، ئالمادىس بىرەر ۋەقەگە يولۇقساڭ، ئالتۇن بىگىزنى تاپىنىمغا سانجىغىن، شۇئان ئويغىنىمەن، — دەپ ئېگەر - توقۇمغا يۆلەنگىنىچە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

كالتە بوز بوز يىگىتنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا، غايىبتىن چۈشكەندەك بىر قېرى موماي پەيدا بوپتۇ. كالتە بوز ئورنى-دىن تۇرۇپ مومايغا سالاپ بېرىپتۇ. موماي:

— بالام، بۇ چەت جاڭگالدا نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ ئاۋۇ ئۇخلاۋاتقان پالۋان كىم بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. كالتە بوز مومايغا ئۆز ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىپتۇ. موماي:

— ئاغىنەڭ قاچان ئويغىنىدۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، كالتە بوز:

— بوز يىگىت بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئويغىنىدۇ، ئۇخلىغىلى ئاران يېرىم كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بالام، ئاغىنەڭ قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلىسا، ئاڭغىچە سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئاغىنەڭنى ئويغاتماقچى بولساڭ قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ موماي.

— مەن ئاغىنەم ئويغانغۇچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يېنىدا تۇرىمەن، ناۋادا ئاغىنەمنى ئويغىتىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭ تاپىنىغا بۇ ئالتۇن بىگىزنى سانجىسام، شۇ زامات ئويغىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كالتە بوز.

— پاھ، ئەجەب چىرايلىق بىگىز ئىكەن. ئەكە، ماڭا بېرىپ تۇر، كېيىشىمنى يامىۋالاي، — دەپتۇ موماي. كالتە بوز سەل ئىككىلىنىپ، بىگىزنى مومايغا بېرىپتۇ.

بۇ بوز يىگىتلەرنى قاپقانغا دەسسەتكەن جادۇگەر ئىكەن. كەمپىر بوز يىگىتنىڭ ئىككى بالىسىنى چالاقاراقلارغا گۆرۈگە تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە بىر ئېتەك ئالتۇن - كۈمۈش تارتۇق ئېلىپ، باشقىچە سىياق بىلەن بوز يىگىتنىڭ ئىزىنى پايلاپ بۇلاق بويىغا كەلگەنىكەن. جادۇگەر بۇلاق بېشىدا كېيىشىنى ياماپ بولۇپ، ئالتۇن بىگىزنى سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ. كالتە بوز زارلىنىپتۇ، يىغلاپتۇ، مومايىنى تىللاپتۇ، قارغاپتۇ، ئامال بولماپتۇ. جادۇگەر بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

جادۇگەر ئىككى ئايغىنى تۆت قىلىپ چالاقاراقلارنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ - دە، ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. چالاقاراقلارنىڭ قىرىق سەركەردىسى بارلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ پۈتكۈل جاڭگالنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بوز يىگىت ئۇخلاۋاتقان بۇلاق بېشىغا يوپۇرۇلۇپتۇ. كالتە بوز بوز يىگىتنىڭ زۇلپىقارىنى ئېلىپ چالاقاراقلار بىلەن ئېلىشىپتۇ، نەچچە مەرتە ئېلىشقاندىن كېيىن، چالاقاراقلار دۆۋە - دۆۋە ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ چېكىنىپتۇ، كالتە بوز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بوز يىگىتنى چاقىرىپتۇ، تۇرتۇپتۇ، چىمداپتۇ، بوز يىگىت قىمىر قىلىپمۇ قويماپتۇ. كالتە بوزنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ، بوز يىگىتنىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرۇپتۇ - دە، تاپىنىنى چىشلەپتۇ، چىشلەپ - چىشلەپ ئىككى قەۋەت گۆشىنى شىلىپ بولغاندا، بوز يىگىت ئاران بىر ئۆرۈلۈپ:

— ۋاي - ۋۇي، تاپىنىم تازا قىچىشتىغۇ، — دەپلا خورۇلداپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا چالاقاراقلار يەنە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ كالتە بوز بىلەن ئېلىشىپتۇ. ئېلىشا - ئېلىشا چالاقاراق لەشكەرلىرى قىرىلىۋېرىپتۇ. چالاقاراقلار كالتە بوزغا تەڭ كېلەلمەي، مەسلىھەتلىشىپ، تۆت تەرەپتىن تەڭلا ئاتلىق كېلىپ كالتە بوزغا سالما تاشلاپتۇ، ئارقىدىن بوز يىگىتنى تۇتۇۋېلىپ، كالىنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان خام تاسما بىلەن چىرماپ باغلىۋېتىپتۇ. خام تاسما ئىسسىقتا قۇرۇغانسېرى قورۇلۇپ قىسىشقا باشلاپتۇ. بوز يىگىت ئاندىن ئۇيقۇسىنى ئازراق ئېچىپ:

— پاھ، بۇ يەرنىڭ پاشىلىرى نېمانچە قاتتىق چاقىدىغاندۇ؟ — دەپ بىر سىلكىنگەنىكەن، قات - قات خام تاسما تارسىلداپ ئۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. بوز يىگىتنىڭ كۈچ - قۇد-

رىتىدىن چۆچۈشكەن چالاقاراقلار بوز يىگىتنى يەنە باغلاپتۇ. بوز يىگىت يەنە بىر قېتىم ئۆرۈلگەنىكەن، تاسمىلار پايلىماي ئۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق باغلاشتىن كېيىن بوز يىگىت باتۇرنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ قارىسا، تۆت ئەتراپىنى چالاقاراقلار ئورىۋالغان، باغلاقلىق كالتە بوز بىر چەتتە يىغلاۋاتقانىكەن. بوز يىگىت:

— ئەي چالاقاراق نامەردلەر، مېنى خام تاسما بىلەن چىرماپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ جېنىمدىن جۇدا قىلالمايسىلەر، ئۆلتۈرىمىز دەپ ئاۋارە بولغۇچە دەرھال قويۇۋېتىڭلار، — دەپتۇ. چالاقاراقلار:

— باغلاقتا ئۆلمىسەڭ، چاڭقاقتا ئۆلىسەن، قىلىچتا ئۆلمىسەڭ، ئاچلىقتىن ئۆلىسەن، يا جانغا تۇر، يا جانانغا تۇر، — دەپتۇ.

بوز يىگىت چالاقاراقلارنىڭ ئۆزىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

ئون قوتاندا قويۇم بار،
شۇنى بېرەي، جاننى قوي.
بەش قوتاندا ئېتىم بار،
ئۇنى بېرەي، جاننى قوي.
ئۈچ قوتاندا كالام بار،
شۇنى بېرەي، جاننى قوي.
بىر قوتاندا تۆگەم بار،
ئۇنى بېرەي، جاننى قوي.

دەپ نەزم ئوقۇپتۇ. چالاقاراقلار:

— جېنىڭ بىزنىڭ قولىمىزدا تۇرسا، ئۇنى بېرەي، بۇنى بېرەي، دەپ ۋەدە قىلمىساڭمۇ، ئۇ نەرسىلەر بىزنىڭ بولماي



قالامتى؟ — دېيىشىپ كۈلۈشۈپتۇ.

بوز يىگىت چالاقاراقلارنىڭ خورلىشىغا چىدىماي تۇلۇقچىلاپ بىر دومىلىغانىكەن، چالاقاراقلاردىن نەچچە يۈزى ئۇنىڭ ئاستىدا قېلىپ خېمىرغا ئايلىنىپتۇ. چالاقاراقلارنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، بوز يىگىتنى يېڭىۋاشتىن چىرماپ تۆت تەرەپتىن تارتىپ تۇتۇۋاپتۇ. بوز يىگىت:

— ئەي نامەرد چالاقاراقلار، مېنى قانداق قىلىشساڭ قىلىش، ئەمما ئاغىنەم كالتە بوزنى قويۇۋېتىش، ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋالاي، — دەپتۇ.

چالاقاراقلار كالتە بوزنى بوشىتىپ بوز يىگىتنىڭ يېنىغا ئەكەپتۇ. بوز يىگىت كالتە بوزدىن رازىلىق ئېلىپ:

— ئەي قىيامەتلىك ئاغىنەم، مەندىن رازى بول، ئاخىرقى قېتىم ئاغىنىدارچىلىقىڭنى يەتكۈزۈپ چىمچىلاق پۇتۇمنىڭ تىرنىقىنى بوشىتىپ قوي، — دەپتۇ. كالتە بوز ئاغىنىسىنىڭ چىمچىلاق پۇتىنىڭ تىرنىقىنى بوغۇقتىن بوشىتىپتۇ. بوز

يىگىت «ياپىر !» دەپ نەرە تارتىپ، چىمچىلاق پۇتىنىڭ تىر-نىقى بىلەن بىر تالاي چالاقاراق لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلاپ-تۇ. ئەتراپ ئۆلۈككە توشۇپتۇ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. چالاقاراقلار بوز يىگىتنى باش ئەگدۈرەلمەسلىكىگە كۆزى يې-تىپ، ئۇنى تۆمۈر كۆشۈككە بەند قىپتۇ - دە، ئايتېرەك دې-گەن يوغان تېرەككە ئېسىپ قويۇپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، ئون كۈن ئۆتۈپتۇ، يىگىرمە - ئوتتۇز كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ. ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغاندا بوز يىگىت ھوشىدىن كېتىپتۇ. چالا-قاراقلار: «بوز يىگىتنىڭ جېنى تۆمۈر بولسىمۇ ئۆلۈپ بولدى، ئۆلۈكنى چۈشۈرۈپ ئاۋارە بولماي يولىمىزغا ماڭايلى» دېيې-شىپ كېتىپ قاپتۇ.

بوز يىگىت ئايتېرەككە ئېسىۋېتىلگەندىن كېيىن، كالتە بوز بېكەشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، بوز يىگىتنىڭ تارتقان كۈل-پەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئاق بېكەش پەرياد سېلىپ بى-



ھوش بوپتۇ. كېيىن يىقىلىپ - قوپۇپ بوز يىگىت ئېسىلغان ئايتېرەكنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى چۇشۇرۇپتۇ، تاسمىلارنى يېشىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپتۇ. بوز يىگىت كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ ئاق بېكەشنى كۆرۈپتۇ - دە:

— ئەمدى مەن بولالماي قالدىم، ئەگەر ئەقىدەڭدىن يانمىساڭ، جاپادىن قاچماي، جەسىتىمنى قىرىق كېچە - كۈندۈز كۆتۈرۈپ بۇلاقنى ئايلانغىن، شۇ چاغدا قايتا تىرىلىمەن، — دەپلا جان تەسلىم قىپتۇ.

ئاق بېكەش ئۆتكەن سەۋەنلىكلىرىگە مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ، زارلاپتۇ، ئۇستۇېشىغا ئاق ماتادىن قارىلىق كىيىپ، بوز يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ بۇلاقنىڭ چۆرىسىنى ئايلىنىپ، يىغا - نەزمىلەر بىلەن ھازا ئېچىپتۇ. ئوتتۇز توققۇز كۈن بولغاندا، باشقا سىياقتا كىرىۋالغان ھېلىقى جادۇگەر بۇلاق بېشىغا پەيدا بولۇپ، بىر پارچە قارا كىگىزنى بۇلاق سۈيىگە چىلاپ يۇيۇشقا باشلاپتۇ. ئاق بېكەش بوز يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— ۋاي موما، نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىلا؟ — دەپ سوراپتىكەن، جادۇگەر كەمپىر:

— قارا كىگىزنى ئاقارتايمىكىن دەپ يۇيۇپ ئولتۇرىمەن، قىزىم، — دەپتۇ. ئاق بېكەش:

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، موما، قارا كىگىز يۇغانغا ئاقىرارمۇ؟ — دەپتۇ. جادۇگەر:

— ھەي ئەخمەق قىزىم، قارا كىگىزنى يۇغانغا ئاقارمىسا، كۆتۈرۈپ يۈرگەنگە ئۆلۈك تىرىلەمتى؟ — دەپتۇ.

ئاق بېكەش ئۇنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي، بوز يىگىتنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ بۇلاقنى ئايلىنىشنى داۋام قىپتۇ. جادۇگەر قولىدىكى كىگىز پارچىسىنى بۇلاق ئىچىگە تاشلىۋېتىپ:

— قارا كىگىزنى ئاقارتىمەن دەپ، ئۇپرىغان مېنىڭ جىد-
نىم، ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىمەن دەپ، قىينالغان سېنىڭ
جېنىڭ، ھەي شور پېشانە قىزىم، تاشلا قولۇڭدىكى ئۆلۈكنى،
سېسىق ئۆلۈككە ئەقىدە باغلىمىساڭ، ئايدەك جامالىڭ بىلەن
ئەرسىز قالامتىڭ؟ — دەپ، بىر ئۇھ تارتىپتىكەن، دېلىغۇل
بولۇپ قالغان ئاق بېكەش ئۆزى كۆتۈرۈۋالغان بوز يىگىتنىڭ
جەسىتىنى بۇلاق ئىچىگە پولتۇڭىدە تاشلىۋېتىپتۇ.

بۇ چاغدا بوز يىگىتنىڭ تېنىگە يېرىم جان كىرىپ،
بۇلاق ئىچىدە بېلىگىچە دەس تۇرۇپتۇ - دە:

— ئاھ ئاق بېكەش، ئوتتۇز توققۇز كېچە - كۈندۈز
چىداپ، بىر كۈن قالغاندا چىدىمىدىڭ. ماڭىمۇ قىلدىڭ، ئۆ-
زۇڭگىمۇ قىلدىڭ. ئەلۋىدا، ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەرمىز، — دەپلا
بىر يۇمىلاپ كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ئاق بېكەش مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ چاچلىرىنى
يۇلۇپتۇ، يۈزلىرىنى تاتىلاپتۇ، مەڭزىلىرىگە كاچاتلاپتۇ.

جادۇگەر كەمپىر چالاقاراقلارنىڭ سەركەردىلىرىگە بۇ خە-
ۋەرنى يەتكۈزۈپتۇ. چالاقاراق باتۇرلىرى ئارغىماقلىرىغا مىنىپ
بېكەشنىڭ قېشىغا كەپتۇ - دە، ئاق بېكەشنى تالىشىپ سو-
قۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئاق بېكەش چالاقاراق سەركەردىلىرىگە:

— ئەي چالاقاراق باتۇرلىرى، سىلەر قىرىق كىشى ئى-
كەنسىلەر، مەن بولسام بىرلا كىشى، مەن قايسىبىرىڭلارغا
تېگىمەن؟ سىلەر مېنى تالىشىپ بىھۇدە سوقۇشقاندىن كۆرە،
دەرھال بىردىن گۈمبەز ياساڭلار. كىم گۈمبەزنى تېز ھەم
چىرايلىق ياساپ پۈتتۈرسە، شۇنىڭغا تېگەي، — دەپتۇ.

چالاقاراق سەركەردىلىرى ئاق بېكەشنى قىزغىنىپ، پۈتۈن
ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىردەمدە قىرىق گۈمبەز ياساپ
پۈتتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاق بېكەش:

— سىلەر ياسىغان گۈمبەزلەر بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە بىرلا ۋاقىتتا پۈتتۈرۈپسىلەر، شۇڭا كىمگە تېگىشىمنى بىلەلمىدىم. ئەمدى سىلەر بىردىن ئوچاق سېلىپ تاماق ئېتىڭلار، مەن ھەممىڭلارنىڭ تامىقىدىن تېتىپ باقىمەن. قايسىڭلارنىڭ تامىقى تەملىك بولسا، شۇنىڭغا تېگىمەن، — دەپتۇ.

چالاقاراقلار بىردەمدە قىرىق ئوچاق سېلىپ، قازان ئېسىپ تاماق ئېتىشكە تۇتۇش قىپتۇ. تاماق پىشقاندا ئاق بېكەش ھەربىر گۈمبەزگە كىرىپ، ئۇلارنىڭ تامىقىدىن تېتىپ كۆرۈپتۇ، ئاندىن:

— ئەتكەن تامىقىڭلار بىر - بىرىڭلارنىڭكىدىن ئوخشاپتۇ، شۇڭا قايسىڭلارغا تېگىشىمنى بىلەلمىدىم. ئەمدى ھەممىڭلارغا بىرقاچىدىن تاماق ئۇسۇپ بېرىمەن. قايسىڭلار بالدۇر ئىچىپ بولساڭلار، شۇنىڭغا تېگەي، — دەپتۇ - دە، قىرىق تەڭنە كەلتۈرۈپ لىق تاماق ئۇسۇپ بېرىپتۇ. چالاقاراق سەركەردىلىرى ئاق بېكەشنى خوتۇنلۇققا ئېلىش تەمەسىدە تاماققا تەڭلا دۈم چۈشۈپتۇ. ئاق بېكەش بوز يىگىتتىن قالغان زۇلپىقارنى ئېلىپ گۈمبەزلەرگە بىر - بىرلەپ كىرىپ، قىرىق چالاقاراق سەركەردىسىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ.

ئاق بېكەش چالاقاراق سەركەردىلىرىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قان يىغلاپ تۇرۇپ:

ئاق شۇڭقارنى قوندۇرۇپ،<br>
جان ئالغۇچى دەپمىدىڭ؟<br>
مەللە توننى كىيدۇرۇپ،<br>
كېپەنلىكى دەپمىدىڭ؟

ئاق تۇلپارغا مىندۈرۈپ،
جىنازىسى دەپمىدىڭ؟
ئەرسىز قالغان قىزىڭنى
ئۆزۈم ئالاي دەپمىدىڭ؟

دەپ نالە قىپتۇ. ئاق بېكەشنىڭ ئاتىسى:

— ھەممە ئەيىب مەندە، قىزىم، بۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام، ئاق بوز ئارغىماق، ئاق شۇڭقار، ئاق سەللە، مەللە تون ۋە زۇلپىقارنى بەرمەس ئىدىم. ئېرىڭ بوز يىگىتنىڭ ئۆلۈمىگە مەن زامىن بوپتىمەن، — دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ.

ئاق بېكەشنىڭ ئاتىسى قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن قىرىق قىزنى ھەمراھ قىلىپ چارباغلارغا ئەۋەتىپتۇ، لېكىن ئاق بېكەشنىڭ سۇنۇق كۆڭلى ئېچىلماپتۇ.

جادۇگەر كەمپىر چالاقاراقلارنىڭ قالدى - قاتتى لەشكەرلىرىنى يىغىپ:

— سىلەر سەركەردىلىرىڭلارنىڭ زورى بىلەن يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلىپ، كۆرمىگەن ئازابلارنى تارتتىڭلار. ھازىر سەركەردىلەر ئۆلۈپ تۈگىدى، ئاق بېكەشنى تالىشىدىغان نوچى قالمىدى. قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ ساھىبجامالنى تاشلاپ كېتەمسىلەر؟ — دەپ كۇشكۇرتۇپتۇ.

چالاقاراق لەشكەرلىرى ئاق بېكەشنى خوتۇن قىلىش تەمەسىدە بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ چارباغ تەرەپكە چېپىشىپتۇ. چالاقاراق لەشكەرلىرىنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئاق بېكەش قىرىق قىزنى چاقىرىپ، يېنىدىكى ئۈنچە - مارجانلارنى يەرگە چېچىپتۇ - دە:

— قىزلار، مارجانلارنى كىم تېرىۋالسا شۇنىڭ بولىدۇ، قېنى ئېلىڭلار، — دەپتۇ. قىرىق قىز مارجان تېرىش بىلەن

بەند بوپتۇ. ئاق بېكەش ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. چالاقاراقلار ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئاق بېكەش بوز يىگىت ئېسىپ قويۇلغان ئايتېرەك تەرەپكە بۇرۇلۇپتۇ. چالاقاراقلار تاپ بېسىپ قوغلاپتۇ. چالاقاراقلار يېتىشۋالاي دەپ قالغاندا، ئاق بېكەش ئايتېرەك ئۈستىگە يامىشىپ چىقىپ ئەڭ ئېگىز شاخ ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇۋاپتۇ. چالاقاراقلار ئايتېرەك ئۈستىگە چىقىشقا ئەيمىنىپ:

— ئاق بېكەش، پەسكە چۈشۈپ بىزگە خوتۇن بولۇڭ، بىز سىزنى ئەتىۋارلايمىز، — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. ئاق بېكەش چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. شۇ چاغدا جادۇگەر كەمپىر كۆنزادە بىلەن ئايزادىنى سۆرەپ يېتىپ كەپتۇ. چالاقاراقلار:

— ئاق بېكەش، پەسكە چۈشۈڭ، بولمىسا قىزىڭىز ئايزادىنى چېپىپ تاشلايمىز، — دەپ سۈرەن سالپتۇ. ئاق بېكەش چۈشمەپتۇ. چالاقاراقلار ئايزادىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. ئاق بېكەش قىزىنىڭ دەرد ـ پىراقىدا يىغلاپ، باغرى خۇن بوپتۇ. چالاقاراقلار:

— ئاق بېكەش، چۈشۈپ بىزگە خوتۇن بولۇڭ، بولمىسا ئوغلىڭىز كۆنزادىنى چېپىپ تاشلايمىز، — دەپ چۇرقىرىشىپتۇ. ئاق بېكەش چۈشمەپتۇ. چالاقاراقلار كۆنزادىنى چېپىپ قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلاپتۇ. ئاق بېكەش ئوغلىنىڭ ئېچ ئاغرىقىدا قان يىغلاپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشتىن ئايتېرەك تۈۋىدە بۇلاق ھاسىل بوپتۇ.

چالاقاراقلار ئايتېرەكنى چۆرىدەپ چېدىر ـ بارگاھ تىكىپ، ئاق بېكەشنىڭ چۈشۈپ ئۆزلىرىگە خوتۇن بولۇشىنى كۈتۈپ يېتىشىپتۇ.

بىر ھەپتە بولغاندا، ئاق بېكەش سۇمبۇل چاچلىرىنى كېسىپ ئايتېرەكنىڭ شېخىغا چىگىپتۇ ـ دە:

ئاتىكام تىككەن ئايتېرەك،
ئانىكام تىككەن ئايتېرەك.
ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ
بېشىنى يېگەن ئايتېرەك.

دەپ ناخشا ئېيتىپ، تېرەك ئۈچىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپتىكەن، ئايتېرەكنىڭ بىر شېخى قاراسىدە سۇنۇپ، ئاق بېكەش ئايتېرەك تۈۋىدىكى بۇلاق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاق بېكەش بۇلاق سۈيىگە بىر چۆمۈلۈپ بېلىقچە ئۆرە بوپتۇ ۋە:

«ئاھ ۋاپاسىز جاھان، ئاھ ئارماندا كەتكەن جان !» دەپ بىر يۇمىلاپتۇ ـ دە، كەپتەرگە ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ كۆك قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ. چالاقاراقلار ئاسمانغا ھاڭۋاقىنىچە بىرھازا تۇرۇپ قاپتۇ، ئاندىن جادۇگەر كەمپىرنى تۇتۇپ نەيزىلەپ، تىتما ـ تىتما قىلىپ تاشلاپتۇ.

ئايتېرەك سۇنۇق شېخىنى ساڭگىلىتىپ تا مۇشۇ كەمگىچە كۆكلەپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ئايتېرەك ئاستىدا كۆز ياش بۇلىقى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرۇپتۇ. بوز يىگىت بىلەن ئاق بېكەشنىڭ يۇرتلۇقلىرى ئايتېرەك ئاستىغا قەبرە تىكلەپ، ۋاپا، پاكلىق يولىدا شېھىت بولغان ئاشىق ـ مەشۇقلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ ئۇلارنى ياد ئېتىپ كەپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئايتېرەك ئاستىدىكى كۆز ياش بۇلىقىدىن چىققان شەربەت سۇدا ئەمالار كۆزىنى يۇسا، كۆزى ئېچىلارمىش، قىز ـ چوكانلار چاچلىرىنى يۇسا، چاچلىرى قارا، پارقىراق، ئۇزۇن ئۆسەرمىش.

# ئادىل پادىشاھ

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، بۇرۇن-قى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىغانىكەن. شۇڭا، پۇقرالىرى ناھايىتى بەختلىك ھەم خۇشال - خۇرام كۈن كەچۈرىدىكەن، پادىشاھتىن ھەممە رازى ئىكەن، شۇڭا خەلق پادىشاھقا «ئادىل پادىشاھ» دەپ نام بەرگەنىكەن. پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئادىللىقىغا ھەۋىسى كېلىپ، مەن شۇنداق بىر ئادىل پادىشاھ ئىكەنمەن، زادى مېنىڭ ئۈس-تۈمدىن يامان دەپ شىكايەت قىلىدىغانلارمۇ بارمىدۇ؟ دەپ ئويلاپتۇ - دە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى پۇقراچە ياسىنىپ، ئاخ-شىمى شەھەرگە كىرىپ، ئادەملەر كۆپرەك توپلاشقان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىشقا باشلاپ-تۇ، ئەمما پادىشاھنى يامان دەيدىغان بىرەر گەپ - سۆز ئاڭ-لىيالماپتۇ. بۇنىڭغا قانائەتلەنمىگەن پادىشاھ شەھەرنىڭ سىر-تىغا چىقىپ، نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تىڭ-شاپ بېقىپتۇ. ئۇ جايلاردىمۇ پادىشاھ ھېچبىر يامان گەپ - سۆز ئاڭلىماپتۇ. ئاخىر بىر يالغۇز ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە بارسا، دەل شۇ ۋاقىتتا بىر قېرى موماينىڭ: «مەزىنىنىڭ جې-نى چىقسا، پادىشاھ يوقالسا، ۋەزىرنىڭ ئىتى پۇتلىشىپ پۇتى سۇنسا» دەپ خۇداغا نالە قىلىپ يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. پادىشاھ

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال ئوردىسىغا قاراپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن پادىشاھ ھېلىقى موماينى ئوردىسىغا چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئاخشامقى گەپلىرىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. موماي قورقۇپ، پادىشاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. پادىشاھ:

— تۇر ئورنۇڭدىن، يىغلىما، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، قانداق گەپ - سۆز بولسا ئېيتىۋەرگىن، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ. موماي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مەن يالغۇز بىر موماي. مېنىڭ ئېرىم يوق، بالا - چاقاممۇ يوق. ئىلگىرى باينىڭ ئۆيىدىن پاختا ئەكېلىپ ئېگىرىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن ئازراقلا ئىش ھەققى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنىدىم، ئەمما ئۆتكەن جۈمە كۈنى مەزىن جۈمەگە ئەزان ئېيتىش بىلەن تەڭ كۈنچىقىش تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن بىر



ۋەزىر ئىتنى يۇگۇرتۇپ كېلىپ مېنىڭ ئۆيۇمنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئېگىرگەن بارلىق يىپىمنى ئېلىۋېلىپ، مېنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ، كەلگەن تەرەپكە قاراپ ئىتنى قويۇۋەندەك چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ھەرقانچە يالۋۇرساممۇ: «پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى» دېدى. باي يىپنى دەپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا بۇقىردىقى بولغان ۋەقەنى ئېيتسام ئىشەنمەستىن ئۇرۇپ، ئۆيۇمدىكى بىرمۇنچە نەرسىلىرىمنى ئەكەتتى. بۇ ھەپتە يىپ ئېگىرىش ئۇچۇن باشقا بىر باينىڭ ئۆيىدىن پاختا ئەكەلسەم، تۇنۇگۇن دەل يەنە مەزىن جۇمەگە ئەزان ئوقۇغان مەزگىلدە ھېلىقى قارا ئاتقا مىنگەن ۋەزىر كېلىپ يىپنى ئەكەتتى، ئەمدى بۇ بايغا نېمە دېيىشىمنى بىلمەي يىغلاپ ئولتۇرغانىدىم. بۇ قارا ئاتلىق ۋەزىر باشقا كۈندە كەلمەيدۇ، پەقەت جۇمە كۈنى مەزىن جۇمەگە ئەزان ئوقۇشى بىلەنلا يېتىپ كېلىدۇ. شۇڭا: «مەزىننىڭ جېنى چىقسا، مېنىڭ يىپىمنى ئەكېلىش ئۇچۇن بۇيرۇق قىلغان پادىشاھ يوقالسا، ۋەزىرنىڭ ئىتى پۇتلىشىپ پۇتى سۇنسا، مېنىڭ ئۆيۇمگە كەلمەس ئىدى. يىپىمنى ئەكەتمىسە، مەنمۇ بۇنداق ۋەيران بولماس ئىدىم» دېگەن سۆزلەرنى قىلغانىدىم، — دەپ موماي سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەي، كېلەركى جۇمە كۈنى بۇ ئىشنى تەكشۇرۇپ بېقىشنى ئۆز ۋەزىرىگە بۇيرۇپتۇ.

كۈتكەن جۇمە كۈنىمۇ كەپتۇ. ئەتىگەندە ۋەزىر ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇگۇرۇك ئىتىنى مىنىپ، مومايىنىڭ ئۆيىنىڭ قېشىدىكى بىر كونا ئۆيدە مۆكۈنۇپ ئولتۇرۇپتۇ. دېگەنىدەك، دەل مەزىن جۇمەگە ئەزان ئوقۇغان مەزگىلدە، كۈنچىقىش تەرەپتىن قارا ئاتقا مىنگەن بىرى كەپتۇ - دە، مومايىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ توختاپ، مومايىنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپ، ئېگىرگەن يىپلىرىنى

ئېلىۋاپتۇ. موماي ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ «پادىشاھنىڭ بۇيرۇ-قى» دەپتۇ - دە، باشقا گەپ - سۆز قىلماستىن ئىتنى ئېلىپ مە-ڭىپ، كەلگەن تەرەپكە قاراپ قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر ئىتنى ئېلىپ مېڭىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقنى قوغلاشقا باشلاپتۇ، لېكىن ئىتنى ھەرقانچە چاپتۇرسىمۇ ئۇنىڭغا يې-تەلمەپتۇ. ھېلىقى قارا ئاتلىق ئىتنى چاپتۇرغان پېتى چۆل-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر كۆلگە چۈشۈپلا كۆزدىن غايىب بوپ-تۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر ھەيران بوپتۇ ۋە ھېچ ئويلاپ تۇر-ماستىن ئۆزىنى ھېلىقى كۆلگە ئېتىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا، ئۆزىنى ئاجايىپ چوڭ شەھەردە كۆ-رۈپتۇ. بۇ شەھەر شۇنداق چىرايلىق بىر شەھەر ئىكەنكى، ۋە-زىر ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق شەھەرنى كۆرمىگەنىكەن. شە-ھەر ئىچى پۈتۈنلەي قىزلار بىلەن تولغان بولۇپ، ھېچبىر ئەر كىشى كۆرۈنمىگۈدەك. شەھەر كوچىلىرى شۇنداق چىراي-لىق بېزەلگەنكى، ئەتراپلىرى تۈرلۈك گۈللەر بىلەن تولغان، ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى مەرمەردىن ياسالغان، ئۈستىگە ئال-تۇندىن ھەل بېرىلگەن، بۇ ئىمارەتلەر خۇددى كۈن نۇرىدەك نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن. بۇ جاي سۇ ئاستى پادىشاھلىقى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ شەھەرنىڭ قىزلىرى ۋەزىرنى كۆرۈشى بىلەنلا ھەيران بولۇپ، دەرھال پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپ-تۇ. بۇ جاينىڭ پادىشاھىمۇ قىز بولۇپ، ئۇنى «قىز پادىشاھ» دەپ ئاتىشىدىكەن.

قىز پادىشاھ ۋەزىرنى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت بىلەن كۈ-تۈۋېلىپ مېھمان قىپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشاھقا ئۆزىنىڭ كىم-لىكىنى ھەم بۇ يەرگە نېمە سەۋەب بىلەن كېلىپ قالغانلىقى-نى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراپتۇ، ئەمما قىز پادىشاھ بۇ

توغرۇلۇق: «كېيىن بىلىپ قالارسىز» دەپتۇ ـ دە، باشقا گەپ ـ سۆز قىلماپتۇ. بىرقانچە كۈنلەر مېھمان بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ئۆزىنىڭ شەھىرىگە قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز پادىشاھ:

— سىز بۇ جايغا كەلدىڭىز، بىرقانچە كۈن مېھمان بولدىڭىز، ئەمدى بۇ قىزلارنىڭ بىرىنى تاللاڭ. شۇ قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بىرگە كېتىڭ، — دەپتۇ. ۋەزىر بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ ماقۇل كەپتۇ. ۋەزىرنىڭ كۆزىگە بۇ قىزلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ، زادى قايسى قىزنى تاللىشىنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ. ئاخىر ۋەزىر پادىشاھ قىزنىڭ ئۆزىنى تاللىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز پادىشاھ:

— سىز مېنى خالىغان بولسىڭىز، مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇندىسىڭىز مەن ئۆمۈرلۈك سىزنىڭ بولىمەن، ئەمما شەرتىمنى ئورۇندىيالمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى نەدىن كەلگەن بولسىڭىز شۇ يەردە كۆرىسىز، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— قانداق شەرت بولسا ئېيتىڭ، چوقۇم ئورۇندايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

— مېنىڭ شەرتىم، — دەپتۇ قىز پادىشاھ، — مەن توي كېچىسى ناھايىتى قاتتىق ئۇخلايمەن. شۇ بىر كېچىدە مېنى ئۈچ قېتىم ئويغىتالىسىڭىز شەرتىمنى ئورۇندىغان بولىسىز، بولمىسا، شەرتىمنى ئورۇندىيالمىغان بولىسىز.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر بۇ ھېچقانچە ئېغىر شەرت ئەمەسكەن، ئۇخلىغان كىشىنى ئويغاتماقمۇ تەسمۇ؟ بىر كېچىدە ئۈچ قېتىم ئەمەس، بىرقانچە قېتىممۇ ئويغاتالايمەنمۇ، دەپ ئويلاپتۇ.

توي ئاياغلاشقاندىن كېيىن قىز پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئىككىسى ئايرىم ياسالغان بىر ئۆيدە قاپتۇ. قىز پادىشاھ بې-

شىنى ياستۇققا قويۇشى بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشاھنى ئويغىتىش ئۈچۈن چاقىرىپ بېقىپتۇ، قىچىقلاپتۇ، چىمداپتۇ، قىز پادىشاھ ئويغانماپتۇ. تۈن تەڭ بوپتۇ، ئۈچ قېتىم تۇرماق بىر قېتىممۇ ئويغىتالماپتۇ. ئاخىر ۋەزىر ھېچ ئىلاج قىلالماي داپ ـ دۇمباق، كانايلارنى ئەكىرىپ ئۆي ئىچىدە قالايمىقان چېلىشقا باشلاپتۇ، ئۆينىڭ ئىچى ھەر تۈرلۈك ئاۋازلارغا تولۇپ، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋېتەي دەپتۇ، ئەمما قىز پادىشاھ مىدىر قىلماپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشاھنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ ۋارقىراپمۇ بېقىپتۇ، ئاخىر يۇت ـ قوللىرىغا يىڭنە سانجىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. ۋەزىر كېچىچە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ھەم ھېچ ئىلاج قىلىپ قىز پادىشاھنى ئويغىتالمىغانلىقتىن خاپا بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ۋەزىر ئورنىدىن تۇرسا، ئۆز ئۆيىدە خوتۇنىنىڭ قېشىدا ياتقۇدەك. ۋەزىر دەرھال ئادىل پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادىل پادىشاھ ھەيران بولۇپ، كېلەركى جۈمە كۈنى ئۆزى بېرىپ بارلىق ئىشنى بىلىپ بېقىشقا قارار قىپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ تاڭ سەھەر بىلەن كىيىملىرىنى كىيىپ، ئېتىنى مىنىپ مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ... ئۇمۇ ھېلىقى قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كۆزىنى ئاچسا، ۋەزىر ئېيتقانغا ئوخشاش بىر چوڭ شەھەردە ئۆزىنى كۆرۈپتۇ. بۇ سۇ ئاستى پادىشاھلىقىدىكى قىزلار ئۇنى دەرھال قىز پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. قىز پادىشاھ ئادىل پادىشاھنى كۆرۈپ، ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن قارشى ئاپتۇ ھەمدە ۋەزىرنى مېھمان

قىلغاندىنمۇ ئارتۇق مېھمان قىپتۇ. ئادىل پادىشاھ قىز پادى-
شاھتىن قارا ئاتلىق ۋەزىرىنىڭ سىرىنى سورىغانىكەن، ئۇنىڭ-
غىمۇ: «كېيىن بىلىپ قالارسىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئادىل
پادىشاھ قايتىدىغان ۋاقتىدا قىز پادىشاھ ئۇنىڭغىمۇ قىزلاردىن
بىرىنى تاللاشنى ئېيتىپتۇ، ئادىل پادىشاھ قىز پادىشاھنىڭ
ئۆزىنى تاللىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قىز پادىشاھ ماقۇل بولۇپ،
ئادىل پادىشاھقىمۇ ۋەزىرگە قويغان شەرتىنى قويۇپتۇ. ئادىل
پادىشاھ بۇنىڭغا ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي باشلىنىپ
كېتىپتۇ. توي بولۇۋاتقان مەزگىلدە بىر كېنىزەك ئادىل پا-
دىشاھقا يوشۇرۇنچە بىر پارچە خەت بېرىپتۇ. ئادىل پادىشاھ
بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرسە: «سىز قىز پادىشاھنى ئويغىتىش
ئۈچۈن ۋەزىرگە ئوخشاش قالايمىقان ئىشلارنى قىلماستىن،
قىز پادىشاھ ئۇخلاۋاتقان مەزگىلدە ئۈچ قېتىم ھېكايە ئېيى-
تىپ، ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز سوئال قو-
يۇپ، قەستەنگە خاتا جاۋاب بەرسىڭىز، بۇنى ئاڭلاپ ياتقان
قىز پادىشاھ جاۋابىڭىزنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئويغىنىدۇ» دەپ
يېزىلغانىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ
كېتىپتۇ. توي ئاخىرلىشىپ، مەخسۇس ياسالغان ئۆيدە ئادىل
پادىشاھ بىلەن قىز پادىشاھ قاپتۇ. قىز پادىشاھ ياستۇققا بې-
شىنى قويۇپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئادىل پادىشاھ ھېلىقى كې-
نىزەكنىڭ خېتىگە بىنائەن ھېكايە ئېيتىپتۇ. ئۇ بىرىنچى
ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا بىر ياغاچچى، بىر تىككۈچى
ھەم بىر ئاخۇن بولغانىكەن. بۇ ئۈچ كىشى بىر كۈنى باشقا
بىر يۇرتقا بېرىپ ئوقەت قىلىپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپ
يولغا چىقىپتۇ.

بۇلار يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىر

بىر چۆلگە يېتىپ كېلىپتۇ، شۇ جايدا بىر كېچە قونۇپ ئەتىسى ماڭماقچى بوپتۇ، ئەمما بۇ جايدا ياۋايى ھايۋانلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، كېچىنى ئۈچى نۆۋەت بىلەن كۆزەت قىلىپ ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ. بولۇنغان مەسلىھەتكە مۇۋاپىق بىرىنچى قېتىم ياغاچچى كۆزەتكە چىقىپتۇ. ياغاچچى كۆزەتتە بىرئاز ۋاقىت ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەسنەشكە باشلاپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسۋابلىرىنى ئەكەپتۇ ـ دە، ئەتراپىدا تۇرغان بىكار ياغاچلارنى يونۇپ، ئۇنىڭدىن تازا كېلىشكەن بىر قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ئاندىن كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئىككىنچى نۆۋەت كۆزەت قىلىش تىككۈچىگە كەپتۇ. تىككۈچى ياغاچچىنىڭ قىلغان ئاجايىپ ئىشىغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۇستىلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بىر قۇر كىيىم تىكىپ، ياغاچ قىزغا كىيدۈرۈپ قويۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرقى كۆزەتكە ئاخۇنۇم چىقىپتۇ، قارىسا بىر چىرايلىق قىز تۇرغان. بۇنى كۆرگەن ئاخۇنۇم بىر تۇرۇپ خۇشال بوپتۇ، بىر تۇرۇپ قورقۇپتۇ. قىزغا گەپ قىلسىمۇ، ۋارقىرىسىمۇ جىم تۇرغۇدەك، تاش ئېتىپمۇ جاۋاب ئالالماي، ئاخىر قىزنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. قارىسا چىرايلىق بىر قىزنىڭ ھەيكىلى. ئاخۇنۇم بۇنى ئاۋۋال كۆزەتتە تۇرغان ئىككى ئۇستامنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭمۇ قاراپ تۇرغۇسى كەلمەپتۇ. تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن خۇداغا يىغلاپ مۇشۇ قىزغا جان ئاتا قىلىشنى تىلەپتۇ. ئاخۇنۇمنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، قىزغا جان كىرىپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. ئاڭغىچە تاڭ يورۇپ، كۈنمۇ چىقىپتۇ. ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئۇستام ئويغىنىپ، چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەۋىسى كەپتۇ ۋە بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ يالغۇز ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى كەپتۇ، ئەمما بۇ ئۈچ

كىشىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكى ئۈ-چۈن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپتۇ. ياغاچچى بىرىنچى بولۇپ سۆز باشلاپ:

— بۇ قىز جەزمەن مېنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئاۋۋال مەن ياغاچتىن قىزنىڭ ھەيكىلىنى ياسىمىغان بولسام، ھېچقايسىڭلارنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بولاتتى، — دەپتۇ. تىككۈچى:

— مەن سەن ياسىغان ياغاچ ھەيكەلگە كىيىم كىيدۈرۈپ ئادەم سىياقىنى بەردىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىز مېنىڭ بولۇ-شى كېرەك، — دەپتۇ. ئاخىردا ئاخۇنۇم سۆزگە تۇرۇپ:

— سىلەرنىڭ قۇرۇق ياغىچىڭلار ھېچ نەرسىگە كېرەككە كەلمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ جېنى يوق. مەن ئاخۇنلۇق سۈپە-تىم بىلەن خۇدادىن تىلەپ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدۈم، شۇڭلاشقا قىزدا ھېچقايسىڭلارنىڭ ھەققى يوق، — دەپتۇ.

ئادىل پادىشاھ بىرىنچى ھېكايىسىنى ئەنە شۇنداق تۈگى-تىپتۇ - دە، ئۆز - ئۆزىگە: «ئۇنداق بولسا، بۇ قىز مۇشۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىچىدىن قايسىسىنىڭ بولۇشى كېرەك؟» دەپ سوئال قويۇپتۇ ھەم ئۆزى: «بۇ قىز ئاخۇنۇمنىڭ بولۇشى كې-رەك» دەپ توختاپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قىز پادىشاھ كۆزىنى ئې-چىپتۇ - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ياق، خاتالاشتىڭىز. قىز ياغاچچىنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى دەسلەپ ئۇ ياسىمىغان بولسا، بۇنىڭغا ھېچقايسىسىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى، — دەپ تۈزىتىش بېرىپ، يەنە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

ئادىل پادىشاھ قىزنى بىرىنچى قېتىم ئويغىتالىغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوبدان بىر يۆ-تىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى روسلىۋېلىپ، ئىككىنچى ھېكا-

يىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي كىشى ئۆتكەنىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى باي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇزۇن ئۆتمەي خوتۇنىمۇ ئۆلۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىككى ئوغلى يېتىم قاپتۇ. بۇ بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ، بىزدەك يېتىم بالىلارغا بۇنداق ئاتا - ئانىمىز يوق شەھەردە ياشاش لايىق ئەمەس. ئۇنىڭدىن كۆرە، باشقا شەھەرگە بېرىپ ياشىغىنىمىز ئەۋزەل، دېگەن خىيال بىلەن مال - دۇنيالىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار كۈنلەپ، ئايلاپ مېڭىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاچا يولغا يېتىپ كېلىپ، ئىككىسى ئىككى تەرەپكە يول ئاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپتۇ. ئاكىسى چوڭ بىر شەھەرگە بېرىپ ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي مال - دۇنيالىرى تۈگەپ، قەلەندەرلىك قىلىپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئېغىرچىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، يېرىم ئاچ، يېرىم توق ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، نېمە بولسىمۇ بولسۇن، ئۇكامنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك، دېگەن خىيال بىلەن شەھەردىن ئايرىلىپ ئاۋۋالقى ئاچا يولغا كېلىپ، ئۇكىسى كەتكەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىرقانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر چوڭ شەھەرگە كەپتۇ. بۇ شەھەردىمۇ قەلەندەرچىلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئۇكىسى بولسا ئاكىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن چوڭ بىر شەھەرگە كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، ياخشى تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ، مال - دۇنياسى ئاۋۋالقىدىن بىرقانچە ھەسسە كۆپىيىپتۇ، بالا - چاقىلىقمۇ بوپتۇ. ئۇكىسى بىر كۈنى شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، ئاكىسىنىڭ جۇل - جۇل

ئەسكى كىيىملەر بىلەن نان تىلەپ، قەلەندەرلىك قىلىپ يۈر-
گەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئاكىسىنى دەرھال چاقىرىپ
تونۇشلۇق بېرىپتۇ. ئىككىسى يىغلاپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈ-
شۈپتۇ. ئۇكىسى ئاكىسىغا:

— مېنىڭ ئۆيۈم شەھەر تېشىدىكى ئۆستەڭنىڭ بويىدا،
سىز تارتىنماي دەرھال مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىڭ. ئۆيدە خوتۇن -
بالىلىرىم بار. ئۇلار سىزنى كۆرگەندە، ئۆزىڭىزنىڭ مېنىڭ
ئاكام ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ. مەن ھازىر يېتىپ بارىمەن، —
دەپتۇ - دە، كېتىپ قاپتۇ. ئاكىسى ناھايىتى خۇشال بوپتۇ
ۋە ئۇكىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇكىسى بولسا ئىشى-
نى تۈگىتىپ ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىدىن سورىسا، بۇ جايغا
باشقا كىشىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. تاشقىرىغا چىقىپ
ئۇنى ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپالماي يەنە قايتىپ كەپتۇ - دە،
خوتۇنىغا تاماق تەييارلاشنى بۇيرۇپ، بىرئاز دەم ئېلىش ئۈچۈن
ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئاكىسى كەلگۈدەك بولسا ناھا-
يىتى چىرايلىق بىر ئىمارەت تۇرغۇدەك. ئۇ مەن بۇ ئەسكى
كىيىملەر بىلەن ئۆيگە كىرسەم، ئۇكام بولسىغۇ بولدى، ئە-
گەر بولمىسا، باشقا كىشىلەر مېنى ھە، سەن نېمە قىلىدىغان
ئادەم، ئوغرىمۇ دەپ، ھويلىدىن قوغلاپ چىقارسا قانداق
قىلارمەن؟ ئۇنداق ئىزا تارتىپ يۈرگەندىن ئۆلگىنىم ياخشى
ئەمەسمۇ دەپ، ھويلىنىڭ تېشىدا ئۆزىنى ئۆزى پىچاق بىلەن
بوغۇزلاپ ئۆلۈۋاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇكىسى، ئاكام
كەلگەن بولسا كىرەلمەي يۈرمىسۇن دەپ، تاشقىرىغا چىقىپ
قارىسا، دەرۋازا ئالدىدا ئاكىسىنىڭ بېشى كېسىك ھالدا ياتقان-
لىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ
يىغلاشقا باشلاپتۇ ھەم ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ، مەن نېمە
ئۈچۈن ئاكامنى شەھەردە كۆرگەن چېغىمدىلا ئۆيگە باشلاپ

ئەكەلمىدىم ياكى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرمىدىم؟ ئاكام ئۇ- يۇمگە كىرىشكە خىجالەت بولۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. ئاكامسىز بۇ دۇنيادا مەنمۇ ياشىمايمەن دەپ، ئۆزىنىڭ بوينىنى ئۆزى قىلىچ بىلەن كېسىۋېتىپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇكىسىنىڭ خوتۇنى ئېرىنى ئىزدەپ تاشقىرىغا چىقسا، دەرۋازا ئالدىدا ئىككى كىشىنىڭ بېشى كېسىلگەن هالدا ياتـ- قۇدەك. ئايال ئېرىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ھەم كېسىلگەن بۇ باشلارنى تەنگە چاپلاپ قويۇپ، خۇداغا نالە قىلىپ قاتتىق يىغلاپتۇ. ئايالنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، بۇ ھەر ئىككى بىر تۇغقانغا جان كىرىپ مىدىرلاشقا باشلاپ، ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەمما، ئايال باشنى چاپلىـ- غان ۋاقىتدا دىققەتسىزلىك بىلەن ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئۇكىـ- سىنىڭ تېنىگە، ئۇكىسىنىڭ بېشىنى ئاكىسىنىڭ تېنىگە چاپلاپ قويغانىكەن. بۇ ئايالنىڭ ئېرى زادى قايسىسى بولۇشى كېرەك؟ دەپ ئادىل پادىشاھ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ - دە: «بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇكىسىنىڭ بېشى چاپلانغان ئاكىسىـ- نىڭ تېنى بولۇشى كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىپ، ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قىز پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ، ئورنىـ- دىن تۇرۇپ:

— ياق، خاتالاشتىڭىز، ئۇنداق قىلسا، ئۇ ئىككىسى بىر تۇغقان بولغانلىقى ئۈچۈن راۋا بولمايدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئاكىسىنىڭ بېشى چاپلانغان ئۇكىسىنىڭ تېنى بولۇشى كېـ- رەك، — دەپ تۈزىتىش بېرىپتۇ - دە، يەنە بېشىنى ياستۇققا قويۇپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

ئادىل پادىشاھ بولسا قىز پادىشاھنى ئىككىنچى قېتىممۇ ئويغىتالىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ئۈچىنچى ھېكايىسىنى باشلاپتۇ:

بۇرۇن بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بو-
لۇپ، بۇلار بىر - بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىدىكەن، يېشىمۇ
ئانچە پەرق قىلمايدىكەن، بىر قېتىم كۆرگەن كىشى بۇلارنى
بىر - بىرىدىن ئاجرىتالماي قالىدىكەن. باتۇرلۇقتا ئۇكىسى
ئاكىسىدىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۇلار چوڭىيىپ بالاغەتكە يې-
تىپ قاپتۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ يۇرتى ئىچىدىن بۇ ئىككى
ئوغۇلغا لايىق تېپىلماپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى يىگىت
مەسلىھەتلىشىپ، باشقا يۇرتقا بېرىپ لايىق تېپىپ كەلمەكچى
بوپتۇ، ئەمما ئىككىسى بىللە بارماستىن، ئاۋۋال ئاكىسى بې-
رىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇكىسى بېرىشقا قارار قىپ-
تۇ. پادىشاھ نۇرغۇن تەييارلىقلار بىلەن چوڭ ئوغلىنى يولغا
ساپتۇ. چوڭ ئوغۇل بىر كۈنلۈك يولغا بېرىپ كەينىگە قارى-
سا، ئۇكىسىنىڭ قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
توختاپ تۇرۇپتۇ. ئۇكىسى يېتىپ كېلىپ، ئاكىسىغا:
— ئاكا، بىر ئىش ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. سىزنىڭ قىلىچى-



ڭىزنىڭ غىلىپى مەن-
دە قالسۇن، مېنىڭ
قىلىچىمنىڭ غىلىپى-
نى سىز ئەكېتىڭ.
ئەگەردە قايسىمىز
خەۋپ - خەتەرگە يو-
لۇقساق، قىلىچىمىز-
نىڭ غىلىپى لىق
قانغا تولىدۇ، ئەنە شۇ
ۋاقىتتا بىر - بىرى-
مىزگە ياردەمگە باراي-
لى، — دەپتۇ. بۇنى

ئاڭلىغان ئاكىسى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال قىلىد- چىنىڭ غىلىپىنى ئالماشتۇرۇپتۇ. ئۇكىسى ئاكىسىغا ئاقيول تىلەپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئاكىسى ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئاكىسى چۆل - جەزىرىلەردە بىرقانچە كۈن يول مېڭىپ، ئاخىر بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇ يەردە بىر چوڭ ئۆڭكۈر- نى كۆرۈپتۇ، قارىسا ئۆڭكۈردىن تۇتۇن چىقىۋاتقۇدەك. يىگىت ئۆڭكۈرگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆڭكۈر ئىچىدە ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. يىگىت ھەيران قې- لىپ، قىزدىن:

— بۇ ئۆڭكۈردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز تېخىمۇ قاتتىق يىغلاشقا باشلاپتۇ. يىگىت قىزغا تەسەللى بېرىپ:

— قانداق سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن ئورۇندايمەن، — دەپتۇ. قىز:

— مەن پادىشاھنىڭ ئارزۇلاپ باققان بىر تال قىزى ئى- دىم. بىزنىڭ شەھەرگە ھەر يىلى بىر ئاپەت كېلىدۇ، ئۇ بول- سىمۇ، مۇشۇ ئۆڭكۈردىكى ئەجدىھاغا ھەر يىلى بىر قىزنى بەرمىسە، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ۋەيران قىلىد- دۇ. بۇ يىل نۆۋەت ما- ڭا كەلگىنى ئۈچۈن مېنى ئەجدىھاغا تاشلاپ بېرىشتى. ھازىر ئەج- دىھا ئۈچ كۈنلۈك شىكارغا كەتكەن، كېلىدىغان ۋاقتى بول- دى، شۇڭا ئۆز ئۆلۈ-



مىمدىن قورقۇپ يىغلاۋاتىمەن، ــ دەپتۇ. يىگىت:

ــ ھېچقاچان سىزنى ئەجدىھانىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ كەتمەيمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، سىزنى ساق ـ سالامەت ئاتىڭىزنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، ــ دەپ قىزنى خاتىرجەملەندۈرىدۇ، قىز ئانچە ئىشەنمەي:

ــ رەھمەت سىزگە، سىز دەرھال قايتىپ كېتىڭ، ھەر ئىككىمىز ھالاك بولمايلى، ــ دەپتۇ. يىگىت بولسا ئەجدىھانى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەمياد قىپتۇ ۋە ئەجدىھانىڭ قايسى ۋاقىتتا كېلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. قىز:

ــ ئەجدىھا كېلىشتىن ئىلگىرى ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقـ ماق چېقىپ، يامغۇر ياغىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا كېلىدۇ، ــ دەپتۇ. يىگىت:

ــ ئۇنداق بولسا مەن بىرئاز دەم ئېلىۋالاي، سىز ئەجدىـ ھا كېلىشتىن ئىلگىرى مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ، لېكىن مەن قاتتىق ئۇخلايمەن، شۇڭا مانا بۇ قىلىچنى ئوتتەك يۇتۇمغا سانـ جىڭ، شۇ ۋاقىتتا ئويغىنىمەن، ــ دەپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېـ قىشقا باشلاپتۇ. قىز يىگىتنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە قىلىچنى ئۇنىڭ پۇتىغا سانجىشقا يۈرىكى چىدىماي، ۋارقىراپ ئويغاتـ ماقچى بوپتۇ، بىراق يىگىتنى ئويغىتالماپتۇ. قاتتىق بوران چىقىشقا باشلاپتۇ. قىز ئىلاج قىلالماي ئاخىر يىگىتنىڭ پۇـ تىغا قىلىچنى سانجىپتۇ، يىگىت ئويغىنىپ:

ــ ئەجدىھانىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولدىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ئەنە كېلىۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ قىز. يىگىت ئىككى بىسـ لىق قىلىچنى ئېلىپ ئەجدىھا كەلگەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھا بۇ يىگىتنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ئۇنى دەم

تارتقانىكەن، يىگىت ئىككى بىسلىق قىلىچنى توغرا تۇتقان پېتى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ، ئەجدىھا ئۆلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يىگىتنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇلار شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. قىزىنى كۆرگەن پادىشاھ بىلەن خانىش خۇشاللىقىدىن ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇلار ھوشىغا كېلىپ، يىگىتنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، قىزىنى قۇتۇلدۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئالدى بىلەن يىگىتنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ، ئاندىن قىزىنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئاۋۋال ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىنى كۆرگەن قىز خاپا بولۇپ، ئاتىسىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئاتىسى:

— قىزىم، ئەگەر مۇشۇ يىگىت بولمىسا، بىز سېنى قانداق كۆرەلەيمىز؟ ! مۇشۇ يىگىت ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، سېنى قۇتۇلدۇردى، شۇڭا يىگىت بىلەن ئاۋۋال كۆرۈشتۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىز بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يەتتە كېچە - كۈندۈز چوڭ توي - مەرىكە قىلىپ، قىزىنى يىگىتكە نىكاھ قىلدۇرۇپ، يىگىتنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كېچىسى يىگىتنىڭ كۆزى تامدىكى بىر سۈرەتكە چۈشۈپتۇ - دە، خوتۇنىدىن:

— بۇ كىمنىڭ قىزى، ئۇ قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇ سۈرەتتىكى قىز بىزنىڭ شەھەرنىڭ سىرتىدىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز موماينىڭ قىزى. ئۇ موماي: «كىمكى مېنى چېلىشىپ يېڭەلىسە، شۇ كىشىگە قىزىمنى بېرىمەن. ئەگەر يېڭەلمىسە، ئۇنى ئىتقا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن» دەپ جاكارلىغان. ئەمما، بۇ قىزغا قىزىققان نۇرغۇن پالۋانلار، باتۇرلار

بۇ موماي بىلەن چىلىشىپ يېڭەلمىگەن، موماي ئۇلارنى ئىتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن، — دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان يىگىت دەرھال، ھە، بۇ قىز مېنىڭ ئۇكامنىڭ لايىقى ئىكەن. مەن مومايىنى يېڭىپ، قىزنى ئۇكامغا ئېلىپ بېرىمەن دەپ، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. ئەتىسى يىگىت خوتۇنىغا ھەم ئورىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوۋغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، يالماۋۇز مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن مومايىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن يالماۋۇز موماي:

— ھەي ئادەمزات، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئەمما، يىگىت پەرۋا قىلماستىن:

— شەرتىڭنى ئورۇنداپ، سەن بىلەن چېلىشىپ، قىزىڭنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسى چېلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇزاققىچە بىر - بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا موماي بىر ھىيلە ئىشلىتىپ:

— ھەي ئادەمزات، ناھايىتى ئۇسساپ كەتتۇق. بىر سۇ ئىچىۋېلىپ ئاندىن كېيىن چېلىشايلى، — دەپتۇ. يىگىتمۇ ماقۇل كۆرۈپ، كۆلنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ. موماي تۇمشۇقىنى سۇغا چۆكۈرۈپ سۇ ئىچكەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. يىگىت بولسا سۇنى ناھايىتى كۆپ ئىچكەنلىكتىن، پۈتۈن تېنى بوشىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موماي چېلىشتا يىگىتنى يېڭىۋاپتۇ - دە، ئۇنىڭ ئاستىنى ئىت، ئۈستىنى ئادەم قىياپىتىگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

يىگىتنىڭ ئۇكىسى قىلىچىنىڭ غىلىپىغا قارىسا، غىلاپلىق قانغا تولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ بىر پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ياردەمگە مېڭىپتۇ. بىرقانچە كۈن يول مېڭىپ، ئاخىر ئاكىسىنىڭ تۇرغان

شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ كۆيئوغلى، دەپ بىلىپ ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. يىگىت بولسا، ئاكام مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئاپتىكەن ـ دە، پادىشاھ مېنى ئاكامغا ئوخشىتىۋاتىدۇ. ئەمدى ئاكامنى تاپىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئاكىسىنىڭ خوتۇنىمۇ بۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ ئېرى دەپ ئىشىنىپتۇ. بۇ يىگىتنىڭمۇ كۆزى ھېلىقى تامدىكى سۈرەتكە چۈشۈپ، بۇ سۈرەتنىڭ سىرىنى سورىغانىكەن، قىز ئاچچىقلاپ:

— ئۆتكەندە ئېيتىپ بەرگەنىدىمغۇ، — دەپتۇ. يىگىت:

— ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ، — دەپ يەنە بىر سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قىز ئېرىگە سۆزلەپ بەرگەن ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى تولۇقى بىلەن سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت، ئۇنداق بولسا ئاكام مۇشۇ قىزنى ماڭا ئېلىپ بېرىمەن دېگەن نىيەتتە، شۇ موماينىڭ ئۆيىدە پالاكەتكە يولۇققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئەتىسى سەھەردە ئېتىغا مىنىپ موماينىڭ ئۆيىگە بارسا، ئاكىسى ئاجايىپ بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە موماي بىلەن چېلىشىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىت موماينى يېڭىۋاپتۇ ـ دە، ئاكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى سوراپتۇ. موماي دەرھال ماقۇل بولۇپ، ئاكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپ، قىزنى يىگىتكە بېرىپتۇ. بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى موماينىڭ قىزنى ئېلىپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئوردىغا بارغاندا، بۇ ئاكا ـ ئۇكىنى پادىشاھمۇ ئايرىۋالالماپتۇ، ھەتتا ئاكىسىنىڭ خوتۇنىمۇ قايسىسى ئۆزىنىڭ ئېرى، قايسىسى ئېرى ئەمەسلىكىنى بىلەلمەي قاپتۇ، دەپ ئادىل پادىشاھ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ ـ دە: «بۇ خوتۇن ئۆز ئېرىنى قانداق تونۇۋېلىشى كېرەك؟» دەپ

ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ ۋە ئۆزىگە: «ئايال ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىدىن، مېنىڭ ئېرىم قايسىڭلار؟ دەپ سوراپ بىلمۇالسا بولىدۇ» دەپ ھېكايىنى توختىتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا قىز پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپتۇ ۋە ئورنىدىن قوپۇپ:

— خاتالاشتىڭىز. ئايال كىشىنىڭ ئۇنداق سورىشى مۇمكىن ئەمەس ھەم باشقىلار ئاڭلاپ قالسىمۇ ئۇيات. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئايال ئىككى يەرگە ئورۇن ھازىرلاپ، بىرىگە ئۆزى ئاۋۋال بېرىپ يېتىشى كېرەك. قايسىسى بۇ ئايالنىڭ ئېرى بولسا، شۇ كىشى ئايالنىڭ قوينىغا كىرىپ ياتىدۇ، — دەپ تۈزىتىپتۇ، ئاندىن مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويۇپتۇ، — سىز مېنىڭ شەرتىمنى تولۇق ئورۇندىدىڭىز. مەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك خوتۇنىڭىز بولىمەن.

بۇ ۋاقىتتا ئادىل پادىشاھ قىز پادىشاھتىن قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. قىز پادىشاھ:

— مەن سىزنىڭ ئادىل، ھەققانىي ئىكەنلىكىڭىزنى ئەزەلدىن بىلەتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەن ئۆز كېنىزىكىمنى ۋەزىرچە ياساندۇرۇپ، يەر ئۇستى خانىلىقىغا چىقىپ، ئاشۇ مومايىنىڭ يىپىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇغان. بۇ ئايالنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ سىزنىڭ ئاخىر مۇشۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. ئەمدى ئۇ مومايىنىڭ يىپىنى ھېچكىم ئوغرىلىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇلارنىڭ ئىككىلىسى يەر ئۇستى خانلىقىغا چىقىپ تېخىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ ھەم يۇرتنى تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ھەققانىي سوراپتۇ، خەلقىمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قېرى مومايىنىڭ يىپىنىمۇ ھېچكىم ئەكەتمەيدىغان بوپتۇ.

# ئاق بوز ئايغىر

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، كۆرۈنگەن تاغنىڭ نېرىسىدا، كۆرۈنمىگەن تاغنىڭ بېرىسىدا سۆلەت باي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەنىكەن. سۆلەت باي ھەددى - ھېسابسىز بايلىققا ئىگە بولۇپ، مەغرىبتىن - مەشرىقىچە بولغان ئەل - يۇرتلاردا سودا - سېتىق قىلىدىكەن. سۆلەت باينىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىكەن. باينىڭ پۈتۈن خىيالى بايلىق توپلاپ بىرنى ئىككى قىلىش، ئىككىنى تۆت قىلىش بولغاچقا، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ، زىممىسىدىكى ئاتىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش خىيالىغا كىرىپ - چىقماپتۇ، شۇڭا ئوغۇللىرىنىڭ چوڭىنىڭ چېچىغا ئاق كىرىپ، كەنجىسى يىگىت بوپتۇ. باينىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى نۇرزات بولۇپ، ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە چېچەن، ئەقىللىق، باتۇر ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە توققۇز ئوغۇل بىر تويغا قاتارلىشىپ كەلسە، ياشلاردىن بىرى:

— ھە، كېلىڭلار، سۆلەت باينىڭ بۇقىلىرى! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نۇرزات دەرھال قايتىپ كېتىپتۇ. ئاكىلىرى تويدىن كېلىپ:

— سەن بىز بىلەن بىرگە تويغا بارغان، كېيىن يوقىلىپ كەتتىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. نۇرزات:

— سىلەر شۇنداق گالۋاڭمۇ؟! — دەپ تويدا ئاڭلىغان

سۆزىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇلارنى «سۆلەت باينىڭ بۇ-قىلىرى» دەيدىغان بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بۇ گەپ سۆلەت باينىڭ خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ سۆلەت بايغا:

— ھەي دادىسى، كىشىلەر بىزنى نېمىلەر دەپ سۆز - چۆچەك قىلىشىۋاتىدۇ، بىلەملا؟ — دەپتۇ. سۆلەت باي خاپا بولۇپ:

— قانداق ئادەملەركەن ئۇ بىزنى بىرنەرسە دەيدىغان؟! — دەپتۇ. خوتۇنى:

— ھەي دادىسى، بالىلارنىڭ ئالدى چارساقال، كەينى يىگىت بولدى. سىلى ئۇلارنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلمامىلا؟ — دېيىشىگە، سۆلەت باي:

— كىشىلەر شۇ توغرۇلۇق سۆز - چۆچەك قىلىشىپتىمۇ؟ مەن توققۇز ئوغلۇمغا توققۇز قىزى بار باينىڭ قىزلىرىنى تېپىپ بىراقلا بىر تەرەپ قىلىمەن، — دەپتۇ. سۆلەت باينىڭ خوتۇنى:

— سىلى ئىزدەپ بارمىسىلا، خەق سىلىنى ئىزدەپ كېلەمدۇ؟ — دەپتۇ.

سۆلەت باي ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، توققۇز قىزى بار باينى ئىزدەشكە بەل باغلاپتۇ. ئۇ يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا نورزاتقا ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىپ، ئۇنى ئۆيدە قويۇپ قويۇپ، سەككىز ئوغلى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار كۆپ يول يۈرۈپ بىر يايلاققا بېرىپتۇ. يايلاقتا سان - ساناقسىز قويلار ئوتلاپ يۈرگۈدەك. ئۇلار قويچىدىن بۇ قويلارنىڭ قۇددۇس باينىڭ قويلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.



ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ تاغ ـ قىرلاردىن ئۆتۈپ، يەـ
نە نۇرغۇن تۆگە، كالا، قوتاز، يىلقىلارنى كۆرۈپتۇ ھەم ئۇلارـ
نىڭمۇ قۇددۇس باينىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.

سۆلەت باي تاغدىن ئېشىپ باينىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تېـ
پىپتۇ. ئىككى باي كۆرۈشۈپتۇ. قۇددۇس باي ئۇنى بىر كېچە
قونۇپ كېتىشكە تەكلىپ قىپتۇ. سۆلەت باي ماقۇل بولۇپ
ئۆيگە كىرسە، ئىلغۇدا سەككىز ھالقا تۇرغۇدەك. سۆلەت باي:

— مېنىڭ توققۇز ئوغلۇم بار، مەن شۇلارغا توققۇز قىز
ئىزدەپ كېتىۋاتقانىدىم، بۇ ئۆيدىكى ھالقىلارنى كۆرۈپ مەقـ
سىتىمگە يەتتىم دەپ خۇشال بولغانىدىم. ئەپسۇس، سانىسام
بىرى كەم ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، يەنە بىرى ئەنە، — دەپتۇ قۇددۇس باي
باشقا بىر ئىلغۇدىكى ھالقىنى كۆرسىتىپ، — بۇ كەنجى قىـ
زىم پەرىزاتنىڭ ھالقىسى. سەككىز قىزىم بىر تەك بولسا، كەنـ
جى قىزىم پەرىزات بىر تەك، — دەپتۇ. سۆلەت باي ئۇنىڭغا:

— مېنىڭمۇ سەككىز ئوغلۇم بىر تەڭ، كەنجى ئوغلۇم بىر تەڭ. كەنجى قىزىڭىزنى كەنجى ئوغلۇمغا بەرسىڭىز بەك ياخشى بولغۇدەك، — دەپتۇ. قۇددۇس باي ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

ئىككى باي مەسلىھەتلىشىپ توي كۈننى بېكىتىپتۇ. توي تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، دېگەن قەرەلدە توققۇز كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ، ئەل ـ جامائەتكە داستىخان سېپتۇ. قۇددۇس باي قىزلىرىنى كۈيئوغۇللىرىغا قوشۇپ يولغا سېلىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن بوپتۇ. قىزلىرىنىڭ چوڭلىرى ئۆز مەشۇقلىرى بىلەن كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن بوپتۇ. كەنجى قىز ئۆزى يالغۇز ئىچى پۇشۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ خىيالغا پېتىپ قاپتۇ. تۇساتتىن:

— ئەي پەرىزات، نېمانچە غەمكىن بولۇپ كەتتىڭ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، قىز قارىسا، ئالدىدا بىر ئاق بوز ئايغىر تۇرغۇدەك. ئۇ بۇ خۇدانىڭ كارامىتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ:

— سەن قانداق بولۇپ تىلغا كىرىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاق بوز ئايغىر:

— ئاي تولغان ئاخشىمى ئاسماندىن بىر تۇلپار چۈشۈپ ئاتاڭنىڭ يىلقىلىرى ئىچىدىكى بىر بايتالغا قوشۇلغان، مەن شۇ بايتالدىن تۇغۇلدۇم، — دەپ ئۆز سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. كەنجى قىز:

— سەن يېنىمغا نېمە مەقسەتتە كەلدىڭ؟ — دەپتۇ. ئاق بوز ئايغىر:

— مەن ئۈچ كۈندىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىمەن، تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتەلەيمەن، دەريادا ئۈزەلەيمەن، ئوتتا كۆيمەيمەن. سەن داداڭدىن مېنى بېرىشنى ئىلتىماس قىل، بولمىسا مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن، — دەپتۇ. دېگەندەك

پەرىزات دادىسىدىن ئاق بوز ئايغىرنى تەلەپ قىپتۇ. قۇددۇس باي قىزىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىپتۇ.

قۇددۇس باي ئۇلار بىلەن خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ يالغۇز ئېقىن بويىدا، شور قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا قونماسلىقىنى تاپىلاپتۇ.

سۆلەت باي قۇددۇس باي بىلەن خوشلىشىپ، كېلىنلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

ئاشۇ يۇرتتا بىر جادۇگەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز بىر كۈنى چۇشىدە ئالتۇن ساقا، ئالتۇن ئوشۇق ئويناپ يۈرگەن نۇرزاتنى كۆرۈپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. جادۇگەر قىزىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

— ئەي جانجىگەر قىزىم، ساڭا نىمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. جادۇگەر موماي نۇرزاتنى قولغا چۇشۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، ئىككى ئوغلىنى ئاتلاندۇرۇپتۇ.



سۇلەت باي سەپەر قىلىپ بىر يالغۇز ئېقىن بويىغا يې- تىپ بېرىپتۇ ـ دە، شۇ يەردە چۈشكۈن قىلىپ ماڭماقچى بوپتۇ ۋە شۇ يەردە قونالغۇ راسلاپتۇ.

سۇلەت باي يالغۇز ئېقىن بويىغا بېرىپ سوغۇق سۇدا يۈز ـ كۆزىنى يۇماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئىككى دانە قوي ئۆپكىسى ئېقىپ كەپتۇ. سۇلەت باي بۇنى كۆرۈپ، بۇلارنى ئىت يېسۇن دەپ سۇزۇۋاپتۇ. شۇ چاغدا ئىككى ئۆپكە قاۋۇل ئىككى يى- گىتكە ئايلىنىپ:

ــ سەن قېرى نېمىدەپ بىزنىڭ ساياھىتىمىزنى بۇزد- سەن؟ ! سەن بىزنىڭ پادىشاھ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى بىل- مەمسەن؟ ! تېخى ئىت يېسۇن دەيسىنا ! ــ دەپ سۇلەت باي- نىڭ ياقىسىنى سىقىپتۇ. سۇلەت باي:

ــ مەن بىلمەي قاپتىمەن، مېنى كەچۈرسەڭلار، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۇلار:

ــ بىز دېڭەنگە كۆنسەڭ بىزدىن قۇتۇلىسەن، بولمىسا دەرياغا تاشلايمىز، ــ دەپ سۇلەت باينى دەريا تەرەپكە سۆرەپ- تۇ. سۇلەت باي قورقۇپ:

ــ نېمە دېسەڭلار كۆنەي، ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ــ كىچىك ئوغلۇڭنىڭ ئالتۇن ساقىسىنى بىزگە قويۇپ كەت، ــ دەپتۇ ئۇلار.

سۇلەت باي ئامال قىلالماي ئالتۇن ساقىنى چىقىرىپ بېرىپ قۇتۇلۇپ، دەرھال قونالغۇغا قايتىپ كېلىپلا يولغا چى- قىپتۇ. ئۇلار يول ئۈستىدە قىڭغىر جىگدە تۈۋىدە كونا قومۇش كەپىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ كەپە نۇرزاتقا ئاشىق بولغان جادۇگەر قىزنىڭ كەپىسى ئىكەن. جادۇگەر قىز بۇ يەردە پەرىزاتنى قەستلەپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ سۇلەت بايلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كەپىدىن چىقىپ، پەرىزاتقا مۇنداق دەپتۇ:

ئاق بوز ئايغىر مىنىپسەن،
نەگە ماڭدىڭ، پەرىزات؟
سەپىرىڭ قۇتلۇق سەپەرمۇ
غايىب نىكاھ، پەرىزات؟
ئاقۋاش تۆگەڭ يارامىلىق،
قۇتلۇق بولسۇن، پەرىزات.
ئۇزغۇ ساۋۇت - دۇبۇلغاڭ،
غايىب نىكاھ، پەرىزات.
چۆل بويىدا دېمىسەڭ،
قومۇش كەپە دېمىسەڭ،
بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈپ كەت.
مېنى غېرىب كۆرمىسەڭ،
شېرىن سۆھبەت قۇرۇپ كەت،
ئىچ سىرىمنى بىلىپ كەت.
ھېچبولمىسا دەم ئېلىپ،
تۇز - تەممىنى تېتىپ كەت،
سىنچېيىمنى ئىچىپ كەت.

جادۇگەر قىزنىڭ زاڭلىق قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلـ-
گەن پەرىزات مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ئەي ناتونۇش بىگانە،
ئۆي تۇتۇپسەن يېگانە.
يامان نىيەت بولمىساڭ،
يۈرەتتىڭمۇ پىنھانە.
سۆيگەن يارىم نۇرزاتتۇر،
ئۆز يارىمنى سۆيىمەن.
مىنگەن ئېتىم ئۆز ئېتىم،

يارغا سوۋغات تۇتىمەن.
يۇك ـ تاقامنى پەقەتلا
ئاق تۆگىگە ئارتىمەن.
كىيىپ ساۋۇت ـ دۇبۇلغا،
جەڭگە تەييار تۇرىمەن.
چۆل بويىدا دېمەيمەن،
قومۇش كەپە دېمەيمەن.
زورلىساڭمۇ، بىلىپ قوي،
بۇ ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن،
بىر سائەتمۇ تۇرمايمەن،
سۆھبەت قۇرۇپ يۈرگۈم يوق،
ئىچ سىرىڭنى بىلگۈم يوق،
سىنچىپىڭنى ئىچكۈم يوق.

جادۇگەر قىز ئېغىز ئاچالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ قاپتۇ. ئۇلار كېتىۋېرىپتۇ. بىر كۈنى كەچ كىرگەندە، ئۇلار بىر شور قۇدۇققا كەپتۇ. سۆلەت باي شۇ يەردە چۈشكۈن قىلماقچى بولغانىكەن، پەرىزات:

— بۇ يەردە قونمايلى، خەتەرلىك، — دەپتۇ، لېكىن سۆلەت باي مۇشۇ يەردە قونىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

شۇ كېچىسى پۈتۈن ئەتراپنى قارا تۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئاقباش تۆگىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بوپتۇ. سۆلەت باي ئىزدەپ بىر يەرگە بارسا تۆگە تۇرغۇدەك، تۆگىنىڭ نوختىسى بىر قوڭغۇراق تىكەنگە ئىلىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ تۈۋىدە بىر قېرى دۇمچەك موماي ئولتۇرۇپتۇ. سۆلەت باي:

— موما، ھەي موما، ئاۋۇ چۈلۈۋۈرنى ماڭا ئېلىۋېتىڭە، — دەپتۇ.



— قوپسام ئولتۇرالمايمەن، ئولتۇرسام قوپالمايمەن، بالام، ئۇنىڭغا ھالىم يەتمەيدۇ، — دەپتۇ موماي مۆلايىملىق بىلەن.

سۆلەت باي مومايىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، چۇلۋۇرنى ئالاي دەپ ئاتتىن ئېگىشىشىگە، موماي خۇددى بۈركۈتتەك كېلىپ ئۇنى ئاتتىن يۇلۇۋاپتۇ. سۆلەت باي مومايىنىڭ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇياق - بۇياققا يۇلقۇنۇپ كۆرۈپتۇيۇ، ئۇنىڭ قولىدىن ئاجرىيالماپتۇ. سۆلەت باي ئاخىر:

— توققۇز كېلىن كۆچۈرۈپ، بۈگۈن كەلدىم بۇ يەرگە. قويۇۋەتكىن، جان موما، كۆمەي سېنى مەن زەرگە، — دەپ مومايغا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ، لېكىن موماي ئۇنى قويۇپ بەرمەپتۇ. سۆلەت باي:

يەنە رازى بولمىساڭ،
سان - ساناقسىز قويۇم بار،
خالىغانچە ئېلىۋال.
يەنە نېمە ئويۇڭ بار؟

يەنە رازى بولمىساڭ،
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ،
قورۇ - قورۇ تۆگەم بار،
قانچە ئالساڭ شۇنچە ئال.
بۇ جېنىمنى قىلما خار،
قويۇۋەت مېنى، ئانجان.

دەپتۇ. موماي ئۇنى يەنىمۇ قاتتىقراق سىقىپتۇ. سۆلەت باي:

يەنە رازى بولمىساڭ،
ساي - سايلاردا يىلقام بار.
رەھىم قىلغىن، ئانجان،
سەندە بولسۇن ئىختىيار.
ئۇ ھەم بولسۇن سېنىڭكى،
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى.

دەپ زار - زار يىغلاپتۇ.

موماي «ياق - ياق» دەپ تېخىمۇ قاتتىق سىقىۋاتقانىكەن، سۆلەت باي:

يەنە رازى بولمىساڭ،
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ،
جان كېلىنىم پەرىزات،
ساڭا بولسۇن قول - قانات.
سېغىزخاندەك ساقلىقى،
ئاق پاختىدەك ئاقلىقى،
ئۇ ھەم بولسۇن سېنىڭكى،
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى.

دەپتۇ. «ياق - ياق» دەپ موماي سۆلەت باينىڭ گېلىنى تېخىمۇ بەكرەك سىقىپتۇ. سۆلەت باي:

يەنە رازى بولمىساڭ،
سەككىز قىران ئوغلۇم بار،
سەكسەن ئەرنىڭ كۈچى بار.
شۇلار بولسۇن سېنىڭكى،
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى.
قويۇۋەت مېنى، جان موما،
كۆچكە تولغان جان موما.

دەپتۇ. موماي «ياق ـ ياق» دەپ سۆلەت باينىڭ گېلىنى بىر سىقـ قانىكەن، سۆلەت باينىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ ـ دە، خىرقىراپ تۇرۇپ:

يەنە رازى بولمىساڭ،
خۇي ـ پەيلىڭدىن يانمىساڭ،
ساڭا قوياي بىر تىلەك،
سەككىزىدىن بىر بۆلەك،
كەنجى ئوغلۇم شۇ نۇرزات،
پالۋانىمدۇر تاغ يۈرەك.
ئۇ ھەم بولسۇن سېنىڭكى،
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى.
قويۇۋەت مېنى، جان موما،
كۆچكە تولغان خان موما.

دەپتۇ. جادۇگەر موماي شۇندىلا قولىنى بوشىتىپ:
— نۇرزاتنى ماڭا قانداق كەلتۈرۈپ بېرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— يانچۇقۇمدا نۇرزاتنىڭ ئالتۇن ئوشۇقى بار، نۇرزات ئۇنىڭسىز يۈرەلمەيدۇ، مەن ئۇنى ساڭا بېرىپ كەتسەم، نۇرزات ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ، — دەپتۇ. پەرىزات بۇ گەپلەرنى پىنـ

ھاندا تۇرۇپ ئاڭلاپ قاپتۇ.

سۆلەت باي ئالتۇن ئوشۇقنى مومايغا بېرىپ، تۆگىنى ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ ـ دە، يۈكلىرىنى ئارتىپ يولغا چىقىشۇپتۇ. پەرىزات يول بويى غەمكىن مېڭىپتۇ. سۆلەت باي يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، توققۇز كېچە ـ كۈندۈز كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ. توي تۈگەپ نۇرزات ھۇجرىسىغا كىرسە، پەرىزات يىغلاپ ئولتۇرغۇدەك. نۇرزات پەرىزاتتىن:

— ئەي مەلىكەم، ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. پەرىزات يول ئۈستىدىكى ئەھۋالنى بايان قىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە نۇرزات ئاتىسىدىن ئالتۇن ساقا بىلەن ئوشۇقنى سوراپتۇ. سۆلەت باي يالغاندىن يانچۇقىنى ئىزدىگەن بولۇپ:

— ھەتتەڭەي، شور قۇدۇقنىڭ يېنىدا ئات باقىدىم، شۇ يەردە چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

نۇرزات قارا كۆز تۆگىسىنى مىنىپ، ئالتە ئايلىق ئالا ئاتنى يېتىلەپ، ئالتۇن ساقا بىلەن ئوشۇقنى ئىزدەپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. پەرىزات:

— مېنىڭ ئاق بوز ئايغىرىمنى مىنىپ بارغىن، ئۇ كۈنىگە ئالتە ئايلىق يولنى باسالايدۇ، — دەپتۇ، لېكىن نۇرزات ئۆزىنىڭ قارا كۆز تۆگىسىگە مىنىپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ. پەرىزات چېچىنى چۇۋۇپ، يىغلىغىنىچە يولغا چىقىۋاپتۇ ۋە:

— مېنىڭ ئاق بوز ئايغىرىمنى، بۇ تارغاق بىلەن سۆزگىنى، ئەينەكنى ئېلىۋال، — دەپتۇ. نۇرزات ئاخىر كۆنۈپتۇ.

نۇرزات يۇرتىدىن خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئاق بوز ئايغىر زۇۋانغا كىرىپ:

— نۇرزات، ئالتۇن ساقاڭ جادۇگەرنىڭ ئىككى ئوغلىدا، ئالتۇن ئوشۇقۇڭ جادۇگەرنىڭ ئۆزىدە، ئۇلار سېنى تۇتۇۋال-

ماقچى. ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئانچە تەس ئەمەس. قالغىنىنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز، كۆزۈڭنى يۇم ! — دەپتۇ. نۇرزات كۆزىنى يۇمۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، — كۆزۈڭنى ئاچ ! — دەپتۇ. نۇرزات كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى بىر ئېقىن بويىدا كۆرۈپتۇ. شۇ چاغدا ئات، — ئاتاڭ مۇشۇ يەردە ئالتۇن ساقاڭنى جادۇگەرنىڭ ئىككى ئوغلىغا تارتقۇزۇپ قويغان. بۇ شۇلارنىڭ شەھىرى، ئۇلار بىلەن ئېلىشساڭ تەڭ كېلەلمەيسەن، يەم ئىشلەتمىسەڭ بولمايدۇ. بىر قۇچاق قومۇش ئەكەلگىن، — دەپتۇ.

نۇرزات قومۇشنى ئەكەپتۇ. ئۇلار قومۇشلارنى ئۇلاپ دەرياغا ساپتۇ. بىر چاغدا قومۇشقا يامىشىپ دەريادىن بىرمۇنچە چۈمۈلە چىقىپ:

— ئەي ئادەم بالىسى، سەندىن بىزگە رەھىم كەلدى. ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپتۇ. نۇرزات:

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا بىز ساڭا بىر تالدىن قېشىمىزنى يۇلۇپ بېرەيلى، ھاجىتىڭ چۈشكەندە كۆيدۈرسەڭ تەييار بولىمىز، — دەپ چۈمۈلىلەر قېشىنى يۇلۇپ بېرىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئوتلاقتا بوران چىقىپتۇ، بوران بىلەن تەڭ ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ چاغدا نۇرزات بۇنىڭ نېمە ئاۋازلىقىنى بىلمەي:

— بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاق بوز ئايغىر:

— ئاشۇ قومۇشلۇقتا بىر ئانا يولۋاسنىڭ پۇتىغا قومۇش كىرىپ كەتكىلى ئۈچ يىل بولدى، قومۇش يولۋاسنىڭ پۇتىدا كۆكلەپ قاپتۇ. بوران چىقسىلا قومۇش يولۋاسنى قاقشىتىدۇ. سەن يولۋاسنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويغىن، — دەپتۇ.

نۇرزات يولۋاسنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاس ئازابقا

بەرداشلىق بىرەلمەي ھوشىدىن كەتكەنىكەن. نۇرزات شۇ پۇر-سەتتىن پايدىلىنىپ يولۋاسنىڭ پۇتىدىن كۆكلەپ چىققان قو-مۇشنى ئېلىۋېتىپتۇ، يولۋاسنىڭ يارىسىنى كۆڭلىكىنىڭ پې-شىنى يىرتىپ تېڭىپتۇ. شۇ چاغدا يولۋاس ھوشىغا كېلىپ:

— ئەي ئادەم، ئىنسانلار بىزگە ئوخشاش ھايۋانلارغا ئۆچ بولىدىغان، سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇر-دۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ساڭا رەھمىم كېلىپ قالدى، — دەپتۇ نۇرزات.

— رەھمىنىڭ بۇنىڭدىن چوڭى بولماس. سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بولسا مەن تەييار، — دەپتۇ يولۋاس.

— مېنىڭ ھېچقانداق ھاجىتىم يوق، — دەپتۇ نۇرزات.

— ئەگەر ماڭا ھاجەتمەن بولساڭ مۇشۇ تۈكۈمنى كۆي-دۈر، — دەپ بىر تۇتام تۈكىنى بېرىپ كېتىپ قاپتۇ يولۋاس.

نۇرزات ئەتىسى ئاق بوز ئايغىرنى مىنىپ شەھەر دەرۋا-زىسىدىن كىرىشىگە، جادۇگەرنىڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ھەي نۇرزات، بىز سېنى ساقلاپ تۇرغان، بىز سەن بىلەن ئېلىشىمىزمۇ، سىنىشىمىزمۇ؟ — دەپتۇ. نۇرزات ئاق بوز ئايغىر بىلەن پۈتۈشكىنى بويىچە:

— سىنىشىمىز، كىم يېڭىلسە، شۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن، — دەپتۇ. جادۇگەرنىڭ چوڭ ئوغلى:

— بىز ساڭا ئۈچ شەرت قويىمىز، شۇنىڭغا ئۇنىساڭ سىنىشىمىز، بولمىسا ئېلىشىمىز، — دەپتۇ.

— قېنى، شەرتىڭلارنى قويۇڭلار، — دەپتۇ نۇرزات.

— بىرىنچى شەرت: بىز قىرىق بىر ئوخشاش قىزنى قا-



تار تۇرغۇزۇپ قويىمىز. شۇنىڭ ئىچىدە بىرى راست، قالغانلىرى يالغان. سەن شۇ راست قىزنى بىزگە تېپىپ بەرگىن، — دەپتۇ ئۇلار.

نۇرزات ماقۇل بوپتۇ ۋە چۈمۈلىلەرنىڭ قېشىنى كۆيدۈرۈپتۇ. چۈمۈلىلەر دەرھال ھازىر بولۇپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، نۇرزاتنى خاتىرجەم قىپتۇ.

جادۇگەرنىڭ ئوغۇللىرى قىزلارنى بىر مەيدانغا قاتار تىزىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن چىرايلىق كىيىنگەن، راست - يالغانلىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قىزلار ئىكەن. نۇرزات قىزلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ توققۇزىنچى قىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ پۇتىدا چۈمۈلە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. نۇرزات شۇ قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:

— مۇشۇ قىز شۇ، — دەپتۇ.

جادۇگەرنىڭ ئوغۇللىرى يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئېلىپ، ئىككىنچى شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— ئانىمىز ھەر يىلى بىر نۆۋەت يولۋاس سۈتى بىلەن يۇيۇناتتى. ساڭا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىمىز، نەدىن بولمىسۇن

يولۋاس سۇتى تېپىپ كەل، بولمىسا قۇتۇلۇشنى خىيال قىلـ-
ما، — دەپتۇ.

نۇرزات ئاق بوز ئايغىرنى مىنىپ شەھەر سىرتىغا چىـ-
قىپتۇ. ئۇ يولۋاس بەرگەن تۈكنى كۆيدۈرگەنىكەن، شۇ زامات
يولۋاس پەيدا بولۇپ:

— ئەي شەپقەتچىم، نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپتۇ.
نۇرزات ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. يولۋاس بىر ھۆركىرىگەنىكەن،
سەككىز چىشى يولۋاس پەيدا بوپتۇ.

نۇرزات ھېلىقى يولۋاسنى مىنىپ، سەككىز چىشى
يولۋاسنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپتۇ. جادۇگەرنىڭ ئوغۇللىرى
ئۆزلىرىنىڭ يەنە يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئېلىپ، ئۈچىنچى شەر-
تىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ:

— بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزدىن مىراس قالغان بىر داش
قازىنىمىز بار ئىدى. يەر ئويۇلۇپ قىرىق غۇلاچ چوڭقۇرلۇققا
چۈشۈپ كەتتى. سەن شۇنى چىقىرىپ بەرگىن.

ئۇلار قازان بار يەرنى كۆرسىتىپ قويۇپ قايتىپتۇ.

نۇرزات يېقىن بىرىپ ئازگالدىكى بىر - بىرىگە چىرمىـ-
شىپ مىغىلداپ يۈرگەن يىلان - چايانلارنى كۆرۈپتۇ - دە،
قانداق قىلىش ھەققىدە ئاتتىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ئات:

— مەن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن ئېلىشىمەن، ئازگالدىن قان -
يىرىڭ چاچراپ چىقسا، مېنىڭ چىقىشىمنى كۈت. ئەگەر قىـ-
زىل قان چاچراپ چىقسا، ئۆزۈڭنى يوشۇرۇپ، يولۋاسنى يار-
دەمگە چاقىرىپ، جېنىڭنىڭ ئامالىنى قىلغىن، — دەپ ئاز-
گالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئات يىلان - چايانلارنى دەسسەپ -
چەيلەشكە باشلاپتۇ. يىلان - چايانلارنىڭ بىرەرىمۇ ئاق بوز ئايـ-
غىرنىڭ يېنىغا يېقىن كېلەلمەپتۇ. ئاخىر ئات ھەممە يىلان -
چايانلارنى ئۆلتۈرۈپ توگىتىپتۇ ۋە ئازگالدىن قايتىپ چىقىپ:

— ئەمدى سەن ئازگالغا چۈشۈپ قازاننى مېنىڭ قۇيرۇ-
قۇمغا چىگىپ قوي، — دەپتۇ.

نۇرزات ئاق بوز ئايغىرنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ ئازگالغا چۈشۈپ، قازاننى ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا چىگىپ قويۇپ قايتىپ چىقىپتۇ. ئاق بوز ئايغىر بىر كىشنەپ، سەكرەپ قازاننى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپتۇ.

ئۇلار قازاننى شەھەرگە ئەكىرىپتۇ. جادۇگەرنىڭ ئوغۇل-لىرى نۇرزاتقا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئالتۇن ساقىسىنى بې-رىشكە مەجبۇر بوپتۇ. نۇرزات ئەمدى جادۇگەر مومايدىن ئو-شۇقنى ئالغىلى مېڭىپتۇ. نۇرزات ئاخىر جادۇگەر مومايىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. جادۇگەر ئوشۇقنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ يېقىن بېرىپ، ئاتىنىڭ دېگىنى بويىچە:

— موما، موما، كەينىڭىزدىكى قىرىق بىر قىزنىڭ ھەم-مىسى سىزنىڭ قىزىڭىزمۇ؟ ماڭا قايسىسىنى بېرىسىز؟ — دەپتۇ. موماي دەرھال كەينىگە قاراپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن نۇرزات ئوشۇقنى ئاپتۇ - دە، قېچىپتۇ. شۇ چاغدا موماي:

— ھەي نۇرزات، سەنمىدىڭ، خەپ سېنى !... — دەپ ئېڭەكلىرى جاقىلداپ، چىشلىرى كاسىلداپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپتۇ. ئۇ چېچىنى يېيىپ نۇرزاتنى قوغلاپتۇ.

نۇرزات كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. جادۇگەر توختىماي قوغلاپتۇ. موماي يېتىشىپ كېلىپ تۇتۇۋالدىغان ۋاقىتتا، ئاق بوز ئايغىر:

— ئايالنىڭ بەرگەن تارغاقنى تاشلا ! — دەپتۇ.

نۇرزات تارغاقنى تاشلاپتۇ. جادۇگەر مومايىنىڭ ئالدىدا ئا-رىسىدىن شامال ئۆتمەيدىغان بىر پارچە ئورمانلىق پەيدا بوپ-تۇ. جادۇگەر موماي دەرھال ھۆۋقۇشقا ئۆزگىرىپ، ئورماننىڭ

ئۇستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ ۋە يەرگە چۈشۈپ قوغلاپتۇ. شۇ-نىڭغىچە ئاق بوز ئايغىر خېلى ئۇزاپ كەتكەنىكەن، لېكىن جادۇگەر بىر كۆچەپ ئۇلارغا يېتىشۋالغىلى قىل قاپتۇ. يەنە ئاق بوز ئايغىر:

— ئەي نۇرزات، ئايالىڭ بەرگەن سۈزگىنى تاشلا! — دەپتۇ.

نۇرزات سۈزگىنى تاشلاپتۇ. سۈزگە چۈشكەن يېرىدە ئاس-مان - پەلەك تاغقا ئايلىنىپ، جادۇگەرنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. جادۇگەر شۇ ھامان قۇيۇنغا ئايلىنىپ تاغدىن ئۆتۈپتۇ. يەنە نۇرزاتنى قوغلاپتۇ.

— ئەي نۇرزات، ئايالىڭ بەرگەن ئەينەكنى تاشلا! — دەپتۇ يەنە ئاق بوز ئايغىر.

نۇرزات ئەينەكنى تاشلاپتۇ. ئەينەك چۈشكەن يەردىن بىر دەريا ھاسىل بوپتۇ. جادۇگەر شۇ ھامان سۇ يىلىنىغا ئۆزگە-رىپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ. ئاق بوز ئايغىر چېپىشنى تېزلىتىپ-تۇ. ئۇنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا تاغلار دومىلاپ ئۇچۇپ، تاشلار خۇددى مۆلدۈردەك يېغىشقا باشلاپتۇ. جادۇگەر تاشلارنىڭ ئاس-تىدا قاپتۇ. ئاخىر ئاق بوز ئايغىرنىڭ تۇياقلىرىدا يەر يېرىد-لىپ، نۇرزات بىلەن ئاق بوز ئايغىر يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئاق بوز ئايغىر:

— بىز ئەمدى يەر ئاستىغا چۈشتۇق، ئازراق يۈرسەك يىلان پادىشاھى باتۇخاننىڭ ئوردىسىغا بارىمىز. سەن مېنى يىراقتا قالدۇرۇپ، ئۆزۈڭ ئوردىغا كىرگىن. ئېسىڭدە بولسۇن-كى، ئوردا بوسۇغىسىدا ئىككى قارا يىلان ۋىژىلداپ ساقچى خىد-رىس قىلىپ چىقىدۇ. ھەرگىز قورقۇپ سەسكەنمە. ئۇلار با-تۇخاننىڭ ئىشىكباقارلىرى. تەخت يېنىغا بارغاندا ئىككى ئاق يىلان ۋىژىلداپ كېلىپ ياقاڭدىن، قوينۇڭدىن كىرىپ قوند-

چۈشىدىن چىقىدۇ. بۇلار باتۇخاننىڭ ئوغلى بىلەن قىزى بولىدۇ. ئۇلاردىنمۇ سەسكەنمە. تەخت يېنىغا بېرىپ ئولتۇر. شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك چوڭ ئىككى سېرىق يىلان كۆشۈلداپ باشلىرىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇلاردىنمۇ قورقما، ئۇلار باتۇخان ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى. ئەگەر قورقۇپ سەسكەنسەڭ، سېنى پالۋان دېمەيدۇ، يەر ئاستى ئېلىدە قەدرىمىز بولمايدۇ، يەر ئۈستىگە يول تېپىپ چىقالمايمىز، — دەپتۇ.

خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئاق بوز ئايغىر ئېيتقاندەك باتۇخاننىڭ ئوردىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاق بوز ئايغىرنىڭ ئېيتقىنىدەك بوپتۇ. نۇرزات تەخت يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا سېرىق يىلانلارنىڭ بىرى باتۇخانغا، بىرى خانىشقا ئۆزگىرىپ:

— مەرھەمەت، نۇرزات، يەر ئاستى ئالىمىنىڭ ئەھلى سېنى رەنجىتمەيدۇ، بەلكى خىزمىتىڭدە بولىدۇ، — دەپتۇ باتۇخان.

ئىككى ئاق يىلاننىڭ بىرى قىران يىگىت، بىرى چىرايلىق قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار:

— سالام، يەر ئۈستى پالۋىنى، سىزنى قارشى ئالىمىز. يەر ئاستى پالۋانلىرى، ئىلمىي ھېكمەت ئەھلى سىز بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، — دەپتۇ تەبەسسۇم بىلەن.

بوسۇغىدىكى ئىككى قارا يىلان ئىككى ياساۋۇلغا ئۆزگىرىپ، نۇرزاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

نۇرزات بۇ يەردە خېلى ۋاقىت تۇرۇپتۇ. باتۇخاننىڭ ئوغلىنىڭ تۆمۈرخان دېگەن خاننىڭ قىزىغا كۆڭلى بار ئىكەن. باتۇخان ئەلچى ئەۋەتسە، تۆمۈرخان بېرىشكە رازى بولمىغانىكەن. باتۇخان نۇرزاتنىڭ ئاشۇ قىزنى ئەكېلىپ بېرىشىنى ئېيتىپتۇ. ئەگەر ئەكېلەلىسە، ئۆزىنىڭ قىزىنى نۇرزاتقا بەرمەكچى بوپتۇ.

تۆمۈرخاننىڭ يۇرتى يەتتە ئايلىق يول ئىكەن. نۇرزات يولغا چىقىپ بىرقانچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن يىراقتا بىر ئادەم كۆرۈنۈپتۇ. بۇ نېمە ئادەمكىنە دەپ قارىسا، ھېلىقى ئادەم تېرەك ئۈستىگە چىقىپ، ئۇۋدا ياتقان سىغىزخاننىڭ ئاستىدىكى تۇخۇمنى سەزدۈرمەي ئېلىپ، يەنە سەزدۈرمەي سېلىپ قويۇۋاتقۇدەك. نۇرزات ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ:

— ھوي، نېمە قىلىۋاتقان ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەر ئۈستى ئالىمىنىڭ پالۋانى نۇرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى دېگەننى ئاڭلاپ، شۇنىڭغا ھەمراھ بولاي دەپ كۈتۈپ تۇرغان سەزدۈرمەس باتۇرمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ياخشى بولدى، نۇرزات دېگەن مەن بولىمەن، — دەپتۇ نۇرزات.



بۇ ئىككىسى يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار كېتىۋاتسا، ئىككى پۇتىغا تۈگمەن تېشى ئېسىۋېلىپ كېيىك قوغلاپ يۈرگەن يەنە بىر كىشى ئۇچراپتۇ.

— ھە، نېمە قىلىۋاتقان ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ نۇرزات.

— مەن شامال باتۇرمەن، يەر ئۈستىنىڭ كۈچتۈڭگۈرى نۇرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى دەپ ئاڭلىدىم، شۇنىڭغا ھەمراھ بولاي دەپ ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. نۇرزات:

— ياخشى بولدى، نۇرزات دېگەن مەن بولىمەن، — دەپتۇ.

بۇ ئۈچەيلەن بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر كىشىگە ئۇچراپتۇ. قارىسا، بۇ ئادەم يەرگە قۇلىقىنى يېقىپ، يەرنى تىڭشاۋاتقۇدەك.

— ھە، نېمە قىلىۋاتقان ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۈچەيلەن ئۇنىڭدىن.

ئۇ ئۆزىنىڭ تىڭتىڭچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇرۇن-قىلارغا ئوخشاش جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تۆتەيلەن بىر يەرگە كەلگەندە تاغ باتۇرغا ئۇچراپتۇ. تاغ باتۇرمۇ نۇرزات-قا قوشۇلۇپتۇ.

ئۇلار بىر يەرگە كەلسە، بىر ئادەم بىر كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغۇدەك. كۆلنىڭ سۈيى دەم قۇرۇپ، دەم تېشىپ تۇرۇپ-تۇ. بۇ ئادەم سۇ باتۇر ئىكەن، ئۇمۇ نۇرزاتقا ھەمراھ بولغىلى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ بىرەر دەريانىڭ سۈيىنى بىراقلا يۇ-تۇۋالالايدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆز باتۇر، شامال باتۇر ۋە بىر داخىر كالۋار ئۇچراپتۇ. كۆز باتۇر جاھاننى كۆرە-لەيدىكەن، شامال باتۇر ئالەمدە شامال ۋە بوران پەيدا قىلىدىكەن، داخىر كالۋارنىڭ ئىچىگە ھەرقانداق نەرسە سىغىپ كېتىدىكەن.

توققۇز باتۇر يولغا چىقىپ توققۇز ھەپتىدە تۆمۈرخاننىڭ يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار يېتىپ بارغاندا، تۆمۈرخاننىڭ قىزىغا كاھىشخانمۇ ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن. نۇرزات كەلگەندىن كېيىن، تۆمۈرخان ھەر ئىككى تەرەپكە: «ھۈنەر كۆرسىتىڭلار، قايسىڭلار يەڭسەڭلار، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سورۇن راسلىنىپ، يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئادەمنى يىغىپتۇ. نۇرغۇن قوي، كالا، تۆگىلەر سويۇلۇپ زىياپەت بېرىلىپتۇ. نۇرزاتنىڭ پالۋانلىرى ئايرىم ئۆيدە كۈتۈلۈپتۇ. تۆمۈرخان بىلەن كاھىشخان مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئېشىغا زەھەر سېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تىڭتىڭچى باتۇر ئەھۋالنى نۇرزاتقا مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئۇققان سەزدۈرمەس باتۇر زەھەرلىك ئاشلارنى كاھىشخاننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئېشى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. كاھىشخاننىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىدىن توققۇز كىشى ئۆلۈپ



قاپتۇ. يېشىلگەن تۇمۇرخان ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزد-
نىڭ ھەممە يۇگۇرۇك، ئۇچقۇر ئاتلىرىنى بەيگىگە ساپتۇ.
نۇرزات ئاق بوز ئايغىرنى تەييارلاپتۇ. شۇ چاغدا، ئاق بوز ئاي-
غىر زۇۋانغا كېلىپ:

— ئەگەر بەيگىنى يىراقتىن باشلىسا، مېنىڭ يۇگۇرۇ-
شۇممۇ تېز بولىدۇ. ئۇچ كۈن چاپسام تۇياقلىرىم قىزىپ، ئۆ-
زۇمنى توختىتىشقا قۇدرىتىم يەتمەي قالىدۇ. مەن كېلىۋات-
قاندا ئالدىمدىن ئارقان تارتىپ قوي، ئارقاننىڭ يەتتە قېتى
چىگىدىن، ئىككى قېتى قىلدىن بولسۇن. ئارقان بىراقلا ئۇ-
زۇلۇپ كەتسە ئۆلگىنىم شۇ، ئەگەر ئارقاننىڭ بىرەر قېتى
ئۇزۇلمەي قالسا، مەن توختايمەن، يىقىلىپ جان ئۈزسەممۇ يە-
نە ماڭا جان كىرىدۇ، — دەپتۇ.

بەيگە بىر ھەپتىلىك يىراق جايدىن باشلىنىپتۇ. ئۇنىڭ-
غىچە چېلىشىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپتۇ، تاغ باتۇرغا ھېچكىم تەڭ
كېلەلمەپتۇ. تاغ باتۇرغا كىشى چىقمىغاندىن كېيىن تاغ باتۇر
ئىككى تاغنى ئىككى قولىدا كۆتۈرۈپ، يۇرتقا كۈچىنى نامايان
قىپتۇ. تۇمۇرخان بىلەن كاھىشخان ھودۇقۇپ قاپتۇ - دە،
نۇرزاتقا:

— تاغنى بىز تەرەپكە قويمىسۇن، — دەپ يېلىنىپتۇ.

نۇرزات شامال قورساق باتۇرغا بۇيرۇق قىپتۇ. شامال
قورساق باتۇر بىر پۇۋلىگەنىكەن، ئىككى تاغ چاڭ - توزانغا
ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بەيگە باشلىنىپ بىر كۈندىن كېيىنلا يىراقتىن چاڭ -
توزان كۆتۈرۈلۈپ، ئاق بوز ئايغىر ئۇچقاندەك كېلىۋاتقۇدەك.
نۇرزات دەرھال توققۇز قات ئارقاننى تارتىپتۇ. ئاق بوز ئاي-
غىر كېلىپ ئۆزىنى ئارقانغا ئۇرۇپ يىقىلىپتۇ. ئارقاننىڭ
سەككىز قېتى ئۈزۈلۈپ، بىر قېتى قالغانىكەن. ئاق بوز ئاي-



غىر ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا نۇرزات ئاق بوز ئايغىرنىڭ بېشىغا كېلىپ:

— توققۇز جېنىڭ بار ئىدى، سەككىزى چىقسىمۇ بىرى قالغاندۇ، ئورنۇڭدىن تۇر، ئاق بوز ئايغىرىم ! — دەپتۇ.

ئاق بوز ئايغىرغا شۇ ھامان جان كىرىپ، كىشنەپ - پۇشقۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. باشقا ئاتلار بىرقانچە كۈندىن كېيىن كەپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان تۆمۈرخان بىلەن كاھىشخان:

— ئەمدى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەيلى، — دەپتۇ.

يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بىر ھەپتىلىك يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ - كېلىش بوپتۇ. نۇرزات شامال باتۇرنى چىقىرىپتۇ. تۆمۈرخان بىر جادۇگەر موماينى چاقىرغانىكەن. ئۇلار ئىككىسى يۈگۈرۈپتۇ. نىشانغا شامال باتۇر ئالدىدا يېتىپ بېرىپتۇ. كەينىدە قالغان جادۇگەر ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ بىر قاپاققا بىھوش دورىسى، بىر قاپاققا سۇ قاچىلاپ شامال باتۇرنىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ. جادۇگەر نىشانغا يېتىپ بېرىپ «ئۇھ» دەپ قاپاقتىكى سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشكە

باشلاپتۇ. شامال باتۇر:

— ماڭمۇ بەرگىن، — دەپتۇ. جادۇگەر بىھوش دورىسى سېلىنغان يەنە بىر قاپاقتىكى سۇنى ئېلىپ بېرىپتۇ، شامال باتۇر سۇنى ئىچىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. جادۇگەر كەينىگە قاراپ يۇگۇرۇپتۇ. شامال باتۇر ئۈچ كۈن ئۇخلىغاندا، بىر توڭ قاغا ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چوقۇپ ئويغىتىۋېتىپتۇ. قارىسا، موماي ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىكەن. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەن شامال باتۇر ئورنىدىن بىر چاڭگال قۇمنى ئېلىپ قويۇپ «خەپ سېنى» دەپ كەينىدىن قوغلاپتۇ. ئۇ قۇشتەك ئۇچۇپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ، بىر كۈنلۈك يول قالغاندا جا-دۇگەر مومايغا يېتىشىۋېلىپ، قولىدىكى قۇمنى جادۇگەرنىڭ كۆزىگە چېچىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جادۇگەر موماي كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىدىمۇ نۇرزات تەرەپ ئۇتۇپتۇ.

تۆمۈرخاننىڭ قىرىق قۇلاقلىق بىر قازىنى مىڭ گەز تېرەنلىكتىكى كۆلگە چۈشۈپ كەتكەنىكەن. تۆمۈرخان ئاشۇ قازاننى ئېلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. سۇ باتۇر كۆلنىڭ سۈيىنى بىر سۈمۈرۈپ قۇرۇتۇپتۇ - دە، قازاننى ئېلىپ بېرىپتۇ.

تۆمۈرخان مۆكۈشمەك ئويناشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. ئالدى بىلەن تۆمۈرخاننىڭ ئادەملىرى مۆكۈنۈپتۇ، لېكىن كۆز باتۇر تەرىپىدىن ئۇلار ئاشكارىلىنىپ قاپتۇ. نۆۋەت نۇرزاتلارغا كەل-گەندە، ئۇلار داخىر كالۋارنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىكەن، تۆ-مۈرخاننىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى زادى تاپالماپتۇ. شۇنداق قى-لىپ، ھەممە سىنىششتا نۇرزاتلار ئۇتۇپتۇ.

تۆمۈرخان ئۇلارغا قايىل بولۇپ، قىزىنى بېرىشكە مەج-بۇر بوپتۇ. نۇرزات تۆمۈرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ، ھەمراھلىرى

بىلەن يول ـ يولدا خوشلىشىپ، باتۇخاننىڭ قېشىغا كەپتۇ. باتۇخان نۇرزاتتىن بەكمۇ رازى بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا نۇرزات باتۇخاندىن ئۆزىنى يەر ئۈستى دۇنياسىغا ئاچىقىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. باتۇخان ئۆز قىزىنى ۋە نۇرغۇن ھەمراھلارنى قوشۇپ نۇرزاتنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. يەر ئاستىدىن يەر ئۈستىگە توققۇز ئايلىق يول بولۇپ، يولدىكى جەبىر ـ جاپالاردا باتۇخاننىڭ قىزى ۋە ھەمراھلىرى قازا تېپىپ، نۇرزات، ئاق بوز ئايغىر ۋە باتۇخاننىڭ كېنىزىكى قەمەرگۈل ئۇچەيلەن قاپتۇ. ئۇلار يول يۈرۈپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ ئارام ئاپتۇ. بۇلاق تۆۋىدە چوڭ بىر توپ چىنار دەرىخى بار بولۇپ، ئۈستىدە سۇمۇرغ قۇشنىڭ بالىلىرى بار ئىكەن. دەل شۇ چاغدا بىر ئەجدىھا چىنارغا يامىشىپ سۇمۇرغ بالىلىرىنى يېمەكچى بولۇۋاتقانىكەن، نۇرزات ساداقنى ئېلىپ ئەجدىھانى ئېتىپ چۇ-شۇرۇپتۇ. سۇمۇرغ بالىلىرى قۇتۇلۇپ قاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قاتتىق بوران چىقىپ، ئانا سۇمۇرغ ئۇچۇپ كەپتۇ ـ دە، ئەھۋالنى ئۇقۇپ نۇرزاتقا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنى يەر ئۈستىگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ. ئۇلار يەر ئۈستىگە چىققاندا، ئۇزۇن ۋاقىت ئارام ئالمىغان نۇرزاتقا ھاردۇق يېتىپتۇ، ئۇ ئازراق ئۇخلاپ ئارام ئالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئاق بوز ئايغىر:

— ئەي نۇرزات، ئۇخلىمىساڭ ياخشى بولاتتى، لېكىن سەن ئۇخلىمىغىلى خېلى ۋاقىت بولدى، مەيلى ئازراق ئۇخلىۋالغىن، ئەمما سەگەك بولغىن. مەن شەپە بەرگەن ھامان ئويغانمىساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ.

ئەمدى سۆزنى جادۇگەر موماي بىلەن ئۇنىڭ قىزىدىن ئاڭلايلى:

جادۇگەر موماي نۇرزاتنى قاچۇرۇپ قويۇپ، قىزىنىڭ ئال-



دىغا بېرىپتۇ. قىزى:

— ئەي ئانا، نۇرزاتنى زادى كىم تۇتالايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتاڭ تېرەككە قولىقىدىن بەند قىلىنغەتكەن چويۇن قولاق تۇتالايدۇ. ئۇ شور بولاقتىكى يالغۇز تېرەككە بەند قىلىنغان. ئاتاڭ سېنىڭ بەخت - تەلىيىڭگە كىتاب ئېچىپ، سېنىڭ ئاشۇ چويۇن قولاقنىڭ قولىدا ھالاك بولىدىغانلىقىڭنى بىلىپ، ئۇنى تېرەككە مىخلىغەتكەن. ئۇنى بوشاتساڭ ئۆزۈڭ ھالاك بولىسەن، — دەپتۇ جادۇگەر. جادۇگەرنىڭ قىزى نۇرزاتنى تۇتۇپ بېرىدىغانلا بولسا ھالاك بولسامۇ مەيلى دەپ چويۇن قولاقنى ئىزدەپ، ئانىسىنىڭ توسۇشىغا قارىماي مېڭىپتۇ. ئانىسى خاپا بولۇپ قىزىنى بىر كاچات سالغانىكەن، قىز ئانىسىنىڭ گېلىنى بوغۇپتۇ. جادۇگەر موماينىڭ دېمى سىقىلىپ:

— چېچىم ئۇچتەك ئاقارغان، قەددىم يادەك ئېگىلگەن، جېنىم تۇزغاقتەك، مېنى قويۇۋەت، جان قىزىم، — دەپتۇ ۋە مۇنداق نەزمە ئوقۇپتۇ:

ئىككى ئوغۇل ئىچىدە،
يالغۇزۇمسەن، جان قىزىم،
كۆز نۇرۇمسەن، قارچىغام،
قويۇۋەت مېنى، جان قىزىم.
يالغۇزۇمسەن، ئەركەم سەن،
يېڭى سېھىر بىرەي مەن.
يەتتە ئىقلىم ئىچىدىن
يىگىت تاللاپ بېرەي مەن،
قويۇۋەت مېنى، جان قىزىم.
ئۇچسام قانات ئۆزۈڭ سەن،
چاپسام شەمشەر بىسىم سەن.
يەتتە يەردە خەزىنەم بار،
شۇنى تاللاپ بېرەي مەن،
قويۇۋەت مېنى، جان قىزىم.

جادۇگەرنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا يېتىپتۇ. ئۇ جان تالىشىپ تۇرۇپ يەنە مۇنداق دەپتۇ:

يەنە رازى بولمىساڭ،
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ،
ئاتاڭ پۈتكەن سېھىرنى،
چويۇن قۇلاق سىرىنى،
ئېيتىپ بېرەي مەن ساڭا.
قىلىچ ئۆتمەس باتۇر ئۇ،
ئالەم چۆرگىلەر ھەيۋىدىن،
يۈرەك تىترەر بەستىدىن.
پەرۋا قىلما سەن ئاڭا،
يېقىن بېرىپ قېشىغا،

چىشلەپ ئالغىن مىخنى سەن،
شۇندا مۇراد تاپىسەن.

دەپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، جادۇگەر قىز بىر سىقىپ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇ يالغۇز تېرەككە بېرىپ چويۈن قولاقتىن ئۆزىگە ياردەم بېرىشكە ۋەدە ئېلىپ، ئۇنى بوشىتىپتۇ. چويۈن قولاق بەندىتىن ئاجراپلا:

— سەن ماڭا خوتۇن بولۇشقا رازى بولساڭ، ساڭا ياردەم قىلىمەن، بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ. جادۇگەر قىز ئىلاجسىز ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ئەر - خوتۇن بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ چويۈن قولاق نۇرزاتنىڭ يەر يۈزىگە چىقىدىغان ئورنىنى كۆزەت قىلىشقا باشلاپتۇ. نۇرزات يەر ئۈستىگە چىققان كۈنى چويۈن قولاق ئوۋغا كەتكەنىكەن، چويۈن قولاق ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ نۇرزاتنىڭ يەر يۈزىگە چىقىپ بولغانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. ئۇ كەلگەندە نۇرزات ئۇخلاۋاتقان بولۇپ، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. چويۈن قولاق نۇرزاتنى بىر مۇشت ساپتۇ. نۇرزات چالا ئۆلۈك بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. چويۈن قولاق ئاق بوز ئايغىر بىلەن قەمەرگۈلنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇ نۇرزاتقا قاراپ:

— ئۆلۈكۈڭنى بۆرە يېسۇن، — دەپتۇ، ئاندىن ئاق بوز ئايغىر بىلەن قەمەرگۈلنى جادۇگەر قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە نۇرزاتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. جادۇگەر قىز ئاھ ئۇرۇپ قاپتۇ. چويۈن قولاق شۇنىڭدىن تارتىپ قەمەرگۈلنى مەجبۇري خوتۇن قىلىپ، جادۇگەر قىز ۋە ئۇنىڭدىن بولغان ئوغلى بىلەن كارى بولماپتۇ. بۇ جادۇگەر قىزغا قاتتىق ئەلەم بوپتۇ، لېكىن ئۇ چويۈن قولاققا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرۈپتۇ.

چويۈن قولاق قەمەرگۈلنى خوتۇن قىلىپ ئالغاندىن كې-

يىن، ئاق بوز ئايغىرنىڭ پۇتىغا تۆمۈر كىشەن سالپتۇ. ئۇۋغىچقسا، كىشەندىن بوشىتىپ مىنىپتۇ، ئۇۋدىن كەلسە، يەنە كىشەن ساپتۇ. بىر كۈنى چوپۇن قۇلاق ئۇۋدىن قايتىپ كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. جادۇگەر قىز ئوغلىنى قەمەرگۈلگە بېرىپ تاشقىرى چىقىپتۇ. ئۇ ئېغىلنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ يىغلاپتۇ. ئاق بوز ئايغىر ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ:

— ئەي مەزلۇم، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. جادۇگەر قىز:

— مەن نۇرزاتقا ئېرىشىمەن دەپ ئۆز ئانامنى ئۆلتۈرگەن، ئاخىر ھەممىدىن قۇرۇق قالدىم. ھەتتا چوپۇن قۇلاق قەمەرگۈلنى خوتۇن قىلىۋېلىپ مېنى تاشلىۋەتتى، — دەپ دەردىنى تۆكۈپتۇ. ئاق بوز ئايغىر ئۇنىڭغا:

— سەن مېنى كىشەندىن ئازاد قىلساڭ، مەن سېنى نۇرزاتنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمەن. سەن نۇرزاتنى تىرىلدۈرسەڭ، ئۇنىڭغا ئىگە بولىسەن، — دەپتۇ.

جادۇگەر قىز بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئاق بوز ئايغىرنىڭ پۇتىدىن كىشەننى بوشىتىپتۇ. جادۇگەر قىز ئاق بوز ئايغىرغا مىنىپتۇ. ئاق بوز ئايغىر چېپىپتۇ. ئۇ شۇنداق چېپىپتۇكى، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تاغ - تاشلار ئېزىلىپ، يەر تىترەپتۇ. ئۇنىڭ دەھشىتىدىن چوپۇن قۇلاق ئويغىنىپ، قەمەرگۈلدىن:

— بۇ نېمە ئاۋاز؟ — دەپ سوراپتۇ. قەمەرگۈل جاۋاب بەرمەپتۇ. ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى جادۇگەر قىزدىن بولغان چوپۇن قۇلاقنىڭ يەتتە ئايلىق ئوغلى:

— ئانام ئاق بوز ئايغىرنى مىنىپ قاچتى، — دەپتۇ.

چوپۇن قۇلاق تاشقىرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ، لېكىن ئۇ ئاق بوز ئايغىرنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمەپتۇ. ئاخىر ئاق بوز

ئايغىرنىڭ ئىزىنى بويلاپ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپتۇ.

ئاق بوز ئايغىر جادۇگەر قىزنى نۇرزاتنى تاشلىۋەتكەن يەرگە ئەكەپتۇ. نۇرزات ياتقان يېرىدە ئۆز پېتى ياتقانىكەن. ئاق بوز ئايغىر جادۇگەر قىزغا:

— سەن ئۇنىڭ قويىنىدىكى پەينى ئېلىپ كۆيدۈرگىن، — دەپتۇ.

جادۇگەر قىز نۇرزاتنىڭ قويىنىدىن ئانا سۇمۇرغنىڭ قانىتىنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ هامان قارا بوران چىقىپ، ئانا سۇمۇرغ ئۇچۇپ كەپتۇ. ئانا سۇمۇرغ يېتىپ كېلىپ:

— ئەي ۋاپادار ئات، يېنىڭدا يات - بىگانە بارغۇ، قالغان هەمراهلىرىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاق بوز ئايغىر نۇرزاتنىڭ كەچۈرمىشى، ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى، قەمەرگۈلنىڭ تەقدىرىنى سۆزلەپ بېرىپ:

— بۇ مېنى تۆمۈر كىشەندىن قۇتقۇزدى، سەن بىزگە نۇرزاتنى تىرىلدۈرۈپ بەرگىن، — دەپتۇ.

ئانا سۇمۇرغ نۇرزاتنى قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، باغرىغا بېسىپ:

— ئۇنىڭ ئاغزىغا ئابىهايات سۈيىنى تېمىتساق ئەسلىگە كەلگۈدەك، — دەپتۇ. ئاق بوز ئايغىر:

— ئابىهايات سۈيىنى نەدىن تاپىمىز؟ — دەپتۇ. ئانا سۇمۇرغ:

— مەن تېپىپ كېلەي، — دەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

جادۇگەر قىز بىلەن ئاق بوز ئايغىر نۇرزاتنىڭ قېشىدا قاپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، ئانا سۇمۇرغ ئاغزىدا ئەكەلگەن ئابىهايات سۈيىنى نۇرزاتنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. نۇرزات ئاستا - ئاستا ئېسىگە كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ:

— ئۇھ، ئەجەب ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، — دەپتۇ. ئانا سۇمۇرغ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ:

— سەن ئۇخلىمىدىڭ، ئۆلۈپ تىرىلدىڭ، — دەپتۇ. شۇ چاغدا چويۈن قۇلاق يېتىپ كەپتۇ. ئانا سۇمۇرغ ئۇچۇپ نۇرزات بىلەن ئاق بوز ئايغىرنى چاڭگاللاپ ئەكېتىپتۇ. جادۇگەر قىز ئاسمانغا قاراپ قاپتۇ. چويۈن قۇلاق يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ گېلىدىن بوغۇپ تۇرۇپ:

— سەن ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، — دەپتۇ. جادۇگەر قىز ئۇياق - بۇياققا يۈلقۇنۇپ كۆرۈپتۇ، بىراق چويۈن قۇلاق تېخىمۇ قاتتىق قىسىپتۇ. جادۇگەر قىز «قويۇۋەت» دېگەنسېرى چويۈن قۇلاق شۇنچە قاتتىق سىقىپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان جادۇگەر قىز ئاخىر يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ:

— گۈلدەك ئۈز چىرايىم، سۇمبۇلدەك چېچىم بار، ئۆيدە چۆچۈرىدەك ئوغلۇم بار. مېنى قويۇۋەت، جانانىم، — دەپتۇ. چويۈن قۇلاق: «ياق» دەپ تېخىمۇ قاتتىق سىقىپتۇ. جادۇگەر قىز زارلىنىپ:

كىرمەي ئانام سۆزىگە،
مەن بۇيانغا ماڭغانتىم.
توسقانىدى يولۇمنى،
كېكىردىكىن بوغقانتىم.
ئانام ئېيتقان قىسمەتكە
دۇچار بولدۇم ئاخىرى.
جان ئانامنىڭ شۇ خۇنى
مېنى تۇتتى ئاخىرى.
شۇ ئەجرىمنىڭ ھەققىگە،
مېنى قويۇۋەت، جانانىم.

دەپتۇ. چويۇن قۇلاق «ياق» دەپ چىڭراق قىسقانىكەن، جادۇگەر قىز تەرلەشكە باشلاپ:

يەتتە ئاي باقتىم بالاڭنى
ئاق سۈتۈمنى ئايىماي
سەندەك باتۇر قىلىشقا
كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي.
سېھىر پۈتكەن ئوغلۇڭغا،
يەتمىش يەردە خەزىنە
پۈتكەنىدىم تويىغا.
شۇ ئەجرىمنىڭ ھەققىگە
مېنى قويۇۋەت، جانانىم.

دەپتۇ. «ياق» دەپ، چويۇن قۇلاق يەنە بىر قىسقانىكەن، جادۇگەر قىزنىڭ كۆزى ئالىيىپ قېلىپ:

ئۆز سېھرىمنى بېرەي مەن،
ئۇچساڭ قانات بولاي مەن.
كەزسەڭ يەتتە ئىقلىمنى،
ساڭا تۇلپار بولاي مەن.
ئانام پۈتكەن تىلسىمنىڭ
ئاچقۇچىنى بېرەي مەن.
تىلسىماتنى سەن ئۇچۇن،
ئۆزۈم كىرىپ يېشەي مەن.
سەندە بولسۇن ئىختىيار،
قايرىلمىسۇن قاناتىم.
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى،
مېنى قويۇۋەت، جانانىم.

دەپ يىغلاپتۇ. لېكىن، چويۇن قۇلاق يەنە سىققانىكەن، جادۇ-گەر قىزنىڭ جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ يەنە:

يالغۇز ئوغلۇڭ جېنىنى
بەند قىلغان ئۆزۈمگە.
بوغساڭ مېنى ناۋادا،
سەن قىلۇرسەن ئۆزۈڭگە.
ئىشەنمىسەڭ سۆزۈمگە،
بېرىپ كۆرگىن شۇ تاپتا،
ئوغلۇڭ ھالى نېچۇككىن؟
سەن قارىغىن كۆزۈمگە،
ئوغلۇڭ دومىلار پەگاھدا.
چىقسا جېنىم مېنىڭكى،
ئوغلۇڭ ئۆلەر شۇ چاغدا.
جېنىم قالسۇن مېنىڭكى،
بولۇپ قالار كېرىكىم.

دەپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قىسمىتى ئۆز ئانىسىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش ئۆز ئادىمى تەرىپىدىن ئاخىرلىشىپتۇ. چويۇن قۇلاق ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئوغلى سالامەت ئىكەن. ئۇ يە-نە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ.

ئانا سۇمۇرغ بىرھازا ئۇچقاندىن كېيىن ئۇلارنى يەرگە چۈشۈرۈپ، نۇرزاتقا:

— چويۇن قۇلاقنىڭ جېنى ئۆزىدە ئەمەس، بىرنېمە قىل-لىپ ئۇنىڭ جېنىنى تېپىۋال. بولمىسا، ئۇنىڭدىن زادىلا قۇ-تۇلالمايسەن، — دەپ خوشلىشىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

نۇرزات ئاق بوز ئايغىرنى مىنىپ چويۇن قۇلاقنىڭ ئۆيىد-گە بېرىپتۇ. چويۇن قۇلاق نۇرزات بىلەن ئاق بوز ئايغىرنى

ئىزدەپ كەتكەنىكەن. قەمەرگۈل نۇرزات بىلەن يىغلاپ كۆرۈ-
شۈپ، كۆرگەن خورلۇقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— مېنى چويۇن قولاقتىن قۇتقۇزۇۋالغىن، — دەپ يېلىنىپتۇ.

نۇرزات قەمەرگۈلدىن چويۇن قولاقنىڭ سىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى سوراشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپ، ئۆزى بۆشۈكنىڭ ئاستىغا ئورا قېزىپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. كەچتە چويۇن قولاق كەپتۇ. نۇرزات دېگەندەك، قەمەرگۈل ئۇنى تاماقتا راسا تويغۇزۇپ ياتقۇزۇپتۇ. ئۇ ياتقاندىن كېيىنلا، قەمەرگۈل بالىنىڭ تېقىمىغا بىگىز سانجىپ يىغلىتىپتۇ. بالا يىغلاۋەرگەچكە، چويۇن قولاق:

— ھەي قەمەر، بالىنى بەزلە، يىغلاتما، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

قەمەرگۈل بالىنى ئەللەي ئەتكەن بولۇپ بىگىزنى يەنە سانجىپتۇ. بالا يىغلاۋەرگەندىن كېيىن، چويۇن قولاق:

— بالا نېمىشقا يىغلايدۇ؟ — دەپتۇ. قەمەرگۈل:

— بالاڭ، مەن چويۇن قولاقنىڭ بالىسى بولسام، ئۇ مېنىڭ جېنىمنى ئۆز جېنىغا قوشۇپ قويار ئىدى، ھەتتا جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى، شۇنىڭغا يىغلايمەن دەيدۇ، — دەپ چويۇن قولاقنى ئىشەندۈرۈپتۇ. چويۇن قولاق:

— ئوغلۇم جۆيلۈمىسۇن، مەن ئۇنىڭ ئاتىسى. مېنىڭ جېنىمنىڭ ئۇنىڭغا كېرىكى بولسا ھازىر ئېيتىپ بېرەي، كېيىن ئۆزۈمنىڭ جېنىغا ئۇنىڭ جېنىنى قوشۇپ قوياي. سەن چىقىپ تۇر، مەن ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپ قەمەرگۈلنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىپ، بالىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ جېنىم يىراقتا، بۇ يەردىن ئۈچ كۈنلۈك نېرىدىكى ئەسكى تاغنىڭ باغرىدا بىر بۇلاق بار. بۇلاقتا ئىك-

كى بېلىق بار. شۇ ئىككى بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئىككى تال ئاچقۇچ بار. بۇ ئاچقۇچلار مېنىڭ جېنىمنى ساقلايدىغان ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى. شۇ ئاچقۇچنى ئالساڭ، تاغ باغرىدا غار كۆرۈنىدۇ، غارغا كىرسەڭ، تامدا ئېسىقلىق بىر ئوقيا بار. شۇ ئوقيانى ئالساڭ، غارنىڭ كەينى ئېچىلىپ بىر يايلاققا چىقىسەن. شۇ يايلاقتا بېشىدا بىر تال مۈڭگۈزى بار، پېشانىسىدە بىر كۆزى بار هايۋانلار بار. شۇلارنىڭ ئىچىدە تېنىدە قىرىق بىر تال دۈگىلەك بەلگىسى بار بىرى بار، ئۇنىڭ قورسىقىدا توققۇز ساندۇق بار. شۇ ساندۇقلارنىڭ ئەڭ كىچىككىدە توققۇز چۈجە بار. شۇ توققۇز چۈجە مېنىڭ جېنىم. ئوغلۇم، جېنىڭ گەۋدەڭگە سىغماي قالغان بولسا، ئەتە شۇنىڭغا قوشۇپ قوياي. بېلىق تۇتۇشنىڭ سېھرىنى بىلمىسە، بېلىقلار بۇلاق كۆزىدىن سىرتقا چىقمايدۇ. ئەگەر بېلىقلارنى مەجبۇري تۇتماقچى بولسا، ئۇلار ماڭا خەتەردىن بېشارەت بېرىدۇ. مەن شۇ هامان بۇلاق بويىغا يېتىپ بېرىپ، دۈشمەننىڭ جاجىسىنى بېرىمەن. مېنىڭ سىرىم شۇ. سەن خاتىرجەم بولغىن، مەن سېنىڭ جېنىڭنىمۇ ئۆزۈمنىڭ جېنىغا قوشۇپ قويىمەن، — دەپ ئۆز ئورنىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

نۇرزات تۈيدۈرماي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەسكى تاغ تەرەپكە يول ئاپتۇ. ئۇ بۇلاق بويىغا يېتىپ بېرىپ يوشۇرۇنۇپ، چويۇن قۇلاقنىڭ ئوغلىنىڭ جېنىنى بەند قىلىشقا كېلىشىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن چويۇن قۇلاق كەپتۇ. ئۇ بۇلاق بويىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندىن كېيىن، بۇلاققا قاراپ:

— جادۇ راۋاجا دۇرىسا، جۇپ ئاچقۇچنى بەرسىنا. جادۇ راۋاجا دۇرىسا، تىلسىمنى يەشمىسىنا، — دېگەنىكەن، بۇلاقتىن ئىككى بېلىق چىقىپ ئىككى تال ئاچقۇچنى قولىغا ئې-

لىشىغا، تاغ باغرىدا بىر غار كۆرۈنۈپتۇ، چويۇن قولاق شۇ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. چويۇن قولاق غار ئىچىدە يېرىم كۈن تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، ئاچقۇچلارنى بىلىقلارغا تاشلاپ بېرىپ كېتىپ قاپتۇ.

چويۇن قولاق قايتىپ كېتىپ بىر كۈندىن كېيىن نۇرزات مۆكۈنۈپ ياتقان يېرىدىن چىقىپ، بۇلاق بويىغا كېلىپ چويۇن قولاقنىڭ جادۇ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ.

شۇ ھامان بۇلاقتىن ئىككى بېلىق چىقىپ، ئىككى تال ئاچقۇچنى نۇرزاتقا تاشلاپ بېرىپتۇ. نۇرزات بىر چوڭ، بىر كىچىك ئاچقۇچنى ئېلىپ تاغ باغرىدىكى غارنى كۆرۈپتۇ. ئۇ غار ئىچىگە كىرىپ، ئېسىقلىق تۇرغان ئوقيانى ئاپتۇ. شۇ ھامان قولاقنى يارغۇدەك دەھشەتلىك ئاۋاز چىقىپ، غارنىڭ كەينى تەرىپىدە بىر يايلاق پەيدا بوپتۇ. نۇرزات يايلاققا چىقىپتۇ. يايلاقتا بىشىدا بىر مۈڭگۈزى، پېشانىسىدە بىر كۆزى بار ھايۋانلار ئوتلاپ يۈرگۈدەك. ئۇ چويۇن قولاق ئېيتقان تېنىدە قىرىق بىر دۈگىلەك بەلگىسى بار ھايۋاننى ئىزدەپتۇ. تويۇقسىز بىر چەتتىن ئۇ ئىزدىگەن ھايۋان بېشىنى پەس قىلىپ، نۇرزاتنى ئۈسۈش ئۈچۈن دەھشەت بىلەن يۈگۈرۈپ كەپتۇ. نۇرزات چاققانلىق بىلەن قولىدىكى ئوقيانى ئوقلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھايۋاننىڭ پېشانىسىدىكى كۆزىنى چەنلەپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئوق دەل جايىغا تېگىپتۇ، ئۇ ھايۋان تىك موللاق چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ قورسىقىدىن توققۇز ساندۇق چىقىپتۇ. نۇرزات ساندۇقلارنى ئېچىپ، ئەڭ ئاخىرقى قارا ساندۇقتىكى سەككىز چۈجىنىڭ بوينىنى يۇلۇپ تاشلاپ، بىرىنى قالدۇرۇپ، چويۇن قولاقنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى بىر كۆرەي، دەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە قەمەرگۈلدىن:

— چويۇن قولاق قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ جان تالىشىپ ياتىدۇ، — دەپتۇ قەمەرگۈل.

نۇرزات ئۆيگە كىرىپ قارىسا، چويۇن قۇلاقنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، ئاران ــ ئاران نەپەس ئېلىۋاتقانىكەن. نۇرزات ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئېيتىشىپ:

— ئەي باتۇر، ھالىڭ قانداق؟ — دەپ مەسخىرە قىلغانىكەن، چويۇن قۇلاق ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋاپتۇ ــ دە، نۇرزات بىلەن ئېلىشىپتۇ. چويۇن قۇلاق ئېلىشقانسېرى كۈچىيىپ كېتىپتۇ. نۇرزات كۆچەپ، ئاجىزلاپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تاغ يىقىلغاندەك، گەۋدىسىنى تۆمۈر ئىسكەنجىدە قىسىۋاتقاندەك بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوينىدىكى كىچىك قارا ساندۇق چۈشۈپ قەمەرگۈلنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاپتۇ. نۇرزات بۇنى كۆرۈپ، قەمەرگۈلگە قاراپ:

— قەمەرگۈل، ساڭا جان كېرەك بولسا، ئالدىڭدىكى ساندۇقنى ئېچىپ، ئىچىدىكى چۈجىنىڭ بويىنىنى يۇلۇۋەت، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

قەمەرگۈل ساندۇقنى دەرھال ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى چۈجىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. چۈجە ئۆلگەندىن كېيىن چويۇن قۇلاقمۇ ئۆلۈپتۇ. دادىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن بالا:

— خەپ، ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمايدىغان بولسام، — دەپ قەمەرگۈلنى بىر تەپكەنىكەن، بالىنىڭ پۇتى قەمەرگۈلنىڭ قورسىقىدىن كىرىپ، كەينىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. قەمەرگۈل شۇ زامات ئۆلۈپتۇ. غەزەپلەنگەن نۇرزات بالىنىڭ بويىنىغا تاش ئېسىپ، دەرياغا چۆكتۈرۈۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

نۇرزات سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەرىزات يۇرتتىن ئۈچ كۈنلۈك نېرىدىكى يول بويىغا كەپە قۇرۇپ، نۇرزاتنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن. نۇرزات يۇرتقا يېتىپ

بىرىشقا ئۈچ كۈنلۈك يول قالدى دەپ ئويلاپ كېتىۋاتقاندا، ئاق بوز ئايغىر قاتتىق كىشنەپ كېتىپتۇ. نۇرزات ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ. ئاق بوز ئايغىر يەنە كىشنەپتۇ. شۇ چاغدا كەپىدە ئولتۇرغان پەرىزات ئاق بوز ئايغىرنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى تونۇپ، كەپىدىن چىقىپتۇ. ئاق بوز ئايغىر ئۈچىنچى قېتىم كىشنەپتۇ، شۇ چاغدا پەرىزات:

— نۇرزات ! — دەپ چاقىرىپتۇ.

نۇرزات ئاق بوز ئايغىردىن چۈشۈپ پەرىزات بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پەرىزاتنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ يۇرتقا قايتۇرۇپ كېتىپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

نۇرزات ئاتىسىنىڭ بىخۇدلۇقىدىن بالا - قازاغا يولۇققان بولسىمۇ، لېكىن ئاق بوز ئايغىرنىڭ خىسلىتى بىلەن دۈشمەنلىرىنى يېڭىپ بەختكە ئېرىشىپتۇ. ئۆزىنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئاق بوز ئايغىرنى ئاخىرقى ئۆمرىگىچە ئاتىسى ئورنىدا كۆرۈپ ئۆتۈپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئاتنى ئاتاڭ ئورنىدا كۆر» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانمىش.



# ياغاچ ئات

قەدىمكى زاماندا بىر ياغاچچى بىلەن بىر تۆمۈرچى بولـ-غانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى مەنسىتمەي، دائىم بەسلىشىدىـ-كەن. بىر كۈنى ئىككىسى مۇشۇ توغرۇلۇق تالىشىپ قىزىرىـ-شىپ قاپتۇ. ياغاچچى دەپتۇ:

— مېنىڭ ھۈنىرىم سېنىڭكىدىن ئارتۇق.

تۆمۈرچى دەپتۇ:

— مېنىڭ ھۈنىرىم سېنىڭكىدىن ئارتۇق.

زادى كىمنىڭ ئارتۇق؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككىسى بىر كۈن تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىر پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— ھە، نېمىگە كەلدىڭلار؟ نېمە جاڭجال بۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

ياغاچچى بىلەن تۆمۈرچى ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاكالـ-لىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پادىشاھ بىرئاز ئوـ-ڭايسىزلانغاندەك بولۇپ:

— مەن تېخى سىلەرنىڭ ھۈنىرىڭلارنى كۆرۈپ باققىنىم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئون كۈننىڭ ئىچىدە سىلەر ماڭا بىرەر ھۈنىرىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۈنەرۋەنلەر ئۆز ئۆيلىرىگە

قايتىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىگە تۇتۇش قىپتۇ. ئۇلار ھېچقاچان ئىشلىتىپ كۆرمىگەن ئۈستىلىقىنى كۆرسىتىشكە كىرىشىپتۇ. دەل ئون كۈن توشقاندا، ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ياسىغان نەرسىسىنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

تۆمۈرچى بىر تۆمۈر بېلىق ياساپتۇ. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ، تۆمۈرچىدىن:

— نېمەڭ بۇ؟ نېمىگە كېرىكى بار بۇنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش، پادىشاھىم، بۇ تۆمۈر بېلىقنىڭ خىسلىتى جىق، بۇنىڭغا مىنىپ دەريامۇدەريا، دېڭىزمۇدېڭىز يۈرۈپ ساياھەت قىلغىلى، نۇرغۇن يۇرتلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تۆمۈرچى. پادىشاھ تۆمۈرچىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ھەي ئەخمەق! بۇنىڭ ئۆزى تۆمۈر تۇرسا، ئۇ سۇغا چۆكۈپ كەتمەمدۇ؟! تېخى ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، يۇك ئارتىپ سۇدا ئۈزمەكچىمىش، — دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپتۇ، ئاخىر، — ئەگەر دېگىنىڭدەك بولمىسا، ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپتۇ تۆمۈرچى.

پادىشاھ دەرھال يۈزمىڭ تاغار ئاشلىق ئالدۇرۇپ، تۆمۈرچىگە:

— قېنى، ئەمىسە مۇشۇ ئاشلىقنى بېلىقىڭغا ئارتىپ، كارامىتىڭنى كۆرسەت! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تۆمۈرچى تۆمۈر بېلىقىغا ئاشلىقلارنى بېسىپتۇ، كېيىن ئۇنى سۇغا سېلىپ، بىر يېرىنى شۇنداق بىر بۇرىغانىكەن، ھېلىقى تۆمۈر بېلىق سۇ ئۈستىدە تىرىك بېلىقتىنمۇ شوخ ۋە تېز ئۈزۈپ يۈرگۈدەك. بۇ كارامەتنى كۆر-

گەن پادىشاھ ھەيران قېلىپ، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، تۆمۈرچىنى ھەدەپ ماختاپتۇ. تۆمۈرچى كۆلنى بىر ئايلىنىپ سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پادىشاھ خۇشاللىقىدا تۆمۈرچىگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ.

ياغاچچىنىڭ ياساپ كەلگىنى قاناتلىق بىر ياغاچ ئات ئىكەن. بۇنىڭ خىسلىتىنى بىلمىگەن پادىشاھ كۆزگە ئىلمىغاندەك:

— نېمەڭ بۇ؟ خۇددى ئۇششاق باللار ئويناپدىغان ئويۇنچۇققا ئوخشايدىغۇ، — دەپتۇ. ياغاچچى:

— بۇ ياغاچ ئات، بۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسا، دەرھال ئاسمانغا ئۇچىدۇ، سول قۇلىقىنى بۇرىسا، دەرھال يەرگە چۈشىدۇ، قانچە تېز بۇرىسا، شۇنچە تېز ۋە ئېگىز ئۇچىدۇ. بۇنى مىنگەن ئادەم خالىغان يېرىگە بارالايدۇ، بىر كۈن ئىچىدە پۈتۈن دۇنيانى كېزەلەيدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ياغاچچى ئات توغرۇلۇق سۆزلىشىپ تۇرغاندا، پادىشاھنىڭ شاھزادىسىمۇ بۇلارنىڭ يېنىدا بار ئىكەن. ياغاچ ئاتنىڭ ئۇچىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ شاھزادىنى بەك قىزىقتۇرۇپتۇ، كۆڭلىدە ئۇ، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دۇنيانى ئايلىنىپ كۆڭلۈمنى بىر ئېچىپ كەلمەيمۇ، دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، دادىسىغا:

— دادا، رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن مۇشۇ ياغاچچىنىڭ ئېتىنى بىر سىناپ باقسام، — دەپتۇ.

— ياق، بالام، رۇخسەت قىلالمايمەن، بۇ ئاتنىڭ سىرىنى مەن تېخى بىلمەيمەن. راست ئۇچالامدۇ ياكى ئۇچالمامدۇ؟ قوي، بۇنىڭغا چېقىلما ! — دەپتۇ پادىشاھ.

ياغاچچى ئاتنىڭ راست ئۇچالايدىغانلىقىغا پادىشاھنى ئىشەندۈرۈپ:

— يوقسۇ، شاھىم ! راست ئۇچالايدۇ، خەتىرىمۇ يوق.

ئوك قۇلىقىنى بۇرىسىلا ئۇچۇۋېرىدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قىزىپ كېتىپتۇ، پادىشاھقا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە پادىشاھنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ، ئەركە چوڭ قىلغان بىرلا بالىسى ئىكەن، ئاتىسى ئۇ ئوغلىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بەرمەي قويمايدىكەن. بۇ نۆۋەت بالىسى بۇنداق يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشقا پېتىنالماي، نائىلاج رۇخسەت بېرىپتۇ.

— بالام، مېنىڭچە بولسىغۇ سەندىن بىردەممۇ ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ، بىردەم كۆرمىسەم تۇرالمايمەن. مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىلا ئۇچۇپ تېز يېنىپ چۈشكىن، ئانچە يىراققا بارما، ئاتنىڭ ئۈستىدە سەگەك ئولتۇر! — دەپ يېنىش - يېنىشلاپ تاپىلاپتۇ پادىشاھ. شاھزادە خۇشال بولۇپ:

— خوش، دادا! — دەپلا ئاتقا مىنىپ، ئۇنىڭ ئوك قۇلىقىنى بۇراپتۇ، ھەش - پەش دېگۈچە ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بىرئازدىن كېيىن شاھزادە يەرگە شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھاي - ھاي، تاغلار، سۇلار، دەل - دەرەخلەر، ئۆي - ئىمارەتلەر ۋە ئادەملەر... بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى جامى جاھاننەمادا تارتىپ كۆرسەتكەندەك، شۇنداق چىرايلىق ۋە شۇنداق كىچىك كۆرۈنۈپتۇ. بۇ قىزىقچىلىقتا شاھزادە دادىسىنىڭ بايا ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاللىقاچان يادىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇچا - ئۇچا بەك ئېگىزگە ئۆرلەپ كېتىپتۇ. قانچە ئېگىز ئۆرلىسە، يەر - زېمىن ۋە پۈتۈن نەرسە شۇنچە كىچىك ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ! ئاتنىڭ ئوك قۇلىقىنى بۇراۋېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە بايىقى تاغلار، سۇلار، دەل - دەرەخلەر ۋە ئادەملەرنىڭ بارلىقى شاھزادىنىڭ كۆزىدىن غايىب



بوپتۇ. ئۇچا ـ ئۇچا شاھزادىنىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلاپتۇ، دەررۇ ئاتنىڭ سول قۇلىقىنى ئاستا ـ ئاستا بۇراپ پەسلىتىپتۇ. بىر يەرگە بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، باشقا بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. شاھزادە ئاستا ـ ئاستا يەرگە چۈشۈپتۇ. يەرگە چۈشكەندىن كېيىن بىر سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ. چوڭ بولۇپ باشقا يۇرتقا چىقىپ باقمىغان بۇ شاھزادە يېڭى شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا كوچىنى كۆرۈشكە چىقىپتۇ، ئۇ ـ ياق ـ بۇياقنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كىرمىگەن ئارقا كوچىلىرى قالماپتۇ. بىر چاغدا بىر تار كوچىدىن چوڭ بىر مەيدانغا



چىقىپ قاپتۇ. مەيدانغا قارىسا، خۇددى بازار كۈنى ياكى ھېيت كۈنى يىغىلىشقان ئادەملەردەك شۇنداق جىق ئادەم تۇرغان، بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى نېمىدۇر بىرنەرسىنىڭ ئاسماندىن چۈ-شۈشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ تۇرغۇدەكمىش. بۇنى كۆرگەن شاھزادە ھەيران بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۆزىمۇ شۇ كۆپچىلىكنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ كىرگەن بويىچە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپتۇ، لېكىن ھېچ نەر-سىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. بۇنىڭ تېگىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇ يېنىدا تۇرغان كىشىلەردىن سوراپتۇ:

— ھەي ئاكىلار، نېمىگە قارىشىپ تۇرىسىلەر؟

ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇنىڭغا قاراپ:

— بۇ گەپچە سىز بۇ يەرگە يېڭىدىن كەلگەن ئادەم ئوخشايسىز. بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بىر مەلىكىسى بار، ئۇ شۇنداق بىر چىرايلىق قىزكى، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا دۇنيا-دىكى پۈتۈن قىزلارنىڭ چىرايلىقلىقى تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، شۇنداق چىرايلىق بىر مەلىكە. پادىشاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ، ئۇنى ھېچقانداق ئىنسۇجىنغا كۆرسەتمەي ساقلايدۇ. ئوردىدا ساقلاش-تىن قورقۇپ، تىلسىمات بىلەن ئاسماندا ئالايىتەن بىر ساراي سېلىپ بەرگەن. پادىشاھ ھەر كۈنى مەلىكىنى بىر يوقلاپ چۈشىدۇ. پادىشاھ ھازىر شۇ مەلىكىنى يوقلاش ئۈچۈن ئاس-مانغا چىقىپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن قايتىپ چۈشىدۇ، بىز ھەممىمىز پادىشاھنىڭ قايتىپ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھزادە ھەيران بولۇپ:

— ئاسمانغا قانداق ئۆي سالغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— پەرىشتىلەر ياساپ بەرگەنمىش، ئۇ يەرگە پادىشاھتىن

باشقا ئادەم چىقالمايدۇ، — دەپتۇ.

شاھزادە بۇ كىشىنىڭ سۆزىنى بىر - بىرلەپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆز كۆڭلىدە نېمىدۇر بىرنەرسىلەرنى پەملىگەندەك بولۇپ، ھېلىقى ئۆزى چۈشكەن سارايغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئەل يېتىپ يېرىم كېچە بولغاندا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ياغاچ ئېتىغا مىنگەن پېتى ئۇچۇپ، بايىقى مەيداننىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان ئاسمان بوشلۇقىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپتۇ. شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، دېگەندەك بىر بوشلۇقتا يوغان بىر ئۆي تۇرغۇدەكمىش. ھە، مۇشۇ ئۆي بولسا كېرەك، دەپتۇ - دە، ئۆينىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپتۇ. مەلىكە دادام يەنە چىققان ئوخشايدۇ دەپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قارىسا، دادىسى ئەمەس. مەلىكە ھەيران بولۇپ، ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ پەرىشتىلەردىن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، شاھزادىنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. شاھزادە قارىغۇدەك بولسا، مەلىكە ھەقىقەتەن ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، شۇنداق چىرايلىق، نازۇك بەدەن، ساھىبجامال بىر قىز، شاھزادە بىر كۆرۈش بىلەنلا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ. مۇشۇنداق بىر گۈزەل قىز بىلەن بىر يەردە بولۇش مېنىڭ بەختىم، جېنىمنىڭ راھىتى ئەمەسمۇ ! نېمە بولسام بولاي، بۇ قىزنى قولدىن بەرمەي، دېگەن ئويغا كەپتۇ. قىزمۇ بۇرۇندىنلا دادىسىنىڭ ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، ئادەم بالىسى يوق بىر جايغا ئاچىقىپ قويغىنىغا ئىچى پۇشۇپ، تىت - تىت بولۇپ يۈرىدىكەن ۋە ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر يىگىتنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا تەشنا ئىكەن. شاھزادىنىڭ پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئادەمزات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قانداق كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، مەلىكىنىڭ كۆڭلى خۇش بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىككىسىد-

نىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقىپتۇ. بۇلارغا ھېچبىر خې-
مىرتۇرۇچىنىڭ كېرىكى يوق، بىردەمدىلا بىر - بىرى بىلەن
ئېچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، ھال - ئەھۋاللىشىپتۇ، مۇڭ-
دىشىپتۇ، ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپتۇ.
تاڭ ئاتقاندىن كېيىن شاھزادە ئېتىغا مىنىپ، بايىقى سارايغا
قايتىپ چۈشۈپتۇ.

شۇ كۈنى چۈشلەر بىلەن پادىشاھ ئادەت بويىچە قىزى
مەلىكىنى يوقلاپ چۈشكىلى ئاسمانغا چىقىپتۇ. پادىشاھ ھەر
كۈنى قىزىنىڭ يېنىغا چىققاندا، ئۇنى جىڭلاپ كۆرىدىكەن،
چۈنكى پادىشاھنىڭ چۈشەنچىسىچە، خوتۇن كىشى ئەر كىشىگە
يېقىنلاشقاندىن كېيىنلا ئېغىرلىقى ئاشارمىش. بۈگۈن پادىشاھ
قىزىنى جىڭلىغۇدەك بولسا، ئادەتتىكى ئېغىرلىقىدىن ئىككى
جىڭ ئارتۇق. بۇ ئەھۋالنى ئۇققان پادىشاھنىڭ غەزىپى كې-
لىپ، كۆزلىرى پىيالىدەك، ساقاللىرى تىكەندەك بولۇپ كې-
تىپتۇ، قىزىنىڭ يېنىدا بىردەممۇ ئولتۇرماستىن دەرھال
قايتىپ چۈشۈپتۇ. كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. پا-
دىشاھنىڭ ۋەزىرلىرىمۇ بۇ ئەھۋالغا ھەيران قېلىپ، پايپاسلاپ
پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ سوراپتۇ. پادىشاھ پۈتۈن ئەھۋالنى
بايان قىلىپ، مۇنداق بۇيرۇق بېرىپتۇ:

— بۇ ئىشقا مېنىڭ ئەقلىم يەتمىدى. مېنىڭدىن باشقا
ئاسمانغا چىقالايدىغان ئادەم بارمۇ يا؟ سىلەر بىر چارە قىلىپ
مۇشۇ ئادەمنى تېزدىن قولغا چۈشۈرۈڭلار، بولمىسا ھەم-
مىڭلارنىڭ بېشىنى ئالىمەن!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىر ۋەزىر:

— خوش، پادىشاھىئالەم، بۇ خىزمەتكە بىز بېشىمىز بى-
لەن تەييار. بىزدە ئەڭ ئاتاقلىق تۆت نەپەر باتۇر بار. پادىشا-
ھىم، ئەگەر رۇخسەت قىلسىلا، شۇ تۆت نەپەر باتۇرنى مەلىكە

ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىغا قويساق، ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېلىغۇ ئادەم ئىكەن، ئۇچار قۇشمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ پىكرىنى ناھايىتى توغرا تېپىپتۇ. تۇندە بۇ تۆت نەپەر باتۇرنى ئاسمانغا ئاچىقىپ، مەلىكىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىگە قويۇپ، ئۆزى يېنىپ چۈ-شۈپتۇ. بۇ باتۇرلار پەقەت ئويغاق ۋاقتىدىلا باتۇر ئىكەن، ئۇخلاپ قالغاندا، بۇرنىدىن چىقىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيمايدىكەن. پادىشاھ تېخى يەرگە چۈشە - چۈش-مەستىنلا ھېلىقى تۆت باتۇر ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بوپتۇ. شاھزادە يەنە ئۇچۇپ چىقىپ، مەلىكە بىلەن بەخىرامان بىر كېچە قونۇپ، مۇڭدىشىپ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا يەرگە قايتىپ چۈشۈپتۇ. بۇ كۈنىمۇ پادىشاھ قىزىنىڭ يېنىغا چىقىپ، قى-زىنى ئادىتى بويىچە جىڭلىغاندا ئالتە جىڭ ئارتۇق چىقىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، زادى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكىنىڭ بۇ ۋەقەسى پۈتۈن شەھەر ئەھلى-گە يېيىلىپ، يۇرت ئىچىدە سۆز - چۆچەك بولۇپ كېتىپتۇ، پادىشاھ خىجالەتچىلىكتە قاپتۇ. ئاخىر بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، پادىشاھ ۋەزىرىگە يەنە قاتتىق بۇيرۇق قىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، پادىشاھىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — بىز مەلىكە ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىچى - تېشىنى ۋە ئۆيدىكى بار-لىق جاھازلارنى قىزىل بوياق بىلەن بوياپ تاشلايلى. ئەتىسى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يىغىپ تەكشۈرەيلى، ئەگەردە كىمنىڭ كىيىمىدە قىزىل بوياق بولسا، شۇنى تۇتۇش كېرەك، بۇنداق قىلمىساق ئۇنى تۇتۇش قىيىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ.

شۇ كېچىسى شاھزادە مەلىكىنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ. قا-

رىسا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە، ئۆينىڭ ئىچى - تېشى ۋە پۈتۈن سايمانلار قىپقىزىل سىرلاقلىق. شاھزادىنىڭ مەلىكە-نىڭ يېنىدا ياتماي قايتىپ چۈشكۈسى كەلمەپتۇ، چۈنكى مە-لىكە بىلەن شاھزادە بىر - بىرىنى كۆرمىسە كۆڭلى زادى ئارام تاپمايدىكەن، شۇڭا شاھزادە بۇ يولدا بېشىغا كېلىدىغان مۈشكۈللۈكلەرنى ئويلاپ ئاۋارە بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھزادە مەلىكىنىڭ يېنىدا يەنە بىر كېچە قونۇپتۇ. ئە-تىسى قايتىپ چۈشمەكچى بولۇپ كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىسا، كىيىمى ۋە ئۆتۈكى پۈتۈنلەي قىزىل بوياققا بويىلىپ كەتكەن. ئەسلىدە شاھزادىنىڭ كىيىمىگە ئالتۇن - مەرۋايىت تۇتۇلغان بولۇپ، ئۆتۈكىنىڭ نالىمۇ ئالتۇندىن ئىكەن. ئەگەر بۇنى تاشلىۋەتمىسە، سىر پاش بولۇپ پادىشاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ، شۇڭا ئۇ كىيىمگە قىلچىلىك ئاغرىنماي، ئۇنى شۇ يەردىلا يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ، ئۆزى يالاڭ ئاياغ ۋە ئىچكى كىيىملىرى بىلەن سارايغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر قېرى مويسىپىت بار ئىكەن، ئۇ ھەر كۈنكى ئادىتى بويىچە ئەلدىن بۇرۇن تۇرۇپ، ساۋاب تېپىش ئۈچۈن ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ كىشىلەرنى بىر نۆۋەتتىن نامازغا چاقىرىپ بولۇپ، ئۆزى مەسچىتكە كېلىۋاتسا، يىراقتا بىر-نەرسە ۋال - ۋۇل قىلىپ تۇرغۇدەك. بۇ نېمە بولغاي، دەپ ئالدىراپ - تېنەپ يېقىن كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، شاھزادى-لەر كىيىدىغان كىيىم، ئۇنىڭغا تۇتقانىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن - مەرۋايىت، ئۆتۈكىنىڭ نالىمۇ ئالتۇن ئىكەن. بوۋاينىڭ خۇ-شاللىقى ئىچ - ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، مېنىڭ ھەر كۈنى ئاللا يولىدا قىلغان ئەمگىكىمنىڭ ئەجرى بۈگۈن يەتكەن ئوخشايدۇ، بۇ خۇدايىمنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى دەپ، خۇداغا يۈز مىڭ شۈكۈر ئېيتىپ، شۇ يەردىلا چاپان بى-

لەن ئۆتۈكنى كېيىپتۇ. مويسىپىت بۇ چاپان بىلەن ئۆتۈكنىڭ
سىرىنى نەدىن بىلسۇن؟ شۇ خۇشاللىقىدا مەسچىتكە ھەممە-
دىن بۇرۇن كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى
بويىچە ھېچكىمنىڭ مەسچىتنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا رۇخسەت
قىلىنماپتۇ، جامائەت ھويلىغا چىقىپ ۋەزىرنىڭ تەكشۈرۈشى-
دىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىپ تۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى
مويسىپىت مەسچىتتىن ھويلىغا چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئاجايىپ
ئېسىل كىيىملىرىنى كۆرگەن ئەل - جامائەت ھەيران قاپتۇ
ۋە ئۇنى مۇبارەكلەپتۇ. كېيىن ۋەزىر ھەممە كىشىنى بىر -
بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئاخىر مويسىپىتنىڭ يېنىغا كې-
لىپ قارىسا، بۇنىڭ چاپىنىدا بوياقنىڭ ئىزى تۇرغان، شۇ
ھامان «جاللات !» دەپ چاقىرىپتۇ. جاللات كېلىپ ئۇنى باغلاپ
ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە زىندانغا تاشلاپتۇ، تۈرلۈك قىيىن -
قىستاقلار بىلەن سوراققا ئاپتۇ، ئاخىر ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن شەھەر خەلقى ھەيرانلىققا پېتىپ-
تۇ، ئاسمانغا چىققان ئادەمنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكى-
نى كۆرۈشكە ھەممە كىشى ئالدىراپتۇ. بۇ ئەھۋال ھېلىقى
شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇ قېرى ئادەم-
نىڭ ناھەق ئۆلۈمگە كېتىۋاتقانلىقىغا ۋىجدانى چىدىماي، يۈ-
رىكىگە خۇددى بىر ئېغىر تاشنى ئېسىپ قويغاندەك تۇيۇلۇپ-
تۇ. ئۇ شۇ ھامان ياغاچ ئېتىنى قولتۇقىغا قىسىپ، يۈگۈرگەن
پېتى دار ئالدىغا بېرىپتۇ، قارىسا قېرى مويسىپىتنىڭ بوينى-
غا ئاللىقاچان سىرتماق سېلىنغان. شاھزادە تېخىمۇ ئالدىراپ،
ئۈنىنىڭ بارىچە:

— ھەي جاللات، توختا ! بوۋاينى ئاسما ! ئۇنىڭ گۇناھى
يوق، گۇناھنىڭ ھەممىسى مەندە، مەلىكىنىڭ يېنىغا چىققان
مەن، مەلىكە بىلەن بىللە ياتقانمۇ مەن، ئۇنىڭ تېپىۋالغان



كىيىمى مېنىڭ كىيىمىم، مېنى ئۆلتۈر، ئۇنى قويۇپ بەر! — دەپ ۋارقىراپ كەتتۇ. جاللات بۇنى ئاڭلاپ توختاپ تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ قىزنىڭ ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سېپىلىدا تۇرغانىكەن. جاللاتنىڭ بۇۋاينى ئۆلتۈرمەي توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن پادىشاھ دەرھال ئەھۋالنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى ياساۋۇل ئەۋەتىپتۇ. جاللات ياساۋۇلغا ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ياساۋۇللار پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەمىسە، شۇ يىگىت ئۆلتۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

جاللات قىزنى قويۇپ بېرىپ، شاھزادىنى باغلىغىلى كېلىشى ھامان شاھزادە ئەپلەپ تۇرۇپ ياغاچ ئېتىغا چەبدەسلىك بىلەن مىنىپتۇ-دە، ئوقتەك ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. جاللاتلار پايپېتەك بولۇشۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئاچچىقىغا چىدىماي بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئۇچقان بويىچە مەلىكىنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ ۋە مەلىكىگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئىككىمىزنىڭ ۋەقەسى دادىڭىزغا مەلۇم بولۇپ قالدى. ئۆلۈمدىن ئاران قۇتۇلدۇم. بۇ يەردە ھايال تۇرماي قېچىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىمىز خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئاشىق-مەشۇق بولۇپ قالدۇق، مۇھەببىتىمىز كۈندىن-كۈنگە چوڭ-

قۇرلىشىپ كەتتى، سىزدىن ھەرگىزمۇ ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ، ئەگەر خالىسىڭىز ئىككىمىز بىللە قاچايلى، — دەپتۇ.

— مەن سىز بىلەن بىرگە بولغىنىم بولغان، سىزدىن ئۆلسەممۇ ئايرىلمايمەن، — دەپتۇ مەلىكە.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ، ئاتقا مىنىڭ، — دەپتۇ شاھزادە.

ئىككىسى ئاتقا مىنىپ ئۇچۇپتۇ. بۇلار ئۇچۇپ خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىن، مەلىكە تۇيۇقسىز:

— ۋاي بولمىدى، شاھزادە، مەن كىچىك چېغىمدا ئانام ماڭا ئىككى دانە گۆھەر بەرگەنىدى، «ئەرگە تەگكەن چېغىڭدا، بىرىنى قېيناتاڭغا، يەنە بىرىنى قېينانىڭغا بەر» دەپ ئېيتقانىدى. گۆھەر ئۆيدە قاپتۇ، مەن شۇنى ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ. شاھزادە:

— ئۇچۇپ يېرىم يولغا كەلدۇق، ئەمدى قايتىش خەتەرلىك، — دېسە، مەلىكە:

— ياق، بولمايدۇ، شاھزادە، مەن قېيناتام بىلەن قېينانامغا نېمىدەپ بارىمەن؟ بۇ ئانامنىڭ ماڭا قىلغان نەسىھەتى، — دەپ ئۇنىماپتۇ.

شاھزادە مەلىكىنىڭ دىلىنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن نائىلاج رۇخسەت بېرىپ، ئۆزى بىر قۇملۇق چۆل يەرگە چۈشۈپ، مەلىكىنى يولغا سېپتۇ.

پادىشاھ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئاسمانغا چىقىپتۇ، قارىسا مەلىكە يوق. پادىشاھ ھۆركىرەپ يىغلاپتۇ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرغان بىر چاغدا، قىزىنىڭ ياغاچ ئاتقا مىنىپ غارقىراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە بىر دالدا يەرگە كىرىپ مۆكۈنۈپتۇ. مەلىكە ئۆيگە كىرىشى بىلەن پادىشاھ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئوردىغا ئاپىرىپ بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ.

بۇ پادىشاھتىن يىراق يەردە يەنە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. مەلىكىنىڭ چىرايلىقلىقى ھەققىدىكى گەپ – سۆزلەر بۇ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇرۇن نۇرغۇن قېتىملاپ ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەلىكىنىڭ دادىسى قوبۇل كۆرمىگەنىكەن. ئەمدى مەلىكىنىڭ شاھزادە بىلەن بولغان ۋەقەسى پۈتۈن شەھەر خەلقىگە تارقالغاندىن كېيىن بۇ پادىشاھقا ناھايىتى ئار كەپتۇ، ئۇ قىزى مەلىكىنى كۆزدىن يىراق قىلىش ئۈچۈن، يىراقتىكى ھېلىقى پادىشاھقا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. بۇ خەتنى ئالغان پادىشاھ بالىسىنى توي قىلىشقا جابدۇپ، بىرقانچە ۋەزىر ۋە نۇرغۇن لەشكەرلەر بىلەن داغدۇغىلىق يولغا ساپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكىنىڭ ئاشىقى شاھزادىدىن ئاڭلايمىز:

شاھزادە مەلىكىنى ئەنە كېلەر، مانا كېلەر، دەپ بىر كۈن ساقلاپتۇ، ئىككى كۈن، ھەتتا ئۈچ كۈن ساقلاپتۇ، قىزدىن دېرەك يوق، شاھزادە مەلىكە مەندىن يۈز ئۆرۈدى يا بىر پالاكەتكە ئۇچرىدى، ياغاچ ئاتتىنمۇ ئايرىلدىم، بۇ چۆل – جەزىرىدە ئۆلىدىغان بولدۇم، ئۆلۈكۈم يىرتقۇچلارغا يەم بولىدىغان بولدى، دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. ئەتراپى چەكسىز كەتكەن قۇملۇق چۆل، ھەممە يەر ئېگىز قۇم تاغلىرى بىلەن قاپلانغان، ھېچ يەردىن ئادەم دىدارىنى، ھەتتاكى ئۇچار قۇشنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. كۈن ھەددىدىن تاشقىرى ئىسسىق، قۇم تاغلىرىدىن يانغان ئىسسىقلىق خۇددى تونۇردىن چىققان يالقۇندەك ئادەمنى كۆيدۈرۈپ تۇرىدىكەن. بىر ياقتىن كۈننىڭ ئىسسىقى، بىر ياقتىن ئاچلىقنىڭ ئازابى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردى شاھزادىنىڭ ھېچبىر ماغدۇرىنى قويماپتۇ. كەچكە يېقىن سالقىن چۈشكەندىن كېيىن

شاھزادە ئورنىدىن قوزغىلىپ، سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ، دەيتتىكەن، مەنمۇ بىر سەۋەب قىلىپ باقمايمۇ دەپتۇ - دە، بىر ئېگىز تاغنىڭ بېشىغا چىقىپ، ئادەم بار يەرنى ئىز- دەپتۇ. ھېچبىر ئىنسۇجىنىنىڭ دىدارى كۆرۈنمەپتۇ. شاھزادە تاغدىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپتۇ. بىرھازا يول مېڭىپ ئال- دىغا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، بىر گۈزەل چىمەنزارلىق باغ تۇرغۇدەك، تۈرلۈك يەل - يېمىشلەر پىشىپ كەتكەن، رەڭمۇ- رەڭ گۈللەر ئېچىلغان، ئېرىقلاردا سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان، بۇلبۇللار سايرىشىۋاتقان ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بىر باغ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچلىقنىڭ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئازابىنى چەككەن شاھزادە مېۋىلەرنى يېيىش ئۈچۈن باغقا كىرىپتۇ، لېكىن باغدا ئادەم دىدارى يوق. ئۇ بىر تۈپ شاپتۇل تۈۋىگە بېرىپ قورسىقى تويغۇچە يەپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بىر تاتلىق ئۇيقۇ بېسىپتۇ - دە، شاپتۇل تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەتىسى ئويغىنىپ ئېگىز كىنى شۇنداق سىلىغۇدەك بولسا، بىر تۇتام ئايئاق ساقال تۇرغۇدەك. شاھزادە بۇ نېمە ۋەقە دەپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئويلاپ - ئويلاپ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچ تاپالماپتۇ، ئاخىر شاپتۇلدىن گۇمانلىنىپتۇ، ھە، گەپ شاپتۇلدىكەن، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر مەلىكە كېلىپ قالسا، مېنىڭ مۇشۇ بىر غېرىچ ساقىلىمنى كۆرسە قانداق قىلار دەپ، ئويلا - ئويلا قورسىقى يەنە ئېچىپتۇ. شاپتۇلدىن يېيىشكە قورقۇپ، بىر تۈپ نەشپۈت يېنىغا بې- رىپتۇ، سارغىيىپ پىشىپ كەتكەن نەشپۈتنى راسا تويغۇچە يەپتۇ. بىرئازدىن كېيىن بىر تاتلىق ئۇيقۇ بېسىپتۇ - دە، نەش- پۈت تۈۋىدە ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا ئويغىنىپ، كېرىلىپ ئور- نىدىن تۇراي دېسە، بېشىغا بىرنەرسە يېپىشىۋالغاندەك بوپتۇ، بېشىنى سىلىغۇدەك بولسا، بىر جۈپ ئۇزۇن ھەم قوپال مۈڭ-



گۆز تۇرغۇدەك. شاھزادە ھەيران بولۇپ، ئەمدى تۇگىشىپتىمەنغۇ، ئادەمىلىك سۈپىتىمدىن ھايۋانلىق سۈپىتىگە كىرىپ قالدىمغۇ، مەلىكە ماڭا قانداقمۇ قارار دەپ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. شۇ ئېغىر قايغۇدا غەمگە پېتىپ يەنە قاتتىق ئۇيىقۇغا كېتىپتۇ، ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ھاسا تايانغان بىر ئاپئاق ساقال بوۋاي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ھەي بالام، ساڭا نېمە بالا كەلدى؟ نېمانچە مۇنداق دەردلىك يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە بوۋايغا بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي:

— يىغلىما، بالام، ھېچ ۋەقەسى يوق، سەن بۇ باغنىڭ سىرىنى بىلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇپ قاپسەن. بۇ باغدىكى مېۋىلەرنى يېيىش شەرتى شۇكى، دەرەختىكى مېۋىلەرنى يەرگە چۈشۈپ قاق بولۇپ قالغانلىرى بىلەن قوشۇپ يېسەڭ ھېچنېمە بولمايدۇ. ھېلىمۇ كېرەك يوق. سەن ئەمدى قاقلىرىنى يېگىن، شۇ چاغدا ساقال بىلەن مۈڭگۈزلىرىڭ دەرھال چۈشۈپ كېتىدۇ. بالام، سەن ھەرگىز بۇ يەردە ياتما، بۇ يەردىن تېزرەك كەتكىن. بۇ دىۋىلەرنىڭ بېغى، ئۇلار ھازىر

ئۇخلاۋاتىدۇ، بىر ئۇخلىسا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئەگەر بۇگۈنلا بۇ يەردىن كەتمىسەڭ، دىۋىلەر سېنى تىرىك قويمايدۇ. بۇ مېنىڭ ساڭا نەسىھەتىم، — دەپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

شاھزادە چۆچۈپ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قارىغۇدەك بولسا چۇشى، ئەتراپىغا قارىسا ھېچبىر ئادەم دىدارى يوق. بىرئاز تۇرۇپ چۈشىدە كۆرگەن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ، دەرھال شاپتۇل ۋە نەشپۈت شېخى تۈۋىگە چۈشۈپ قالغان قاقلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ يەپتۇ. راست دېگەندەك، ساقال بىلەن مۇڭگۈزلىرى دەرھال يوقىلىپ، شاھزادە يەنە بۇرۇنقى چىرايلىق يىگىت سۈپىتىگە كەپتۇ. بوۋايغا يۈز مىڭ غايىبانە رەھمەتلەرنى ئوقۇپ، بۇ يەردىن دەرھال كېتىشنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تال - چىۋىقلارنى سۇندۇرۇۋېلىپ بىر دانە چوڭ سېۋەت توقۇپتۇ - دە، ئۇنىڭ يېرىمىغا دەرەختىكى پىشقان شاپتۇل، نەشپۈتلەرنى، يېرىمىغا ئۇنىڭ قاقلىرىنى قاچىلاپ يولغا راۋان بوپتۇ. باغدىن چىقىپ قارىسا، يەنە چەكسىز كەتكەن باياۋان، كۈنچىقىش قايسى، كۈنپېتىش قايسى پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك، ئۆزىنىڭ ئۆيى قەيەردە قالدى، مەلىكىنىڭ شەھىرى قەيەردە قالدى بىلمىگۈدەك. ئاخىر تەۋەككۈل قىلىپ ئۇدۇل كەلگەن يولغا راۋان بوپتۇ. قورسىقى ئاچسا شاپتۇل بىلەن نەشپۈتتىن يەپ، ئۇيقۇسى كەلسە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ يېتىپ - قوپۇپ يولنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز چۆل - باياۋان ئىچىدە تېنەپ، ئاخىر بىر چوڭ تاغقا ئۇلىشىپتۇ. تاغ ئىچىدىمۇ بىرنەچچە كۈن يۈرۈپ، تاغدىن ئېشىپ چۈشۈپ، بىر چوڭ يولغا چىقىپتۇ. شاھزادە چوڭ يولغا چىقىپ قالغاندىن كېيىن چوڭ بىر تىنىۋېلىپ، ھەرنېمە بول-

سىمۇ ئادەم بار يەرگە يېقىنلىشىپتىمەن، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ بىر ھاردۇق ئېلىۋالاي، ئاڭغىچە بىرەر يولۇچىمۇ ئۆتۈپ قالار، مەن شۇلاردىن بۇ يەرنىڭ نەلىكىنى بىلىۋالارمەن دەپ، سېۋۇدتىدىكى شاپتۇل بىلەن نەشپۈتتىن يەپ، ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا بىر توپ كارۋان يېتىپ كەپتۇ. شاھزادە ئۇلاردىن كۈنچىقىشقا ماڭسا ئۆز يۇرتىغا، كۈنپېتىشقا ماڭسا مەشۇقى مەلىكىنىڭ يۇرتىغا بارىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىۋاپتۇ. ئۇ «يولۋاس ئىزىدىن يانماس، يىگىت سۆزىدىن» دەپتىكەن، مەنمۇ مۇشۇ يولدىن يانماي، بىر ئىلاج قىلىپ مەلىكە بىلەن ياغاچ ئاتنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئاندىن يۇرتۇمغا قايتاي دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، چوڭ يولغا چۈشۈپ كۈنپېتىشقا قاراپ يەنە مېڭىپتۇ. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئارقىغا قارىسا، بىر توپ ئادەم ئاتلىرىنى ئويناتقان ھالدا چاڭ ـ توپىلارنى توزۇتۇپ، بىر خىل ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقۇدەك، يېقىن كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە مەپىمۇ كۆرۈنۈپتۇ. ئالدىدىكى بىر مەپە شۇنداق چىرايلىق ياسالغانكى، پال ـ پۇل قىلىپ تۇرغان نۇرى ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقىدىكەن، ئۇنى تۆت ئات ئۇچقاندەك سۆرەپ كېلىۋاتقان. مەپىنىڭ ئىچىدىكى مەلىكىنىڭ دادىسى ئەۋەتكەن خەتكە بىنائەن مەلىكىنى ئالغىلى كېتىۋاتقان شاھزادە، ئاتلىقلار بولسا، ئۇ شاھزادىنى ھىمايە قىلىپ كېتىۋاتقان ۋەزىر ۋە ياساۋۇللار ئىكەن.

ئۇلار شاھزادىنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن، ۋەزىر قوپاللىق بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— ھەي بالا، بۇ يەردە نېمە سېتىپ يۈرىسەن؟

— مەن ھېچ نەرسە ساتمايمەن ! — دەپتۇ شاھزادە.

— بىرنەرسە ساتمىساڭ سېۋەتتىكى نېمە ئۇ؟ بۇنىڭدا شاپتۇل، نەشپۈتلەر تۇرىدىغۇ ! — دەپتۇ ۋەزىر سېۋەتتىكى

شاپتۇل، نەشپۈتنى ئىشارەت قىلىپ.

— ھە، ئۆزۈمگە كېرەكتە، — دەپتۇ شاھزادە. ۋەزىر شاھزادىنىڭ بۇ گېپىگە سەل رەنجىگەندەك بولۇپ:

— ھوي، نېمە بۇنداق ئاتىكاچى نېمىسەن؟ ! بىرنەچچىنى سېتىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ! بىز يول يۈرگىلى بىرنەچچە كۈن بولدى، كۈن ئىسسىق، بىزنىڭ شاھزادە ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي قالدى. بۇ نېمەڭنى بىز يېمەيمىز، شاھزادە يەيدۇ، شاھزادە ! — دەپتۇ. سېۋەت كۆتۈرگەن شاھزادە:

— ياق، مەيلى كىم يېسۇن، ساتمايمەن. بۇ مېنىڭ يولدا يەيدىغان ئوزۇقۇم. ئۆزۈڭلار كۆرۈۋاتىسىلەر، بۇ پايانسىز چۆللۈكتە تاش بىلەن قۇمدىن باشقا نەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. سىلەرغۇ ئات بىلەن، مېنىڭ ئىككى پۇتۇمدىن باشقا نېمەم بار؟ قاچان بىر مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ئاچلىقتا ئۆلىمەنمۇ؟ ! — دەپتۇ. شۇ ئارىدا مەيدە ئولتۇرغان شاھزادە ۋەزىرگە:

— تېز ئەكەل شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ۋەزىر ئۆز شاھزادىسىنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال يېنىدىن بىر تىللانى ئېلىپ سېۋەت كۆتۈرگەن شاھزادىگە تەڭلەپتۇ. ئاڭغىچە بۇ شاھزادە بۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەگە، نېمە ئۈچۈن كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. بىلگەندىن كېيىن، ئۆز يۈرىكىدىكى ھەسرىتىنى بىلدۈرمەستىن تىللانى ئېلىپ، ھېلىقى شاپتۇلدىن ئىككى دانە، نەشپۈتتىن ئىككى دانە بېرىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ قېقىدىن بەرمەپتۇ. مەيدىكى شاھزادە شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى قولىغا ئېلىش بىلەن ئاغزىغا موكلا سېپتۇ ـ دە، يولغا راۋان بوپتۇ، بىرئازدىن كېيىن غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادە ئويغىنىپ ئېڭىكىنى سىلىسا، بىر غېرىچتەك ئاق ساقال، بېشىنى سىلىسا، بىر غېرىچ

قوش مۈڭگۈز تۇرغۇدەك. شاھزادە چۆچۈپ كېتىپ مەپىنى دەر-ھال توختىتىپتۇ، ۋەزىر، ياساۋۇللارمۇ دەرھال ئاتتىن چۈ-شۈپ، مەپىنىڭ يېنىغا كېلىشىپتۇ. مەپىگە قارىغۇدەك بولسا، شاھزادىنىڭ ئورنىدا ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ھايۋان دېسە ھايۋان ئەمەس، خۇددى جىن - ئالۋاستىدەك بىر سەت نەرسە ئولتۇرغۇدەك. بۇلارمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىگە ھېچ ئەقلى يەتمەپتۇ. شۇ ئارىدا ھېلىقى شاھزادىمۇ ئارقىدىن پىيادە يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سەن بىزگە بايا سېتىپ بەرگەن نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ھېچ ھودۇقماستىن:

— نېمە بولماقچى، نەشپۈت بىلەن شاپتۇل ! — دەپتۇ.



— قانداق شاپتۇل ئۇ؟ نەشپۈتچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر.

— قانداق بولاتتى، شاپتۇل شېخىدا پىشقان شاپتۇل، نەش-پۈت شېخىدا پىشقان نەشپۈت - دە !

— ئەمىسە شاھزا-دە يېگەندىن كېيىن ساقال بىلەن مۈڭگۈز چىقىپ قالدىغۇ؟

شاھزادە مەپىنىڭ يېنىغا كېلىپ مەپىدى-

كى شاھزادىنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپ، سالماقلىق بىلەن:
— مېنىڭ كېچە - كۈندۈز يەپ كېلىۋاتقىنىم مۇشۇ نەشـ-پۈت بىلەن مۇشۇ شاپتۇل، نېمە ئۈچۈن بۇ ساقال بىلەن مۇڭ-گۈز ماڭا چىقمايدۇ، — دەپ بىرئاز ئويلىنىپتۇ، ئاندىن بىر-نەرسە دەرھال يادىغا كەلگەندەك سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — شاھزادە شاپتۇل بىلەن نەشپۈتنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلاپمۇ قالدىمۇ؟
ئولىشىپ تۇرغانلار بىر ئېغىزدىن:
— ھە - ھە، ئۇخلاپ قالغانىدى، — دەپتۇ.
— مانا بۇنىسى بولماپتۇ - دە ! بۇنى ئەمدى كىمدىن كۆرگىلى بولىدۇ؟ بۇ چۆللۈكتە ھېلىقى شاپتۇل بىلەن نەشـ-پۈت ئىكەن، ھەرقانداق تاماق يېگەن كىشىمۇ ئۇخلىسا بول-مايدۇ، بىر نەرسىنى يەپ بولۇپ، ئۇنى ياخشى سىڭدۈرمەيلا ئۇخلاپ قېلىش خاتا ! ئۇخلىغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇنداق بولۇپ قالغان، سىلەر بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىكەنسىلەر - دە ! — دەپتۇ شاھزادە. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ:
— شۇنداق، بىز بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز، — دېيىشىپتۇ.
سېۋەت كۆتۈرگەن شاھزادە بۇلارنى راسا بابلىغىنىغا خۇش بولۇپ بەكمۇ كۈلگۈسى كەپتۇ، لېكىن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن كۈلكىسىنى ئىچىگە بېسىپ تۇرۇپتۇ. ۋەزىر، ياساۋۇللارنىڭ ئىچىدە تالاش - تارتىش بولۇپ كېتىپتۇ، بىرقانچىلىرى: «شاھزادە بۇ قىياپەت بىلەن مەلىكىنى ھەرگىز ئالالمايدۇ، ئەم-دى مۇشۇ يەردىن قايتىشىمىز كېرەك» دېسە، بەزىلىرى: «بىز شاھزادىنى بۇنداق قىلىپ قويۇپ قايتساق پادىشاھقا نېمە دەي-مىز؟ بىر ئىلاج قىلىپ ساقايتىشىمىز لازىم» دېيىشىپتۇ. شاھزادە ئۆزىمۇ قايتىشقا ئۇنىماي:

— نەچچە يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرەلمەي، مىڭ بىر مۇشەققەتتە قولۇمغا كەلتۈرمەكچى بولغان قىزنى تاشلاپ نەگە بارىمەن؟ ! قانداقلا بولسۇن شۇ قىزنى ئەكېتىشنىڭ چارىسىنى قىلىڭلار، — دەپتۇ. ئاخىر ۋەزىر شاھزادىگە:

— ئەمدى باشقا ھېچقانداق چارە يوق. ئارىمىزدىن بىر چىرايلىقراق يىگىتنى تېپىپ، ئۇنى شاھزادىلەرچە كىيىندۈرۈش كېرەك. مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۆز يۇرتىمىزغا بارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ جانابلىرىغا كۆنمەيدىغان ئىلاجى يوق، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ، بۇ پىكىر شاھزادىگە بەكمۇ يېقىپتۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەلىكىگە يارىغۇدەك يىگىت تېپىلماپتۇ، ھېچقايسىنىڭ چىرايى شاپتۇل ساتقان شاھزادىچىلىك يوق ئىكەن. ئۇلار ئاخىر شاپتۇل ساتقان شاھزادىنى ئالدىماقچى بوپتۇ - دە، ۋەزىر ئۇنىڭغا مەقسەتنى ئېيتىپتۇ. بۇ گەپ شاھزادىگە راسا ياققان بولسىمۇ، لېكىن چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن:

— ئۆز ئىشىڭلار ئىكەن، ئۆزۈڭلار قىلىڭلار، مەن بولسام ئۇقەت قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن بىر يولۇچىمەن. مېنى ئۇنداق خىجىل قىلماي، كېتىشىمگە رۇخسەت بېرىڭلار، — دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋاپتۇ. ۋەزىر كۆپ يالۋۇرۇپتۇ، شاھزادە ئۇنىماپتۇ. ئاخىر ۋەزىر پۇل بىلەن ئالدىماقچى بولۇپ، يېنىدىن بەش تىللا ئېلىپ تەڭلەپتۇ، يەنە ئۇنىماپتۇ، يەتتە تىللا بېرەي دەپتۇ، شاھزادە ئاران ئۇناپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بۇ شاھزادىنى كىيىندۈرۈپ مەيگە سالپتۇ، مەيدىكى شاھزادىنى باشقا مەيگە سېلىپ، يۈزىگە چۈمبەل يېپىپ، مۇڭگۈزىنى بىر پارچە رەخت بىلەن ئوراپ قويۇپتۇ ھەم ۋەزىر ئۇنىڭغا شەھەرگە بارغاندا ئۆيدىن سىرتقا

چىقماي ئولتۇرۇشنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

قۇدا بولىدىغان پادىشاھ، بۈگۈن شاھزادە كېلىدۇ دەپ، پۈتۈن ۋەزىر - ئۆلىمالىرى بىلەن شەھەر ئەھلىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ، قارىسا، قىزىنى ئالىدىغان شاھزادە ئاجايىپ كېلىشكەن بىر يىگىت ھەم تويغا دەپ راسلاپ كەلگەن پۇل - ماللىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ كۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، قىزى توغرىسىدا غەم - ئەندىشىگە قاپتۇ. قىزىنىڭ چاتىقى ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تويىنى چاپسانراق ئۆتكۈزۈپ، شاھزادىنى پاتراق يولغا سېلىشقا ئالدىراپتۇ. نۇرغۇن پۇل - مالنى سەرپ قىلىپ، تويغا تېزدىن تەييارلىق كۆرۈپتۇ ۋە يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ.

توي كۈنى قېرىلار بىر يەردە، ياشلار بىر يەردە بوپتۇ. ھەممە مېھمانلار كېچە - كۈندۈز مەشرەپ ۋە ئويۇن - تاماشىلار بىلەن بوپتۇ، لېكىن پادىشاھنىڭ ئوي - پىكرى قىزى بىلەن شاھزادىدە قاپتۇ، تىنماي باشقىلاردىن قىزى بىلەن يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ تۇرۇپتۇ. قىز تويىنىڭ ئالتىنچى كۈنىگىچە يۈزىدىن چۈمبەلنى ئالماي، تامغا قاراپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. باشقىلار ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ ۋە قوشاق توقۇپ ئولتۇرسا، قىز ئۆزىنىڭ سۆيگەن يارى بولغان شاھزادىنى ئويلاپ يىغلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى پادىشاھ ئاڭلاپ تېخىمۇ غەمگە چۈشۈپتۇ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي قاپتۇ. تويىنىڭ ئاخىرقى كۈنى كۆپچىلىك بۇرۇنقىدەك يەنە ئۆز ئويۇن - تاماشىسى بىلەن بولۇپ قالغاندا، شاھزادە مەلىكىگە ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بوش ئاۋاز بىلەن ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئاۋاال ئىشەنمەپتۇ، كېيىن چۈمبىلىنى

ئاستا ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، دېگەندەك ئۆزىنىڭ سۆيگەن يىگىتى ئىكەن. مەلىكە ئوغۇممۇ ـ چۇشۇممۇ دەپ، خۇشاللىقىدىن ئۇلتۇرالماي قاپتۇ. شاھزادە باشقىلارنىڭ، خۇسۇسەن پادىشاھنىڭ تويۇپ قالماسلىقى ئۇچۇن، مەلىكىنىڭ تاقەت قىلىپ ئولتۇرۇشىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكىمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپتۇ. شاھزادە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىزغا ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەتە پادىشاھ بىزنى يولغا سالىدۇ، ئەگەر بىز سىزنى ئالغىلى كەلگەن شاھزادىنىڭ يۇرتىغا بارىدىغان بولساق، سىز ئۇ چاغدا شۇنىڭ ئەمرىدە بولۇپ قالىسىز، مېنى بولسا، بۇ يۇرتتىن ھەيدەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز ھازىردىن باشلاپ قانداق قىلىپ بولسۇن قۇتۇلۇشقا تىرىشايلى. بۇنىڭ ئامالى قېچىش. قېچىش ئۇچۇن ياغاچ ئات كېرەك. سىز ئەتە «دادام ياغاچ ئاتنى بەرمىسە بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىڭ. دادىڭىز ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن قورقۇتسىمۇ چىڭ تۇرۇڭ، سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. ياغاچ ئات قولغا كەلمىسە، بىزنىڭ ئايرىلغىنىمىز ئايرىلغان.

مەلىكە بۇنى جان ـ دىلى بىلەن ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىپتۇ.

بۇ كۈنى توي بەك قىزىپتۇ، ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى قىز بىلەن يىگىتنىڭ مۇھەببىتىدە بوپتۇ. قىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقا كەلگەن يەڭگە موماي بۇ ئىككىسىنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، دەررۇ بېرىپ پادىشاھقا ئېيتىپتۇ، بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

تاڭ ئېتىپتۇ. ئەتىگەندىلا ھەممە مېھمانلار شاھزادە بىلەن مەلىكىنى ئۇزىتىش ئۇچۇن تەييارلىنىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئېتىنى توقۇپ، مەپىلىرىنى قېتىپ تەييارلاپ بوپتۇ. ھەممىسى مەلىكىنىڭ چىقىشىغا قاراپ تۇرۇپتۇ، لېكىن مەلىكە چىقماپتۇ.

مېھمانلار بۇ ئەھۋالغا ھەيران بوپتۇ. پادىشاھ مەلىكىنىڭ چىقـ.
ـماي تۇرۇۋېلىپ، مېھمانلارنى ساقلىتىپ قويغىنىغا بەك خاپا
بوپتۇ، چۈنكى مېھمانلارنىڭ ئىچىدە باشقا ئەللەردىن كەلگەن
مېھمانلارمۇ بار ئىكەن، پادىشاھ شۇلاردىن بەك ئۇيىلىپتۇ.
دەرھال ئۇ بىر كېنىزەكنى كىرگۈزۈپتۇ. كېنىزەك چىقىپ،
پادىشاھقا:

— پادىشاھىئالەم، مەلىكىنىڭ چىقماسلىقىدا بىر سەۋەب
بار ئىكەن، — دەپتۇ.

— ھە، نېمە سەۋەب ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— دادام ياغاچ ئاتنى قوشۇپ بەرمىسە بارمايمەن، دەيدۇ، —
دەپتۇ كېنىزەك.

پادىشاھ دەرھال غەزەپكە كېلىپ، «جاللات !» دەپ
ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار شۇ ھامان پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھازىر
بوپتۇ. پۈتۈن مېھمانلار بۇ ئىشقا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاپتۇ.
ئاخىر چەتتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ بىرى پادىشاھقا تەسەللى
بېرىپتۇ:

— قويسىلا، پادىشاھ، بۇنىڭغا ئانچە خاپا بولۇشنىڭ ھاـ
جىتى يوق، ياش باللار ئويۇنغا ئامراق بولىدۇ، ئىچى پۇشـ
قاندا ئويناپ كۆڭلىنى ئاچار، سورىغان نەرسىسىنى بەرسىلە، —
دەپتۇ.

پادىشاھ مېھمانلارنىڭ يۈز ـ خاتىرسى ئۈچۈن ياغاچ ئاتـ
نى نائىلاج مەلىكىگە بېرىپتۇ، ئاندىن داغدۇغا بىلەن قىز ـ
يىگىتنى يولغا ساپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، مۇڭگۈزلۈك شاھزادىنىڭ
يۇرتىغا يېقىنلىشىپتۇ، لېكىن قېچىشنىڭ پەيتىنى تاپالماپتۇ.
ئەگەر ئوردىغا كىرىپلا قالسا، ئىش چاتاق. شاھزادە يەنە مەلىـ
كىگە:

— سىز ئوردىنىڭ ئال-
دىغا بارغاندا، ئۆز قولۇم بى-
لەن يەتتە تەخسە تىللانى
كۆپچىلىكنىڭ بېشىدىن ئۆ-
رۈپ چاچىمسام، ئوردىغا
كىرمەيمەن دەڭ، ئۇلار نا-
ئىلاج تىلىكىڭىزنى قوبۇل
قىلىدۇ. تىللانى ئاچىققاندا
يەرگە چېچىڭ، ئاندىن ئور-
دىدىكى شاھزادىدىن تارتىپ



پۇتۇن ۋەزىر، ئۆلىمالارغىچە چىقىپ تەرسۇن دەڭ. ئۇنىمۇ
قىلماي ئىلاج يوق. ئۇلار تىللا بىلەنلا بولۇپ كەتكەندە، ياغاچ
ئاتقا مىنىپ قاچىمىز، — دەپ گەپ ئۆگىتىپتۇ.

دەل ئوردا ئالدىغا كەلگەندە، مەلىكە شاھزادىنىڭ دېگىنى
بويىچە تەلەپ قويۇپتۇ، ئوردىدى-
كىلەر نائىلاج ماقۇل بوپتۇ.



ئۇلار تىللا تېرىش بىلەن بولۇپ كەتكەندە، شاھزادە بىلەن مەلىكە ياغاچ ئاتقا مىنىپتۇ - دە، ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بىر بۇراپ ئاسمانغا ئوقتەك ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەملەر بولسا ھەيران بولۇپ ئاسمانغا قارىغىنىچە قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى شاھزادىنىڭ يۇرتىغا سالامەت ئۇچۇپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئۆز ئوغلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، كېچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ سەۋدايى بولۇپ قالغانىكەن. بۇنىڭ ھەممىسىنى ياغاچ ئاتنى ياسىغان ياغاچچىدىن كۆرۈپ، ئۇنى زىندانغا تاشلاپتۇ، ئاخىر شەھەردىكى چوڭ دەرۋازىغا مىخلىماقچى بوپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن كۈنى ھېلىقى ياغاچچىنى دەرۋازىغا مىخلاش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان ۋاقىتقا توغرا كەپتۇ. شاھزادە كېلىپلا دادىسىدىن ياغاچچىنى سوراپتۇ، ئاندىن ياغاچ ئاتنىڭ خاسىيىتىنى، بۇ ئات بولمىسا نۇرغۇن ئىشنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇنداق چىرايلىق، ئەقىللىق بىر مەلىكىگە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، ئۇ يەنە ياغاچچىغا ئىنئام بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. دادىسى شاھزادىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياغاچچىنى ناھەق جازالىغانلىقىغا بەك خىجىل بوپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ تەلىپى بويىچە دەررۇ ياغاچچىنى ئازاد قىپتۇ. شاھزادە شۇ ھامان ياغاچچى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئوردىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ ياغاچچىدىن كۆپ ئەپۇ سوراپتۇ ھەم نۇرغۇن پۇل ئىنئام بېرىپ، ھۈنىرىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇشقا دەۋەت قىپتۇ. پۈتۈن يۇرتقا شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ قىرىق كېچە - كۈندۈز تويىنى قىلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوغلىغا ئۆز تەختىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

# ئالتۇن كەش

بۇرۇندىن بۇرۇندىكەن، يېتىم بولۇڭدىكەن، تېرىق تۇلۇمدىكەن. شۇ زامانلاردا بىر يۇرتتا بىر ئۆگەي ئانا بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، چوڭ قىزى ئۆگەي ئىكەن، كىچىك قىزى ئۆز ئىكەن. ئۆگەي قىزىنىڭ ئېتى ھەجەرخان، ئۆز قىزىنىڭ ئېتى پاتىمىخان ئىكەن.

ھەجەر قىز چىرايلىق، ئىشچان، تىرىشچان ئىكەن. پاتىمىخان سەت، ھۇرۇن، ئۇرۇشقاق ئىكەن، غىزاغا، كىيىمگە بۇدۇشقاق ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆگەي ئانا ئۆز قىزىنى ئارزۇلاپ، ئۆگەي قىزىنى خارلاپتۇ؛ قارىما، كۆزۈڭنى ئويىمەن، سۆزلىمە، تىلىڭنى كېسىمەن، دەپ قىيناپتۇ؛ غىزا - تاماق، كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىماپتۇ؛ چاچلىرى چۇۋۇلسىمۇ تارىماپتۇ. بىچارە قىز ئاشقان - تاشقانىنى كىيىپ، نانىنىڭ كۆيۈكىنى يەپ، ئاشنىڭ سۇيۇقىنى ئىچىپ، قېقىلىپ - سوقۇلۇپ چوڭ بولۇپ، يەتتە ياشلارغا كىرىپتۇ. بىر كۈنى ئۆگەي ئانا:

— ھەي نان قېپى، پىتلىق... قاچانغىچە كىچىك بولىسەن، ئەمدى ساڭا بىكار نان نەدە؟ ! ماڭ يۇگۇر، ماۋۇ سېۋەتكە ئوتۇن - چاۋار، تېزەك تەر، ماۋۇ ماللارنى يېتتۇرمەي، خەقنىڭ ماللىرىغا ئارىلاشتۇرماي بېقىپ كەل، مالنىڭ بىرەر -

يېرىمىنى يېتتۇرسەڭ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن! — دەپ پادا باقـ- قىلى ساپتۇ.

قىز توققۇز يىلغىچە ئەتىگىنى جاڭگالغا چىقىپ، كەچتە ئېغىلدا يۇرۇپ مال بېقىپتۇ، ئاخشىمى ئاش ئېتىپ، كىر يۇ- يۇپ، ئوتۇن كەسلەپ، نان يېقىپتۇ. شۇنداق تىنماي ئىشلەپ يۇرسىمۇ، يەنە تىل ـ دەشنەمدىن قۇتۇلماپتۇ.

بىر كۇنى ئۆگەي ئانا ھەجەر قىز مال بېقىۋاتقان يەرگە ئوغرىلىقچە بېرىپ مارىلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قىز، ئەمدى چۇش بولدى، بىردەم ئارام ئالاي، دەپ ماللارنى بىر يارلىقنىڭ سا- يىسىگە ھەيدەپ قويۇپ، ئۆزى جىگدىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاۋېتىپ- تىكەن، ئۆگەي ئانا ئۇنى كۆرۇپ قاپتۇ ۋە:

— ھە! نېمىشقا ئوتۇن ـ چاۋارنى ئاز تېرىپ كېلىـدى- كىن دېسەم، ئۇخلايدىكەنسەن ئەمەسمۇ، ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان ئەزمە، هارام تاماق! — دەپ جاڭگالنى غۇدۇر ـ سۇدۇر قىـ- لىپ، ھەجەر قىزنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۇرۇپ ـ چەيلەپ يېنىپ كەپتۇ.

ئەتىسى قاق سەھەردە ھەجەر قىز ماللارنى ئاچىقىپ كې- تىۋاتسا، ئۆگەي ئانا:

— ھەي ئەسكى، نېمە بۇگۇن چىچەنلىكىڭ تۇتۇپ كې- تىپتۇغۇ، توختا! مال باققان يەردە ئۇخلاپ ياتماي، ماۋۇ ئۇچنى ئېگىرگەچ كەل! — دەپ بىرمۇنچە پىلتە پاختا بې- رىپتۇ. قىز گەپ ياندۇرالماي ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەمدى مال بېقىپ، تېزەك تېرىشنىڭ ئۇستىگە يىپمۇ ئېگىرىپ كېلىدى- غان، كەچتە ھېرىپ ھالى قالمايدىغان بوپتۇ. ئۆيگە كەلسە يە- نە ئىش. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆگەي ئانا: «ئۇ يېتىم ئوغلاقـقا ئارام ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ؟!» دەپ، ئېگىرىپ كېلىدىغان ئۇچنى كۇندىن ـ كۇنگە كۆپەيتىپتۇ. ئاخشىمى قوشنا ئۇستىغا



شاگىرتلىققا سېلىپ، كېيىنچە كەچتىمۇ بە-كار قويماي ئەتلەس، شايى توقۇتىدىغان بوپ-تۇ. بىچارە يېتىم قىزغا ئەمدى ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇ يوق، كۈندۈزى مال بې-قىش، تېزەك تېرىش ناھايىتى تەس كېلىدى-غان بوپتۇ. يىپنى ئې-گىرىپ ئۇلگۈرتەلمەي، كۈندە پادىدىن قايتقاندا تاياق يەپ ھېچ ھالى قالماپتۇ. كەچتە يەنە ھېلىقىدەك ئىشلار، ئۇيقۇسى كېلىپ يىقىلغاندا، پۇت - قولىنى سۇنغۇ-دەك ئورۇنمۇ يوق، قىينىلىپتۇ. يېشى مۇشۇ كەمگە كەلگۈچە، ياز كۈنلىرى دالىدا، ھويلىدا پاشا - كۇمۇتىغا يەم بولۇپ شېغىلدا يېتىپتۇ، قىش كۈنلىرى قوي، كالىلارنىڭ ئارىسىدا، زەي - نەمدە سالجا - كانىغا يەم بولۇپ ئېغىلدا يېتىپتۇ، جەبىر - زۇلۇم كۆپىيىپ جېنىغا پېتىپتۇ. ئەمدى كېچىلىرى تىنماي ئۈنسىز يىغلاپ چىقىدىغان، كۈندۈزلىرى ھېچكىم يوق جاڭگالدا يىغا بىلەن توۋلاپ ناخشا ئېيتىدىغان بوپتۇ:

پا، پا، پاشىنىڭ دەردى،
سالجا، كانىنىڭ دەردى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

نان بەرسە كۆيۈك بەردى،
ئاش بەرسە سۆيۈق بەردى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

بىر كۈنى ھەجەر قىز جاڭگالدا ئۈچنى ئېگىرىپ بولالماي كەچتە ئۆيگە بارغاندا تاياقتا ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ يىغلاپ، شۇنداق ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرسا، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ، بىر قويۇن كەپتۇ ـ دە، قىزنىڭ يېنىدىكى ئۈچلارنى كۆتۈرۈپ ئەكېتىپتۇ. قىز «ۋاي، ئەمدى ئۆيگە بارغاندا نېمە دەرمەن؟ !...» دەپ يىغلاپتۇ. قويۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ:

— جېنىم قويۇن ئاكا، ئاپام ئۇرىدۇ، ئۈچۈمنى بېرىۋەتسىلە، — دەپ يالۋۇرۇپ بېقىپتۇ. قويۇن كېتىۋېرىپتۇ، قىزمۇ قوغلاۋېرىپتۇ. بىر چاغلاردا قارىسا، قويۇن چۆرگىلەپ ئۈچقان پېتى بىر يارنىڭ كامېرىغا كىرىپ كېتىپتۇ. قىزمۇ ئارقىسىدىن كىرىپتۇ. كىرىپ قارىسا، بىر بوستانلىق ھويلا، ئوتتۇرىدا ئۆي، يېقىنراق بارسا، ئۆينىڭ ئىچىدە بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. قىز ئاستا بوسۇغىغا كېلىپ:

— ئەسسالام، چوڭ ئانا، — دەپتۇ. موماي سالامنى ئىلىك ئېلىپ:

— كېلىڭ، يۇقىرى چىقىڭ... بېشىڭىزغا نېمە كۈن چۈشتى، قىزىم؟ — دەپتۇ. قىز قول باغلاپ تۇرۇپ:

— قويۇن ئاكام ئۈچلىرىمنى ئەكەتتى. ئارقىسىدىن يۈگۈرسەم، مۇشۇ ھويلىغا كىرىپ كەتتى، — دەپتۇ. موماي:

— قورقماڭ، بالام، ئۈچىڭىز بار. سىز ئاۋۋال ماڭا توملۇقنى بىلىڭىزدەك، ئىنچىكىلىكىنى بىلىكىڭىزدەك كېسىپ بىر ئاش ئېتىپ بېرىڭ، سۆيۈقئاش سېغىنىپ قالدىم،

قىزىم، ــ دەپتۇ. قىز:
ــ خوپ، چوڭ ئانا، ــ دەپ قوللىرىنى يۇيۇپ، ئاشقا تۇتۇش قىپتۇ. بىردەمنىڭ ئىچىدىلا خېمىرنى چاچتەك كېسىپ، ناھايىتى مەززىلىك ئۇگرە ئاش ئېتىپ موماينىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. موماي ئاشنى ئىچىپ بولۇپ:
ــ قىزىم، ئەمدى قازان ـ قومۇچنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى مورىغا، ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى تۆشۈكۆككە تۆكۈۋەتكىن، ــ دەپتۇ. قىز دەررۇ قازان ـ قومۇچلارنى يۇيۇپ، يۇندىسىنى ئەۋرەزگە، ئۆينى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتنى ھويلىدىكى ئورىغا تۆكۈپتۇ. موماي:
ــ قاراڭ، قىزىم، تۇرۇپلا بېشىم قىچىشىدىغان بولۇپ قالدى، چېچىمنى يۇلۇۋەتكىن، ــ دەپتۇ. قىز موماينىڭ بېشىنى يۇيۇپ ـ تاراپ، ئوبدان ئۆرۈپ قويۇپتۇ. موماي خۇش بولۇپ:
ــ رەھمەت ! ئەمدى، قىزىم، ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى كۆپتە ئۇچىڭىز بار، ئېلىپ ئۆيىڭىزگە ئىلدام كېتىڭ، ــ دەپتۇ.
قىز كۆپنىڭ ئىچىگە بېشىنى شۇنداق تىقىپ قارىسا، يوپيورۇق بىر ئۆي، ئۇنچە ـ مارجان، ئالتۇن ـ كۈمۈش... دۇنيا تۇرۇپ كەتكەن. قىز ھېچنېمىگە نەزەر كۆزىنى سالماي، ئۆزىنىڭ ئۇچىنى ئېلىپ قارىسا، ئۇچلار چىرايلىق يىپ بولۇپ ئېگىرىلىپ قاپتۇ. قىز كەينىگە يېنىپ شۇنداق ماڭاي دېسە، بېشى ئېغىر تۇرغۇدەك. سىلاپ باقسا، بېشىغا ئالتۇن كوكۇلا ئۈنۈپ قاپتۇ. قىز مومايغا ئېگىلىپ، رەھمەت ـ تەزىم ئېيتىپ، خوشلىشىپ ئارقىسىچە يېنىپتۇ. موماي:
ــ توختاڭ، قىزىم، بېرى كېلىڭ، بېشىڭىزغا كۈن چۈشسە، مۇشۇ چېچىمنى ئوتقا سالسىڭىز، مۇشكۇل ئىشىڭىز ئاسان بولىدۇ، ــ دەپ، بېشىدىن ئىككى تال ئاق چېچىنى

يۇلۇپ بېرىپتۇ. قىز يەنە بىر تەزىم قىلىپ قايتىپتۇ. يولدا جاڭگالدىن سېۋەت، چاقلىرىنى ئېلىپ، ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ، ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بارسا ئۆگەي ئانا:

— ھەي جۇۋاينىمەك، بېشىڭدىكىنى نەدىن تاپتىڭ؟ ساڭا قايسى ئەقىلسىز يىگىت يولۇقتى؟ تىلىڭنى قاغا چوقۇۋالدىمۇ؟ ھەي، گەپ قىل، ئەر سېغىنىپ قالغان ساراڭ ! — دەپ، ئالتۇن كوكۇلىسىنى قىزى بىلەن كېلىپ يۇلغىلى تۇرۇپتۇ. بىچارە قىز قورققىنىدىن يىغلاپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆگەي ئانا شۇنچە قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇلىسىنى يۇلالماپتۇ، قورسىقىغا بىر ئوينى پۇكۇپ، ئۇشۇقچە گەپ - سۆز قىلالماپتۇ.

ئەتىسى ئۆگەي ئانا ئۆزىنىڭ قىزىنى قولىغا ئۇچ - چاقلارنى تۇتقۇزۇپ، مال باققىلى چىقارتىپتۇ. ھەجەر قىز ھويلا - ئارامنىڭ ئىشىنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ باققان كۈچۈكى بىلەن چۇجىسىنى تويغۇزۇپ، باشلىرىنى سىلاپتۇ. ئاندىن كېيىن ھويلىغا ئۆگىنىپ قالغان بىر جۇپ كەپتەرگە ئوغرىلىقچە دان چېچىپ بېرىپ، باغقا چىقىپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈنى ئانىسى پاتىمىخاننى نېمە بولۇپ كېلەركىن دەپ، يولغا قاراپ، ئۆيدىمۇ ئولتۇرماپتۇ.

ئەمدى گەپنى پاتىمىخاندىن ئاڭلايلى:

پاتىمەك ماللارنى ھەيدەپ، چاقلارنى كۆتۈرۈپ جاڭگالغا بېرىپتۇ. ئىسسىققا چىدىماي ئانىسىنى تىللاپ، ئۇچنى نېمە قىلىشنى بىلمەي، بۇرنىنى تارتىپ يىغلاپ ئولتۇرسا، تۇيۇقسىزدىن قويۇن كېلىپ كۆزلىرىگە توپا چېچىپ، ئېتىكىدىكى ئۇچلارنى ئەكېتىپتۇ. پاتىمەك يىغلاپ:

— بېشىڭنى يەيدىغان قويۇنتاز... ئۇچۇمنى بەر... ئۇچۇمنى بەر... ئۇچۇمنى بەر ! — دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپتۇ.

قارىسا، قوّيۇن بىر يارنىڭ توّشوّكىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئارقىسىدىن كىرىپ، ئوّينى كوّرۇپ، موماينىڭ يېنىغا بېرىپ چالۋاقاپ:

— ھەي قېرى، قوّيۇن تېزىلىك ئۇچۇمنى ئەكەتتى، ئېلىپ بەر !... — دەپتۇ. موماي بېشىنى بىر - ئىككى چايقاپ قويۇپ:

— توختا، چالۋاقىما ! ئولتۇر ! ئاۋۋال سەن ماڭا بىر ئاش ئېتىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇچۇڭنى ئال، — دەپ، خوددى تونوگۇن ھەجەر قىزغا بۇيرۇغان ئىشلارنى بۇيرۇپتۇ. پاتىمەك قىلماي دېسە، ئۇچۇمنى بەرمەمدىكىن دەپ، غودوڭـ شىپ يۇرۇپ، ئەزمىلىك بىلەن ئاشنى ئېتىپتۇ. كەسكەن ئاشنىڭ توملۇقىنى بېلىدەك، ئەڭ ئىنچىكىسىنى بىلىكىدەك قىلىپ پىشۇرۇپتۇ. موماي ئاشنى ئىككى ئوتلاپ نېرى ئىتتىـ رىپ قويۇپتۇ، ئاندىن پاتىمەك قازان - قومۇچنى چاقۇر - چۇقۇر سىلكىپ يۇيۇپ، يۇندىنى مورىدىن، ئوّينى سوّپۇرۇپ، ئەخلەتنى توڭلۇكتىن توّكوپتۇ، كېلىپ دوّشكەلەپ، موماينىڭ چېچىنى يۇلۇپتۇ... موماي ئىچىدە ئوّگەي ئانا بىلەن پاتىمەكـ كە لەنەت ئوقۇپ:

— ئاۋۇ بۇلۇڭدىكى كۇپتە ئۇچۇڭ بار، ئەكەت ! — دەپـ تۇ. پاتىمەك يۇگۇرۇپ بېرىپ كۇپنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىدـ قىپ، شۇنداق قارىسا، دۇنيا دېگەن تۇرۇپ كەتكەن. ئاچ كوّزـ لۇك بىلەن يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە بىرمۇنچە ئالتۇن - كۇمۇشـ لەرنى تىقىۋېلىپ، ئۇچنى ئاپتۇ - دە، ئارقىسىغا قارىماي ئوّـ يىگە يۇگۇرۇپتۇ. يولدا ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ، چاقنى كوّـ تۇرۇپ كېتىپ بارسا، بېشى قىچىشىپتۇ، ھە راست، مېنىڭ بېشىمغىمۇ ئالتۇن كوكولا ئۇندىمىكىن دەپ بېشىنى سىلاپ باقسا، بېشىنى قوماق بېسىپ، چوققىسىدا بىرنىمە پۇلتىيىپ لوّمولدەپ تۇرغۇدەك. شۇ يەردىن ئۇ ماللىرىغىمۇ قارىماي

يىغلاپ مېڭىپتۇ. ئاڭغىچە ئالدىغا ئانىسى يېتىپ كېلىپ:



— ۋاي جېنىم قىزىم، كەچ قالدىڭغۇ؟! يائاللا، نېمىگە يىغلايسەن؟ نېمە بولدى؟ بېشىڭنى نېمىشقا يۆگىۋالدىڭ؟! — دەپ، ئالدىراپ قىزىنىڭ بېشىنى ئېچىپتۇ، قارىسا، بېشى كەيمە تازغا ئايلىنىپ، چوققىسىغا بىر ئېشەكمەدىكى ئۈنۈپ قاپتۇدەك. ئۆگەي ئانا: «ۋاي ئۆلەي، قانداق پەس، بالامغا قىلغاندۇ قەست!» دەپ ئاھ ئۇرۇپتۇ، يىغلاپتۇ. قىزىنى ئۆيگە سولاپ بېقىپتۇ، قىلمىغان داۋا، بارمىغان مازا قالماپتۇ، ھەممىسىلا ھېچ كار كەلمەپتۇ. قىزى موماينىڭكىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن پۇلدىن نەچچە ھەسسە پۇل چىقىپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى شۇ شەھەردە بىر باي كاتتا توي قىلىپ، يۇرتتا بىرمۇ ئۆي قالدۇرماي تويغا چىللاپتۇ.

ئۆگەي ئانىنىڭ تويغا بارغۇسى كەپتۇ، تويدىن زەللە ئالغۇسى كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى قاق سەھەردە، قاغا قاق دېمەستە، ھەجەر قىز ماللىرىنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىۋاتسا، ئۆيدە يېتىپ:

— ھەي، ھەجەك... مەيەرگە كەل، جۇۋاينىمەك! — دەپ توۋلاپتۇ. ھەجەر قىز كىرسە:

— ھەي ئۇيقۇ سارىڭى قاسماق، بۇگۈن ئەجەب بىر سەگەكلىكىڭ تۇتۇپ كېتىپتۇغۇ ! بېرىرەك كەل، ما گېپىمنى ئاڭلا، بۇگۈنچۇ، بىز تويغا بارىمىز. سەن ئاۋۇ ماللىرىڭنى بىر ھەقەمساينىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ، ئىلدام كىر، ئەزمە ! — دەپتۇ.

قىز ماللارنى قوشنىلارنىڭ ماللىرىغا قوشۇپ قويۇپ، يېنىپ كىرىپتۇ، كىرىپ ھويلا - ئاراملارنى سۇپۇرۇپتۇ، قاپاقتا سۇ ئەكىرىپ، بوش قاچىلارنى تولدۇرۇپتۇ، كۈچۈككە ئاداپ ئېتىپ بېرىپ، پېشايۋاندا چۆجىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆگەي ئانا بىلەن قىزى ياسىنىپتۇ. پاتىمەك ياسىنىپ بولۇپ:

— ئاپا، بىز كەلگۈچە ھەجەك ساراڭ بىكار ئولتۇرامدۇ؟ — دەپتۇ. ئانىسى:

— ۋييەي، نېمە دېگىنىڭ ئۇ، ئۆي ساقلىغانمۇ ئىشمۇ؟ ! بىكار تۇرغۇزامدىغان ئۇ تىرىكتاپنى ! — دەپ، قازاناقتىن بىر چارەك ئاقئۇششاق بىلەن بىر چارەك تېرىقنى ئاچىقىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر دۆۋە قۇمنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن:

— ھەي نان قېپى، بىز كەلگۈچە ئاق ئۇششاقنى باشقا، تېرىقنى باشقا ئايرىپ، ئىككىسىنى ئىككى خۇرجۇنغا ئېلىپ قوي، بىر تېلىنى زايە قىلساڭ، كۆزۈڭنى ئويۇۋالىمەن. ئاندىنچۇ، «گۆرۈڭ»گە كىرىپ، ئىككى تاقا ئەتلەس توقۇپ قويغىن. ھويلا - ئارامغا ئوبدان قارا، قىل يېتسە، بوينۇڭنى قۇشقاچنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزىمەن. بۇيرۇغان ئىشلىرىم چالا قالسۇنچۇ قېنى، مەندىن نېمە كۆرىسەن؟ ... — دەپ، پاتىمەكنى ئېلىپ تويغا كېتىپتۇ.

ھەجەر قىز، بۇ نېمىدېگەن زۇلۇم دەپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي قېتىپ قاپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، ھېلىقى مېھرىبان موماينى ئەسلەپتۇ. ئۇنىڭ بەرگەن چېچىنى قانداق بولاركىن دەپ ئوتقا ساپتۇ. شۇ زاماتلا ھويلىدىكى دە-رەخلەر شالدىرلاپ، ئالەمنى قۇيۇن قاپلاپتۇ. قىز ھويلىدا بىر پىرقىراپتۇ، قالغىنىنى بىلمەپتۇ... بىر ۋاقىتتا كۆزىنى شۇنداق ئاچسا، ئوزاقى يىل ئاش ئەتكۈزۈپ، ئىككى تال چې-چىنى بەرگەن موماي بېشىنى سىلاپ ئولتۇرغۇدەك. قىز چاچراپ قوپۇپ تەزىم قىپتۇ، يىغلاپ ئۆزىنى مومايىنىڭ قۇچە-قىغا تاشلاپ، دەردى ـ ھالىنى ئېيتىپتۇ. موماي:

— بىلىمەن، قىزىم، بىلىمەن، ئۆزىگە قىلىدۇ، ئورنۇ-ڭىزدىن تۇرۇڭ ! — دەپتۇ.

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ قول باغلاپتۇ. موماي:

— يېتىمنىڭ كۆڭلى — مېنىڭ كۆڭلۈم، سىزنىڭ غې-مىڭىزنى مەن قىلاي، قىزىم. مەڭ ماۋۇ ئاچقۇچنى، ئاۋۇ ئوت-تۇرىدىكى ئىشىكنى ئېچىڭ، تارتىنماي ئىچكىرى كىرىپ ئال-تۇن كات ئۇستىدىكى بوغچىنى كۆتۈرۈپ چىقىڭ، — دەپتۇ. قىز ئىشىكنى شۇنداق ئېچىپ قارىسا، ئوتتۇرىدىكى يېشىل سىرلىق، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قەۋەتمۇقەۋەت گۈللۈك ئى-شىكلەر ئارقا ـ ئارقىدىن جاراڭلاپ ئېچىلىپتۇ. قىز موماي دېگەن يەردىن بىر بوغچىنى ئېلىپ، تەن ـ تېنىگە سىغماي خۇش بولۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. موماي قىزنى يوغان تەش-تەككە چۈشۈرۈپ سوپۇنلاپ يۇيۇپتۇ، ئەتىيانلىرىنى پاكىز سۈر-تۈپ، بېشىنى تاراپ، ھېلىقى بوغچىدىكى تۈرلۈك كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپتۇ، كىيدۈرگەندە ئۇستىگە ھوردەك يۇمشاق، ئەينەكتەك سۈزۈك مەشۇت كۆڭلەك، چىمەن گۈللۈك

تاۋار كەمزول، چىلتەك پەشلىك، ئوقا ياقىلىق كىمخاب چا-
پان، تىللا دوپپا كىيدۈرۈپتۇ، دوپپىنىڭ ئۈستىگە ئۈنچە،
مارجان، ياقۇت چېچىلغان يىپەك رومال ئارتىپتۇ، پۇتىغا ئال-
تۇن كەشتىلىك گۈلچاڭ مەسىلەرنى كىيدۈرۈپتۇ، بىلەكلىرد-
گە قوش ئالتۇن بىلەزۈك، قوللىرىغا گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك،
قۇلاقلىرىغا زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن زىرە سېلىپ، ھۆر -
پەرىلەردەك ياساندۇرۇپتۇ. ئۈستىگە ياغلىق توقاچ، ئەتلەس،
جانان چىنىلەر قويۇلغان بىر پەتنۇس ھازىرلاپ، يىپەك
داستىخان بىلەن ئوراپ، موماي قولىدا تۇتۇپتۇ - دە: «يۈ-
رۈك، قىزىم» دەپتۇ. قىز بىر ياقتىن خۇش بولۇپ، بىر ياق-
تىن ئەنسىرەپ:



— نەگە با-
رىمىز؟ تېرىقلارنى
قاچان ئادالاپ بو-
لىمەن، جېنىم
موما؟! — دەپ
كۆزىگە ياش ئاپتۇ.
موماي كۆيۈنۈپ:
— بىچارە
قىزىم، غېرىب
قىزىم، ئەنسىرد-
مەڭ دېدىمغۇ.
قىزىم، شۇ باغرى
تاش، قولى قان
ئۆگەي ئانا بار-
غان تويغا سىزمۇ
بارىسىز، بارغاندا

ئۇلاردىن ئارتۇق ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن توي كۆرۈپ، كۆ ـ ڭۈل ئېچىپ كېلىسىز. سىز تويدىن يانغۇچە، تېرىق ئايرىش، ئەتلەس توقۇش، ئۆي ساقلاش — جىمى ئىشلىرىڭىز بەجا بو ـ لۇپ تۇرىدۇ. قېنى، قىزىم، مومىڭىزغا ئىشىنىپ، بىسمىللا دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاڭ، — دەپتۇ.

قىز بوسۇغىدىن شۇنداق ئاتلىشىغا، بىر چوكان كېلىپ قىزنى قولتۇقلاپ مەيگە چىقىرىپتۇ. قىز قارىسا، كىمخاب يوپۇقلۇق قوش ئات قوشۇلغان ئالتۇن مەپە جاراڭلاپ، بىر مەپىكەش بوۋاي ئاتلارنىڭ بوجىلىرىنى تۇتۇپ تۇرغۇدەك. موماي ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— يېتىمنىڭ ئاھى، مومايىنىڭ دۇئايى، يولۇڭلار راۋان بولسۇن، دۇشمەنلەر ھەيران بولسۇن !... ئامىن، ئاللاھۇ ئەك ـ بەر، — دەپ دۇئا قىپتۇ.

قىز بىر قۇيۇننىڭ كەلگەنلىكىنى، مومايىنىڭ ھويلىسىدى ـ كى گۈللەرنىڭ ئۆزگە تەزىم قىلىپ ئېگىلىپ، دەل ـ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئالىيىشىل كېپىنەك بولۇپ ئۇچقانلىقىنىلا بىلىپتۇ، قالغان ئىشلارنى بىلمەپتۇ...

قىز شۇنداق ئېسىنى يىغىپ قارىسا، مەپە ناغرا، كاناي، ناخشا ـ ئۇسسۇل، داغدۇغا بىلەن توي ـ مەرىكە بولىۋاتقان ھويلىغا كىرىپ توختاپتۇ. توي ئىگىلىرى، ساھىبخانىلار:

— ۋاي، ئېسىل مېھمان كەلدى، تويىمىزنىڭ ھۆرمىتى ! — دەپ، قىزنى پاياندازلارغا دەسسىتىپ، خوتۇن خەقلەر قايىنىغان كەڭ سورۇنلۇق ياسىداق سارايغا باشلاپتۇ. چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئورۇنلىرىدىن دۇررىدە قوپۇپ، كۆرۈشۈپ تۆرگە ئۆتكۈ ـ زۈپتۇ. تۆردىكى خوتۇنلارنىڭ بىرى:

— بۇ قىز قايسى شەھەرنىڭ مەلىكەزاتىدۇ؟ — دەپتۇ. يەنە بىرى:

— قايسى باينىڭ ئەركە قىزىدۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇ-شۇپ قاپتۇ.

ئاڭغىچە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قويۇلۇپ، داستىخان سېلىنىپتۇ. يەتمىش خىل يەل - يېمىش، قەنت - گېزەكلەر تىزىلىپ، چاي قويۇلۇپتۇ. ئارقىدىن ھالۋا، قايماق، رىشالە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇگرە، قورداق، كاۋاپ، قويۇق ئاشلار تار-تىلىپتۇ. ھەجەر قىز سورۇنغا شۇنداق سەپسېلىپ قارىسا، ئۆگەي ئانىسى قىزى بىلەن ئەڭ ئاياغتا — كەش بازىرىدا ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ بايلىقى، ھال تارتىشلىرى بۇ چوڭ توي-تۆكۈنگە كەلگەن نى - نى باي، ھال تارتىپ ئولتۇرغان خې-نىملارنىڭ ئالدىدا نە - نەلىدە قاپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ھە-جەر قىز ئالدىغا نېمە كەلسە: «ئاۋۇ مېھمانغا سۇنۇۋەتسىلە، خاپا بولماي...» دەپ، «ئانىسى» بىلەن «سىڭلىسى»غا ئۆزىتىپ تۇرۇپتۇ، «ئالسىلا، قىزلىرىمۇ ئوبدانراق باقسۇن» دەپ تىنماي تەكلىپ قىلىپ تۇرۇپتۇ...



كۈن خېلى ئېگىلىپ، توي ئاياغلىشاي دەپ قاپتۇ. قىز ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇزاپتۇ، شۇنچە تۇتسا ئۇنىماپتۇ. ھەممە خوتۇن - قىزلار: «ئۆيگە يورۇقى چۈشكۈدەك ئەجەب چىرايلىق قىز ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمگەرچىلىكىچۇ !...» دەپ ئارقىسىدىن قارىشىپ قاپتۇ.

قىزنىڭ مەيسى كەڭ چۆل - جاڭگاللار بىلەن مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، چىمەنلىك ئارىسىدا سۇ ئېقىۋاتقان چوڭ بىر ئۆستەڭ بويىغا كەپتۇ. قىز بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپتۇ، چىمەنلىك قىرغاقتا ئولتۇرۇپ، سۇنى ئوچۇمى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپ، مارجان چاچما قىلىپ ئويناپتۇ، سۇنىڭ مارجانلىرىغا قاراپ تېرىق ئېسىگە چۈشۈپ، كۆڭلىنى ئەندىشە بېسىپتۇ. ئاڭغىچە مەيكەش:

— ھوي قىزىم، يىراقتىن ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بۇ يەردىن ئىتتىكرەك كەتسەكمىكىن؟ — دەپتۇ.

قىز يۈگۈرۈپ مەيگە چىقىپتۇ. مەپە يولغا چۈشۈپ، بىر قويۇن بىلەن غايىب بوپتۇ. شۇ ئالدىراشلىقتا قىزنىڭ بىر پاي ئالتۇن كەشى سۇ بويىدىكى چىمەنلىككە چۈشۈپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ئۆيىدىن ئاڭلايلى:

قىز تويغا ماڭغاندىن كېيىنلا، قويۇن ئانا — مېھرىبان موماي ئۆگەي ئانىنىڭ ھويلىسىدا يەنە پەيدا بوپتۇ. شۇ زاماتلا ھەجەر قىزنىڭ باققان كۈچۈكى، چۈجىسى، پېشايۋاندىكى بىر جۈپ كەپتەر مومايىنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ ئەركىلەپ، پۇتلىرىنى چوقۇلىشىپ - سۆيۈشۈپ كېتىپتۇ. موماي ئالقىنىدىن بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ، كۈچۈككە بىر چىشلەم، خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە بىر نەچچە ئۇششاق كۇمىلاچ قىلىپ ئايرىپ تاشلاپ بېرىپتۇ. كۈچۈك خېمىرنى يەپلا زۇۋانغا كېلىپ:

— ئانا، ھويلىغا ھېچ يەردىن، ھېچكىمنىڭ كۆز قىرىنى

سالدۇرماي قارانچۇق بولمەن، ــ دەپ، تام تۆپىلىرى، دەرۋا-زىلارغا كۆز - قۇلاق بوپتۇ. خوراز سۆزگە كىلىپ، ئۆگزىگە ئۇچۇپ چىقىپتۇ - دە، تۆت ئەتراپىغا قاراپ:
ــ قى - قى - قىق ! ئارىلىشىپ كەتتى تېرىق... ھەممىمىز ئولىشايلى، يېتىم قىزغا بولۇشايلى ! قى - قى - قىق ! قى - قى - قىق ! ــ دەپتۇ. تەرەپ - تەرەپتىن، تۇشمۇتۇشتىن قوشنا - قولۇملارنىڭ توخۇلىرى ھويلىغا يىغىلىپتۇ. كۇچۇك ئۆيدىن خورجۇننى چىشلەپ ئاچىقىپ بېرىپتۇ. توخۇلار ئولىشىپ چوقۇپ، خورجۇننىڭ بىرىگە ئاقئۇششاقنى، يەنە بىرىگە تېرىقنى ئايرىپ تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. كەپتەرلەرمۇ سۆزگە كىلىپ:
ــ لەببەي، ئانا، بىز خىزمىتىڭىزگە تەييار، ــ دەپلا ئاسمانغا ئۇچۇپ غايىب بوپتۇ - دە، بىردەمدىلا بىرمۇنچە كەپتەرلەرنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇ كەپتەرلەر باغقا چۈشۈپ، ھەر-



بىرى بىردىن مېۋە دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، پەرى قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. باغدىن قاتار بولۇپ چىقىپ، سۇپىدا ئولتۇرغان موماينىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپتۇ، تەزىم قىلىپ جىم تۇرۇشۇپتۇ. موماي قىزلارنىڭ باشلىقىغا: «كېلىنىڭ قىزىم» دەپ شەرەت قىلىپ، قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپتۇ. قىزلار دەررۇ ئەتلەس توقۇيدىغان ئۆيگە كىرىپ، ئۇن - تىنسىز ئىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىرى يىپلارنى بوياپتۇ، بىرى ئۆرۈش تارتىپتۇ، بىرى توقۇپتۇ، بىرى پاتلاپتۇ، بىرى قاتلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچىلىكنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى تاقا ئەتلەس توقۇلۇپ، ئۆگەي ئانىنىڭ ساندۇقى ئۈستىگە تىزىلىپتۇ. ئاڭغىچىلىك توخۇلارمۇ تېرىقنى ئايرىپ خورجۇنغا قاچىلاپ بوپتۇ، موماي بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز جايلىرىغا تاراپتۇ.

قىزلارمۇ ئاقئۇششاق، تېرىقلارنى ئۆز جايىغا ئەكىرىپ، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىپ، ئىش - كۈشلىرىنى تۈگىتىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىزىلىپتۇ. موماي ئالىقىنىدىن يەنە بىر پارچە خېمىرنى چىقىرىپ، بايىقىدەك كۈچۈك، خوراز، كەپتەرلەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ خوشلىشىپتۇ. ئاندىن كېيىن قىزلارنى باشلاپ باغقا كىرىپ غايىب بوپتۇ...

ئەمدى گەپنى يېتىم قىزدىن ئاڭلايلى:

ھەجەر قىز سۇ بويىدىن يولغا چىقىپ غايىب بولغانچە، ئۆزىنى موماينىڭ ھويلىسىدا كۆرۈپتۇ. موماي:

— كېلىڭ، قىزىم، — دەپ ئۆيگە باشلاپتۇ. قىز كېلىپ تويدىن ئەكەلگەن نان - توقاچلارنى موماينىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، تويدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ بېرىپ:

— چوڭ ئانا، مەن تۆردە ئولتۇردۇم، «ئانام» قىزى

بىلەن پەنگاھدا ئولتۇرۇپتۇ. يەل ـ يېمىش، ئاش ـ غىزا مەن-
دىن باشلاپ تارتىلدى. كىيدۇرگەن كىيىملىرىڭىز، بولغان
ئىززەت ـ ھۆرمەت، مېھماندارچىلىقىنىڭ خۇشاللىقىدىن گېپ-
لىمىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئالدىمغا كەلگەن مەزەلەرنى «ئا-
نام» بىلەن «سىڭلىم»غا سۇنۇپ تۇردۇم. ئىچ ـ قارنىم ئېچىد-
لىپ، كۆڭلۇم كۆتۈرۈلۈپ، ئويدان ئويناپ كەلدىم. سىلىگە
كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت... — دەپ، بىرنېمىدىن خىجىل
بولغاندەك يەرگە قاراپتۇ.

— ئويدان قىپسىز، قىزىم، «ئانىڭىز»نىڭ ئەقلى بولسا
ئويلاپ قالار... بەختىڭىز ئېچىلسۇن... بىر پاي كەشنىڭ كارى
چاغلىق ... ئەمدى، قىزىم، ئۆز ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، — دەپ
قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ئاستا بىر سىلاپتىكەن، قىز
ئۆزىنى ئۆز ھويلىسىدا كۆرۈپتۇ. قارىسا، ھەممە ئىشلار قىلىد-
نىپ بولغان...

ئاڭغىچىلىك ئۆگەي ئانىسى قىزى بىلەن دەرۋازىنى
مۇشتلاپتۇ، ھويلىغا كۆرەڭلەپ، ئالچاڭشىپ كىرىپ كەپتۇ.
ئۆگەي ئانا كىرىپلا:

— ھەي يېتىم ئوغلاق، بۇگۇن ئەجەب پاكىز بولۇپ قاپ-
سەنغۇ ! سۇنى بۇزۇپ... ئەرگە تەگكۈڭ كەلدىمۇ يا ؟ كۆرە،
بۇ چىرايلىق ئاشىقنى ! — دەپ كېكىرىپ، كالپۇكلىرىنى
سەتلەشتۇرۇپ زاڭلىق ئېتىپتۇ. پاتىمەكمۇ:

— ئەرگە تەگكۈسى كەلمىسە، باش ـ كۆزلىرىنى تاراپ،
ياسىنىشنى كىم قويۇپتۇ بۇ سەت ساقلاندىغا ! ھوي، تېرىقلار-
نى ئادالىدىڭمۇ؟ گەپ قىل ! — دەپ بارغان بويى ھەجەر
قىزنىڭ بىرنەچچە يېرىنى چىمدىۋاپتۇ. ھەجەر قىز:

— ئىلغاپ بولدۇم، ئەتلەسنىمۇ توقۇپ قويدۇم... ئۇنىڭ-
دىن كېيىن باش ـ كۆزۈمنى يۇيۇپ ـ تارىۋالدىم، — دەپ

يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ، ئاقئۇششاق، تېرىق، ئەتلەسلەرنى ئا-
چىقىپ كۆرسىتىپتۇ. ئۆگەي ئانا ئىشنىڭ ئېپىنى ئەمدى
تېپىپتىمەن، دېگەندەك قىلىپ، ئەتلەسلەرنى كۆرۈپ، ھېجى-
يىپ - كالچاراپتۇ. ھەجەر قىز:

— ئانا، توي قانداق ئۆتتى؟ نېمە ئىشلارنى كۆرۈپ كەل-
دىلە؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۆگەي ئانا:

— ۋاي قوۋۇرغام، ئاڭلىغۇڭ كەلدىمۇ؟ ئاڭلا ئەمىسە، —
دەپ ھېكايىگە چۈشۈپتۇ، — يۇرت يۇرت بولۇپ، مۇنداق توي
بولمىغان. يۇرت دەۋرەپ كېتىپتۇ. نى - نى يۇرتلاردىن خې-
نىملار كەپتۇ. تويغا بىر يۇرتتىن بىر مەلىكىزات كەپتىكەن،
بىزمۇ بىر داستىخاندا بولدۇق. قارىساڭ، بۇ پەرىزاتنى دۇنيادا
بىرلا دەيسەن. ئۇ قىز شۇنچە خوتۇن خەقلەرنىڭ ئارىسىدا
بىزگە ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۇ قىز شۇنچە توق بې-
سىق، چوڭ سۈپەت قىز ئىكەن. ئالدىغا نېمە كەلسە، ماڭا
سۇنۇپ تۇردى. مەن يېدىم، سىڭلىڭ يېدى. توي دېگەندە
ھەممە نېمە تۆكمە بولۇپ كەتتى. سىڭلىڭنىڭ تويىنى مەن-
مۇ شۇنداق قىلىپ بېرىمەن ! — دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ.
ھەجەر قىز:

— ئانا، مەن تۇرۇپ، سىڭلىمنىڭ گېپىنى قىلىپ كەت-
تىڭىزغۇ؟ — دەپ سىلىپ، يەرگە قارىۋاپتۇ. ئۆگەي ئانا:

— ۋاي قوۋۇرغام... ئۆزۈڭ پادا باققان يەردە بىرنى تې-
پىۋالارسەن. ساڭا توي نەدە تۇرۇپتۇ؟ — دەپتۇ. پاتىمەك:

— بۇ نەس باسقان قاچانمۇ پېشانەمدىن ئېرار؟ ! — دەپ
تىللاپ، — مە، يەنە ساڭا ياخشىلىق قىلىپ ئالغاچ كەلدۇق ! —
دەپ، تويدىن ئاشقان - تاشقان گۇرۇچ، سۆڭەكلەر سېلىنغان
بىر يېلىم چۆچەكنى ھەجەر قىزنىڭ ئالدىغا دوققىدە قىلىپ
تاشلاپ قويۇپتۇ. ئۆگەي ئانا:

— ھەي، يۇنداڭنى ئىتتىك - ئىتتىك ئىچمۇېلىپ، خەققە قوشۇپ قويغان ماللارنى ئاچىق. ئاندىن «گۆرۈك»گە كىرىپ ئەتلەسلىرىڭنى توقۇ ! — دەپ، قىزى بىلەن ئىچكەر-كى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

قىز چۆچەكتىكى سۆڭەكنى كۈچۈكنىگە، گۆرۈچنى خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە چېچىپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى ھەجەر قىز مال باققىلى چىقىپ كېتىپ پارسا، ئۆگەي ئانا:

— ھەي جىگدە پۇرىقى تەگكەن سارائ، توختا ! ماللارنى پادىغا قوشۇپ بېرىپ، ئىلدام كىر. ئەمدى سەن ئۆيدە ئولتۇ-رۇپ ئەتلەس توقۇيسەن. تويدا جىق خوتۇنلارغا ئەتلەس سېتىپ بېرىدىغان بولۇپ، نەرخىنى توختىتىشىپ كەلدىم. ھۇنەرگە سالغانمۇ مەن ! پادا بېقىشتىن قۇتقۇزۇپ ئۆيدە ئولتۇرغۇز-غانمۇ مەن ! باشقا يەردە سەندەك شۇم قۇش ئىپرىماسلارغا مۇنداق دۆلەت نەدە تۇرۇپتۇ؟ ! بىلسەڭ، مۇشۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىپ، رەختلەرنى ئوبدان توقۇساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىز قاراڭغۇ ئۆيگە سولىنىپ، بۇرۇنقىدىن-مۇ ئېغىر ئىشقا قاپتۇ...

ئەمدى گەپنى ھېلىقى چۇشۇپ قالغان بىر پاي ئالتۇن كەشتىن ئاڭلايلى:

شۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بولۇپ، ئۇنىڭ شاھزادە ئادىل دېگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ شاھزادە بالىغ بولغاندىن كېيىن ئەلچىلەر نى - نى كاتتا باي، ۋەزىر، پادىشاھلارنىڭ قىزلىرى-دىن لايىق كۆرسەتسە: «ئۆزۈم تېپىپ ئالىمەن، كۆڭلۈم چۈش-كەننى ئالىمەن» دەپ ئۇنىماپتىكەن. ئۇ شاھزادىگە خىزىر يو-لۇققانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دادىسىغا قارىغاندا، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىدىكەن، يۇرتلارغا، تاغنىڭ ئارىلىرىغا يول،



دەريا ـ ئۆستەڭلەرگە كۆۋرۈك سالدۇرىدىكەن...

بىر كۈنى شاھزادە ئادىل شۇ يۇرتتىكى بىر چۆلگە سۇ چىقارغۇزماق بولۇپ، ۋەزىر ـ يارەنلار بىلەن ئاتلىق چۆلگە چىقىپتۇ. ماڭا ـ ماڭا كۈن قايرىلغان ۋاقىتلاردا تۇغان ئايرىيدىغان سۇنىڭ بويىغا بىرىپتۇ. شاھزادە چىمەنلىك بىلەن شۇنداق سۇنىڭ بويىغا قاراپ كېتىپ بارسا، بىرنەرسە ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. سۇدىن چىقىپ قالغان بېلىق ئوخشايدۇ، دەپ ئاستا يېقىن بارسا، بىر كەش. كەش بولغاندا بۇ ئىقلىمدا ھېچقانداق ئۇستىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان شۇنداق چىرايلىق بىر كەش. شاھزادە كەشنى مەيدىسىگە بېسىپ قېتىپ قاپتۇ، تاتلىق چۈشلەرگە ئوخشاش ھۇزۇرلۇق خىياللارغا پېتىپ قاپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ:

— ئاتامغا ئات چېپىڭلار. مۇشۇ كەشنى كىيگەن قىزغا كۆڭلۈم چۈشتى. خەۋەر قىلىڭلار. مەيلى ئۇ ئادەمزات بولسۇن، مەيلى پەرىزات بولسۇن، ئۇنى ئالماي مۇرادىمغا يەتمىگەيمەن... — دەپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزنىڭ ھويلىسىدىن ئاڭلايلى:

كۈنلەرنىڭ بىرىدە: «پادىشاھنىڭ ئوغلى بىر پاي ئالتۇن كەشنى كىيدۇرۇپ بېقىپ، كىمنىڭ قىزىنىڭ پۇتىغا خوپ كەلسە، شۇ قىز بىلەن توي قىلغۇدەك» دىگەن گەپ ـ سۆز

ئۆگەي ئانىنىڭمۇ قولىقىغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ يەردىن ئۆگەي ئانا پاتىمەكنىڭ بېشىدىكى ئېشەكمەدىكىنى يەنە بىر قۇر كېسىپ تۈزلەپ، بېشىغا چاچلارنى چاپلاپ، ئۈستىگە يىپەك رومال، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەت تۇماقنى، ئۇچىسىغا كىمخاب تاۋار، پۇتلىرىغا گۈلچاك مەسىلەرنى كىيدۈرۈپ، ئۆزىچە گۈلدەك ياساندۇرۇپ تەييارلىنىپتۇ. ھەجەر قىزنى بولسا، ئالتۇن كوكۇلىلىرىنى تېخىمۇ بېشىغا يۇكلەپ قاتلاپ، ئۈستىگە خېمىرلارنى چاپلاپ، كېپەكلەرنى سۇۋاپ، ئەسكى لاتىلار بىلەن تېخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ ئوراپ: «كۆزۈمگە كۆرۈنمەي ئىشىكنى قىل!» دەپتۇ.

ئاخىرچە پادىشاھنىڭ يۇرت ئارىلاۋاتقان ياساۋۇللىرى، كەش كۆتۈرگەن كېنىزەكلىرى يېتىپ كەپتۇ. ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنى سۆرەپ ئاپىرىپ ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەسكى تونۇرغا چۈشۈرۈپ، ئۈستىنى كونا توقۇم بىلەن يېپىپ قويۇپ، بېرىپ يەتمىش تەزىم بىلەن دەرۋازىسىنى ئېچىپتۇ. كەلگەنلەر ھويلىغا كىرىپ: «قېنى، قىزلىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ» دەپتۇ. ئۆگەي ئانا مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپ، پاتىمەكنى ئايناقلىتىپ تۇرۇپ كەشنى پۇتىغا كىيدۈرۈپتۇ، پاتماپتۇ. ئۇنداق كىيدۈرۈپتۇ، مۇنداق كىيدۈرۈپتۇ، پاتماپتۇ. پۇتلىرىنى كېسىپ شىلىپ بېقىپتۇ، يەنە پاتماپتۇ.

كېنىزەكلەر:

— ئوھوش! نېمانچىلا قىلىلا سەت قىزلىرىغا... كېتەيلى! — دەپ مېڭىپتۇ. كېنىزەكلەر ھويلىغا چىقىشىغا ھېلىقى ئاق خوراز يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ پەشلىرىنى چوقۇپ - چوقۇپ:

— قى - قى - قىق! قىز تونۇردا... قى - قى - قىق! قىز تونۇردا... — دەپتۇ. كۈچۈكمۇ يۈگۈرۈپ تونۇر بېشىغا

چىقىپ، توقۇمنى چىشلەپ تارتىپ تونۇرنى ئېچىپ:

— هوپ - هوپ - هوپ ! مېهمانلار كەلدى... جېنىم ئاچا، قوپ ! — دەپتۇ.

كېنىزەكلەر، بۇ نېمە ئىشتۇ، بېرىپ باقايلى دەپ، تونۇر بېشىغا يۇگۇرۇپتۇ.

ئۆگەي ئانا:

— ۋاي، ئۇ مېنىڭ ئۆگەي قىزىم... ئۇ تۇزلۇق باشنىڭ تېزى يۇقىدۇ، بېرىشمىسىلا ! ۋاي، ئۇ تومپاي توغرىلىقىقا ئالتۇن كەش نەدە خوپ كەلسۇن... — دەپ قاقشاپتۇ.

كېنىزەكلەر تونۇر بېشىغا شۇنداق چىقىشىغا، تونۇرنىڭ ئىچىدىن بىر قىز چىقىپتۇ. قارىسا، ئەسكى لاتىلارنىڭ ئىچىدە بىر ئاي تۇرغۇدەك، باشلىرىدا ئالتۇن كوكۇلا... ئۆزى كۆلۈپ تۇرغۇدەك. كېنىزەكلەر كەشنى پۇتىغا شۇنداق كىيدۈرۈپتىكەن، خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك يارىشىپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللارنىڭ بىرى «سۆيۈنچە» دەپ شاهزادىگە يۇگۇرۇپتۇ.



كېنىزەكلەر:

— سىڭلىم، سىزدە بۇ كەشنىڭ يەنە بىر پېيى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، قىز نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەرگە قاراپتۇ. ئاڭغىچە پاتمەك كېلىپ:

— بۇ گادايدا ئالتۇن كەشنىڭ يەنە بىر پېيى نېمە قىلسۇن ! — دەپ تۇرۇشىغا، دەرەخلەرنىڭ يو-

پۇرماقلىرى شىلدىرلاپ شامال كەلگەندەك بوپتۇ. ھەممەيلەن ئۇيان ـ بۇيان قارىشىغا، ئالتۇن كەشنىڭ يەنە بىر پېيى ئۇچۇپ كېلىپ قىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

كېنىزەكلەر پاتىمەككە قاراپ:

ــ پاتىمخان پېتىپ تۇرۇڭ، باش قاشلاپ يېتىپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ خىلىڭىز باشقا، سەتلەشمەي كېتىپ تۇرۇڭ! ھوپ... بەللى، ھوپ! خوپ ... بولدى، خوپ! ئىششە! ئىششە! ــ دەپ، بارماقلىرى بىلەن مەڭزلىرىنى بېسىپ زاڭلىق ئېتىپ كۇلۇشۇپتۇ. ئاڭغىچە ياساۋۇللار مەپىنى ھويلىغا ئەكىرىپتۇ. قىزنى ئۇلاش ـ چولاش ئالتۇن گۇللۇك مەپىگە سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ، كۇچۇك مەپىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ. خوراز مەپىنىڭ ئارقىسىغا، كەپتەرلەر بولسا مەپىنىڭ ئۇستىگە قونۇپ قىز بىلەن بىللە كېتىپتۇ.

ئۆگەي ئانا بېشىنى مۇشتلاپ، قىزى بېشىنى قاشلاپ، ھۆڭگىرەك ئەتكەن بويى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغلىشىپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوردىدىن ئاڭلايلى:

ھەجەر قىز ئوردىغا بارغاندىن كېيىن شاھزادە نەچچە كېچە ـ كۇندۇز توي قىلىپ ئۇنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. ئۆگەي ئانىنى تويغا قىچقارماپتۇ. بۇنى ئۇقۇپ، ئۆگەي ئانا تېخىمۇ ئەلەمدە قېلىپ پۇچىلىنىپتۇ، خەپ توختا! دەپ قىزى بىلەن گەپنى بىر قىلىپ، نىيىتىنى تېخىمۇ بۇزۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەجەر قىز جۇمەلەپمۇ كەلمەپتۇ.

تېخى بىر جۇمە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنىڭ ئۆيىگە يوقلىغان بولۇپ بېرىپتۇ.

ــ نېمىشقا جۇمەلەپ بارمايسىز؟ بىزنىغۇ دېمەڭ، ئۆز ئانىڭىزنىڭ قەدەم جايىنىمۇ سېغىنمىدىڭىزمۇ؟ ــ دەپتۇ. يېتىم قىزنىڭ ئانىسى تېخىمۇ ئېسىگە چۈشۈپ، تۇغۇلۇپ

ئۆسكەن ئۆيى كۆزىدىن ئۆچۈپتۇ. ھەجەر قىز شاھزادىدىن رۇخسەت سوراپتىكەن، ئىجازەت بېرىپ، قىزنى ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۆگەي ئانا ھەجەر قىزنى: «ۋاي كېلىنىڭ، مەلىكەم» دەپ لولىلىق بىلەن مېھمان قىپتۇ. كەچتە: «ھەرقانداق بولسامۇ مەنمۇ ئانىڭىز، چېچىڭىزنى يۇيۇپ ــ تاراپ قوياي» دەپ قىزنىڭ بېشىنى تەڭنىگە تۇتۇپتۇ. پاتمەك ئارقىسىدىن كۆرسەتمەي كېلىپ بىر چېلەك ۋاراقلاپ تۇرغان قايناق سۇنى ھەجەر قىزنىڭ بېشىغا قۇيۇۋېتىپتۇ... ئالتۇن كوكۇلىسىنى پاتمەكنىڭ بېشىغا ئەشمە قىلىپ سىلىپتۇ، ئۇستىگە ھەجەر قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ، چاتماس قىلىپ ياساپ، شاھزادىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

شاھزادە سەزمەي پاتمەك بىلەن ئۆي بولۇشۇپ كېتىۋېرىپتۇ. پاتمەك كېچىلىرى بېشىنى ئاستا كارتىلدىتىپ تاتىلىغان ۋاقىتلاردا، شاھزادە سورىسا: «سېزىك بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، قوماچ يەۋاتىمەن» دەپ قويۇپتۇ. كۈندۈزلىرىمۇ مىڭ بىر پەرداز، مۇغەمبەرلىك بىلەن سەزدۈرمەپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەجەر قىزنىڭ ئۆلۈمىدىن ئاڭلايلى:

ھەجەر قىز ھېلىقى بېشىغا قايناق سۇ قۇيۇلغان ۋاقىتتا بىر چىرقىراپلا يەرگە يىقىلىپتۇ. ئىچىدە يىغلىغاندەك بولۇپ قىينىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. ئۆگەي ئانا كېچىدە پاتمەك بىلەن بىللە ھەجەر قىزنى پۇت ــ قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ، ئارقىدىكى باغقا ئاچىقىپ كۆمۈۋېتىپتۇ. قىز سۆرىلىپ كېتىپ بارغاندا، كۆزىدىن تېمىپ قالغان بىر تامچە قان بىر تورغاي بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تورغاي ھەر كۈنى چۈشلەردە شاھزادىنىڭ بېغىدا ئىشلەيدىغان باغۋەننىڭ مۈرىسىگە قونۇپ سايرايدىغان بوپتۇ. سايرىغاندا:

— شاھزادە خوتۇنى بىلەن ئەپمۇ؟ — دەيدىكەن. باغۋەن:
— ئەپ، — دىسە، تورغاي بىردەم:
— چىر - چىر، يىشىلمەپتۇ سىر، ھۇ، ھۇ - ھۇ ! چۇكۇچۇ - چىر، — دەپ سايراپ، يىغلاپ كىتىپ قالىدىكەن. باغۋەن:
— ئەپ ئەمەس، — دىسە، تورغاي يەنە بىردەم:
— چىر - چىر، يىشىلدىكەن سىر، ھا، ھا، ھا ! چۇكۇچۇ - چىر - چىر، — دەپ سايراپ، كۇلۇپ - كۇلۇپ كىتىپ قالىدىكەن. باغۋەن كۆندە ھەيران بولۇپ، بۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا سۆزلەپ بىرىپتۇ. بىر كۇنلىرى بۇ سۆز شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يىتىپتۇ. شاھزادە باغۋەننى قىچقارتىپ:
— شۇ تورغاينى نەدىن بولسا تۇتقايسەن، ئالتۇن قەپەسكە سىلىپ چىق، سىرىنى ئۆزۈم ئۇققايمەن ! — دەپتۇ. باغۋەن ئىلاجسىز:
— خوپ ! — دەپ كىتىپ، تورغاينى تۇتۇپ ئەكىلىپ بىرىپتۇ. تورغاي قەپەستە تۇرۇپ يىغلىغاندەك ئاۋاز بىلەن كۆندە سايراپتۇ. سايرىغاندا:
— چىر - چىر، چۇكۇچۇ - چىر، بۇ ئۆيدە بار يوشۇرۇن سىر... — دەپ سايراپتۇ. دۇنيانىڭ مىڭ تۇرلۇك قىزىقى مىنىڭ قولۇمدا، دەپ پەرۋاسىز يۇرگەن شاھزادە بۇنىمۇ سەزمەپتۇ. لىكىن، ئانىسىنىڭ شۇملۇقىدىن تەلىم ئىلىپ تۇرغان پاتىمەك تورغاينىڭ سىرىنى ئۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ئاغرىپ يىتىۋاپتۇ. داخانلارغا گەپ ئۆگىتىپ، پۇل سۇڭگۇتۇپ، ھىيلە تىپىپتۇ. «داخاننىڭ ئىيتقىنى توغرا، مەن ئاشۇ تورغاينىڭ يۇرىكىنى پىشۇرۇپ يىسەم ساقىيىمەن» دەپتۇ. ئاخىر دىگىنىنى قىلىپ، تورغاينى ئۆلتۇرگۇزۇپتۇ. بۇ تورغاينىڭ ھىلىقى يىتىم قىز ئىكەنلىكىنى سەزگەن

باغۋەننىڭ خوتۇنى: «ئىسست جانىۋىرىم ! يۈرىكىم، جىگەرىم !...» دەپ يىغلاپتۇ، ھېچكىمگە سەزدۇرمەي، تورغاينىڭ پەي، گۆش - سۆڭەكلىرىنى باغنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ئىشىكنىڭ يېنىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ. تورغاينىڭ قېنىدىن قىزىل گۈل، پېيىدىن ئەنبەرگۈل ئۈنۈپتۇ، ئىككىسىدىن ئاجايىپ چىرايلىق ئىككى غۇنچە كامالچە بولۇپ ئۆسۈپ، بىر - بىرىنى پۈركىشىپ تۇرۇپتۇ...

شاھزادە باغقا كىرىدىغان ۋاقىتتا بۇ گۈللەرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئاڭغىچە ھېلىقى باغۋەننىڭ خوتۇنى ئىككى غۇنچىنى ئاستا ئۈزۈپ شاھزادىگە تۇتۇپتۇ. شاھزادە گۈلنى پۇراي دېگىلى تۇرغاندا، پاتمەك ئارقىسىدىن ماراپ كېلىپ، گۈلنى ئۈزۈۋېتىپتۇ. گۈلنىڭ بوينى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. پاتمەك: «ئويناشتىم...» دەپ تولغىنىپ گەپنى تۈگىتىپتۇ...



كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئاڭغىچىلىك تورغاينىڭ سۆڭىكى بىر تۈپ چىنار بولۇپ ئۈنۈپتۇ، ناھايىتى چىرايلىق يوغان دەرەخكە ئايلىنىپتۇ. ئەمدى شاھزادىنىڭ بۇ چىنارغا كۆزى چۈشۈپ، ئەتە - ئاخشىمى شۇ چىنارغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بوپتۇ.

ئاڭغىچىلىك پاتمەك بىر بالا تۇغۇپتۇ. شاھزادىنىڭ چىنارغا قارىشىدىن قىزغىنىپ، نىيىتىنى يەنە بۇزۇپتۇ:

— ئاشۇ چىنارنى كېسىپ يىقىتىپ، ياغىچىدىن بالامغا بۆشۈك ياسىتىپ بەرمىسىلە، بۇ ئۆيدە مېنىڭ تۇرارىم يوق، — دەپ كۇندىلا شاھزادىنى قىستاپتۇ.

شاھزادە ئاخىر ئۇستا بىر ياغاچچىنى قىچقارتىپ، چىنارنى كېسىپ، بۆشۈك ياساپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن پاتمەك ئۆزىگە غىزا قىلىپ بېرىدىغان مالاي خوتۇننى قىچقىرىپ:

— سەن ياغاچچىغا قاراپ تۇرغىن، چىنارنىڭ شاخ - پۇتاقلىرىنى، بۆشۈكتىن ئاشقان چىپپىندى - خەشەكلىرىنى قويماي ئۇتتۇرلۇقچە كۆيدۈرۈۋەتكىن. ئەگەر چىنارنىڭ بىر تال ئۇۋىقى كۆيدۈرۈلمەي قالسا، ئۆزۈڭنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرگۈزىمەن. ئۇقتۇڭمۇ، گاداي ! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئۆزىمۇ چىناردىن نېرى كەتمەي، بالا كۆتۈرگەن بولۇپ ئۇستام بىلەن مالاي خوتۇننىڭ كۆزىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇستام چۈش بولغاندا قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، دەپتۇ. مالاي خوتۇن شۇ ۋاقىتتا قارىسا، ئۇستامنىڭ ساقىلىغا بىر كىچىككىنە خەشەك چاپلىشىپ قالغانىكەن. مالاي خوتۇن دەررۇ:

— ئۇستام، كات بەك يوغانتى، ناننى كاتتىن ئۆزلىرى ئالسىلا... — دەپتۇ. ئۇستام:

— ماقۇل، ئەمىسە سىلى بىر ھېجىر سۇ بەرسىلە ناننى چىلاپ يېگىلى، — دەپ ئۆيگە كىرىپ كاتتىن ناننى ئۆزى ئاچىقىپتۇ. ئۇستام كاتتىن ئېڭىشىپ ناننى ئالغۇچە، ساقىلىدىكى ھېلىقى خەشەك كاتقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

پاتمەك بۆشۈكنى ياستىپ، چىنارنىمۇ جىمىقتۇرۇپتۇ. ئەمما، بۆشۈكنى تەۋرەتكەندە، بۆشۈكتىن دائىم: «غىچچاڭ -

غىچ، دۈشمەن تاز، غىچچاڭ ـ غىچ، شۈمپەن تاز» دېگەن ئاۋاز كېلىدىغان بوپتۇ. شاھزادە بۆشۈكنىڭ بۇ ئاۋازىنى نەچچە قېتىم ئاڭلاپ قاپتۇ، يەنە ھېچنېمىنى سەزمەي يۈرۈۋېرىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پاتىمەك يەنە ئۆيغا چۆكۈپ قاپتۇ...

ئەمدى گەپنى ئۇستامنىڭ ساقلىغا يېپىشىپ قالغان خەشەكتىن ئاڭلايلى:

مالاي خوتۇن كېلىپ قارىسا، كاتقا چۈشۈپ قالغان ھېلىقى خەشەك بىر كۈندىن كېيىن ئاجايىپ چىرايلىق بىر توقاچقا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. مالاي خوتۇن توقاچنى قولىغا ئېلىپ يۈزلىرىگە سۈرتۈپ، سۆيۈپ، يەنە كاتقا سېلىپ قويۇپتۇ، ئەتىسىگە قارىسا، توقاچ چىرايلىق بىر قىزغا ئايلىنىپ، بېلىگىچە جان كىرىپ قاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى قارىسا، ھېلىقى ھەجەر قىز تىرىلىپ قاپتۇ. مالاي خوتۇن ئۇنى: «يېتىم سىڭلىم، جېنىم سىڭلىم !...» دەپ قۇچاقلاپ سۆيۈپ، كاتتىن چىقىرىۋاپتۇ. مالاي خوتۇن ئەمدى ئاغزىمىزنى ئاچمىساق، قاچان ئاچىمىز دەپ، ۋەقەنى شاھزادىگە بايان قىپتۇ. ئاخىردا مالاي خوتۇن شاھزادىگە: «يالغان بولسا، ئۆزلىرى ئاستا ئۆيۈمگە كىرىپ كۆرۈپ باقسىلا» دەپتۇ.

شاھزادە مالاي خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ شۇنداق قارىسا، باشتىكى ئۆزىنىڭ ئاي يۈزلۈك، ئالتۇن كوكۇلىلىق پەرى خوتۇنى . شاھزادە:

— توۋا قىلدىم، ئاھ ! — دەپ ھەجەر قىزغا قاراپ سەنتۈرۈلۈپتۇ. قىز:

— يېقىن كەلمەڭ ! غايىب بولىمەن... توۋىڭىز راست بولسا، سۆزۈمنى تىڭشاڭ، نېرى تۇرۇڭ ! — دەپتۇ. شاھزادە مۆردىدەك قېتىپ، سۆزنى تىڭشاپتۇ.

— ئەگەر مەن بىلەن يارىشىمەن دېسىڭىز، ئوردىنىڭ



بىر تەرىپىگە خالايىقنى، بىر
تەرىپىگە پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى
يىغىپ بېرىسىز، مەن شۇ كات-
تا سورۇندا بېشىمدىن ئۆتكەن
سەرگۈزەشتىلىرىمنى خالايىققا
سۆزلەپ ئۆتىمەن. شۇ يەردە
توۋا قىلسىڭىز، ئاندىن ئەمرى-
ڭىزگە ئۆتىمەن، — دەپتۇ.
شاھزادە قەسەمياد ئەيلەپ ما-
قۇل بوپتۇ.

ئەتىسى قىزنىڭ دېگىنىدىن ئارتۇق سورۇن تۈزۈپ بې-
رىپتۇ. ھەجەر قىز چۈۋۈلغان چاچلىرىنى يۈزىگە چۈمبەل
قىلىپ، قولىدىكى يوغان بىر سەنگە ساپالنى يەرگە قويۇپ،
خالايىققا تەزىم قىلىپ، سەرگۈزەشتىنى يىغلاپ تۇرۇپ شۇنداق
بايان قىپتۇكى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش يوغان ساپال
قاچىغا توشۇپ، بىردەمدىلا تېشىپ كېتىپتۇ. تاشقان ياشلار
دەرياغا ئايلىنىپ، پۈتۈن ئوردا ئەھلى دەرياغا غەرق بوپتۇ.
ئۆگەي ئانا، پاتىمەكلەرمۇ ئېقىپ كېتىپتۇ. ھەجەر قىز بۆ-
شۈكنى قولىدا تۇتۇپ قاپتۇ، شاھزادە دەريادىن ئاران بېشىنى
چىقىرىپ قىزنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋاپتۇ، خالايىققا قاراپ يىغلاپ
توۋا قىپتۇ...

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

دېگەن ناخشا، مانا شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# يېرىل تېشىم يېرىل

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ، توق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر ئېگىچە - سىڭىل ئۆتكەنىكەن. ھەدىسىنىڭ ئېتى ئاينۇر، سىڭلىسىنىڭ ئېتى ئايگۈل ئىكەن. ئۇلار كىچىكىدىلا ئانىسىدىن يېتىم قالغانىكەن. ئاينۇر بىلەن ئايگۈل كۈندۈزى بىللە ئويناپ، كېچىسى بىللە ياتىدىكەن. كۈنلەر ئاشۇنداق ئۆتسىمۇ، بۇ ئىككى قىز ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنى سېغىنىپ يىغلايدىكەن. ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىدىنمۇ ياكى ئانىسىنى تولا سېغىنىپ كەتكەنلىكىدىنمۇ، ئايگۈل بىر كۈنى دادىسىغا:

— دادا، ئۆيدە ئانام بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! — دەپ يىغلاپتۇ. كىچىك قىزنىڭ يۇمران تىلى ئاتىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، كۆزىدىن ياش تۆكۈپتۇ. ئۇ نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ، ئاخىر ئۆز ئانىسىدەك بولمىسا، كىمدىكى ئانىسىدەك بولار، قىزلىرىمغا كۆز قىرىنى سالار، دېگەن ئويغا كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپتۇ. خوتۇن سەت ھەم قاڭرۇق بىر ئوغلىنى باشلاپ بۇ ئۆيگە كەپتۇ. بۇلار ئۆينىڭ خوجىسى، ئاينۇر بىلەن ئايگۈل ئۆينىڭ قۇلى بوپتۇ. ئۇ خوتۇن ئوغلى كوزا چاقسىمۇ گەپ قىلماي، ئاينۇر بىلەن ئايگۈل جىم ئولتۇرسىمۇ زەردىنى تىقىپ، زەھىرىنى چېچىپ

يۇرىدىغان بوپتۇ. بىچارە قىزلار بارا - بارا جىمغۇر بولۇپ كېتىپتۇ. قاغرۇق ئوغۇل ئۆيدىن قاچا بىكارلاپ تالاغا چىد-قىپ، تالادىن كوچا بىكارلاپ ئۆيگە كىرىپ يۈرىدىكەن. ئاينۇر بولسا، ئۆينى چىنىدەك تۇتۇپ، سۇ ئەكىرىپ، ئوتۇن يېرىپ، ئاش ئېتىپ، قاچا - قومۇچ يۇيۇپ بىردەممۇ بىكار تۇرماي ئىشلەيدىكەن، ئەمما ئۆگەي ئانا زادىلا رازى بولماي، ئاينۇرنى ئەتىدىن - كەچ كىرگۈچە قارغايدىكەن. ئاينۇر تاياق يېسىمۇ، تىل - ئاھانەت ئىشىتسىمۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، دادىسىغا ئېيتمايدىكەن.

«ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەپتۇ» دېگەندەك، كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ئاينۇر تولۇن ئايدەك چىرايلىق قىز بو-لۇپ يېتىلىپتۇ. ئۆگەي ئانىنىڭ قاغرۇقى چوڭ بولغانسېرى سەتلىشىپ كېتىپتۇ.

ئۆگەي ئانا چېچەن قىزنىڭ ئۆز قولىدىن چىقىپ كېتىد-شىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ھېچ كىشىگە تويدۇرماي، ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن قاغرۇق ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۆگەي ئانا ئاينۇرنىڭ دادىسىنى قىستاپ، ئۆز ئوغلىنى ماختاپ، توي قىد-لىپ ئىككىسىنى قوشۇپ قويۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. كۆپ ئۆتمەيلا توي تەييارلىقىمۇ ھازىرلىنىپ بوپتۇ. بارا - بارا ئۆي ئىچىدە كېلىم - كېتىم، گەپ - سۆز كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن بىرنېمىنى سەزگەن ئاينۇر بىر كۈنى سىڭلىسى ئايگۈلنى يېنىغا تارتىپ:

— ئۆيدە نېمە گەپ - سۆز بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— جېنىم ھەدە، دادام بىلەن ئانام سېنى تالالىق قىلىد-دۇ، — دەپتۇ سىڭلىسى.

— راستمۇ؟ كىمگە بەرمەكچى؟

— ئاكامغا، بۇنى مەن ئۇقۇپ قالدىم، — دەپتۇ ئايگۈل.

شۇ ھامان ئاينۇرنىڭ پۈتۈن ئەزاسى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ، قاپقارا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ. ئۇ ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ ئويلاپ، ئاسان قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماي، ئاخىر قېچىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ.

ئاينۇر توي بولۇۋاتقان كېچىسى سىڭلىسى ئايگۈلنى قۇچىقىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— مەن كېتىمەن، — دەپتۇ - دە، پەنجىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قېچىپتۇ. ئاينۇرنى كىيىندۈرۈپ يۆتكەپ كېتىشنى كۈتۈپ تۇرغان يەڭگىلەر ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاڭرۇق «ئاكىسى»، توي ئىگىلىرى يوگۇرۇشۇپتۇ. ئاينۇر بولسا، بۇ سەھرادىن ئۇ سەھراغا، بۇ ئېتىزدىن ئۇ ئېتىزغا، ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا قاراپ قېچىپتۇ. ئۇ ئېگىز ھاڭلاردىن، چوڭقۇر غارلاردىن قورقماي ئۆتۈپ، ئۆزىگە ئەپلىك جاي ئىزدەپتۇ، ئەمما ھەممىلا جاي ئۇنىڭغا تۇيۇقتەك، ئەپسىزدەك، قوغلاۋاتقانلار تۇتۇۋېلىپ يەنە ئاشۇ ئۆيگە ئەكېتىدىغاندەك بىلىنىپ كېتىپتۇ. ئاينۇر ئەتراپقا كۆز تاشلاپتۇ، تاغ - تاشلارغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپتۇ. بارا - بارا ئادەملەرنىڭ تاۋۇشى، ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. تاغۇ - تاش ئىچىدە يالغۇز كېتىۋاتقان ئاينۇر بىر چوڭ تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ توسۇلۇپ قاپتۇ - دە، تاشقا قاراپ:

يېلىنىدىم، ھەي يوغان تاش،
رەھىم ئەيلە، ھالىمغا باق!

دەپتۇ ۋە يەنە:

يېرىل تېشىم، يېرىل تېشىم،
قۇتۇلۇپ قالغاي ئەزىز بېشىم!

دەپ يالۋۇرۇپتۇ.



شۇ چاغدا تاغنىڭ ئىچىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، ھاۋا گۇلدۇرلەپتۇ، ئاينۇر قورقۇپ كېتىپتۇ. يەنە قاراسلىغان ئاۋاز چىقىپ، چوڭ تاش يېرىلىپتۇ. قىزنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ. ئۇ غۇلاچلىرىنى كېرىپ، تاشنىڭ ئىچىگە كىرىپ:

ھەي يوغان تاش، ھەي يوغان تاش،
خۇشاللىقتىن كۆزۈمدە ياش !
يېپىل تېشىم، يېپىل تېشىم،
قۇتۇلۇپ قالدى ئەزىز بېشىم.

دەپتۇ. تاش يەنە قاراسلاپ يېپىلىپتۇ. بىراق، قىز ئۇششاق ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چېچىنى تارتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، چېچىنىڭ ئۇچى تاش ئارىسىغا قىسىلىپ قاپتۇ. ئاينۇرنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ دادىسى يېتىپ كەپتۇ. ئۇ تۆت ئەتراپقا كۆز تاشلاپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلاپتۇ، ئاينۇر كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ تاشنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ، ئاينۇر يەنە كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ تاشنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ قارىغانىكەن، بىر تۇتام چېچىنىڭ قىسىلىپ قالغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۇ تاشنىڭ ئىچىگە كىرىشنىڭ چارىسىنى تاپالماي، بار ئاۋازى بىلەن:

يېرىل تېشىم، يېرىل تېشىم،
مەن قىزىمنى كۆرۈۋالاي،
دىدارىغا تويۇۋالاي.

دەپ يالۋۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا تاش ئېچىدىن:

يېرىلما تېشىم، يېرىلما،
مەن دادامنى كۆرمەيمەن،
دىدارىغا باقمايمەن.
ئاۋال ئىدى ئۆز دادام،
ئەمدى بولدى قېيناتام.

دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. دادىسى يىغلاپ ــ يىغلاپ، قورسىقى ئاچ ـ قاندا قايتىپ كېتىپتۇ. ئاندىن ئۆگەي ئانا كەپتۇ. ئۇمۇ:

يېرىل تېشىم، يېرىل تېشىم،
مەن قىزىمنى كۆرۈۋالاي،
دىدارىغا تويۇۋالاي.

دەپ يالۋۇرۇپتۇ. تاش ئېچىدىن:

يېرىلما تېشىم، يېرىلما،
مەن ئانامنى كۆرمەيمەن،
دىدارىغا باقمايمەن.
ئاۋۋال ئىدى ئۆگەي ئانام،
ئەمدى بولدى قېينانام.

دېگەن ئاۋاز كەپتۇ ــ دە، تاش ئېچىلماپتۇ. كەينىدىن ھېلىقى سەت ئاكىسى كەپتۇ. ئۇ خىرقىراپ تۇرۇپ:

يېرىل تېشىم، يېرىل تېشىم،
مەن سىڭلىمنى كۆرۈۋالاي،
دىدارىغا تويۇۋالاي.

دەپتۇ. تاش ئىچىدىن يەنە:

يىرىلما تېشىم، يىرىلما،
مەن ئاكامنى كۆرمەيمەن،
دىدارىغا باقمايمەن.

دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. ئۇمۇ قايتىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا ئايگۇل كەپتۇ، ئۇ تاشقا باغرىنى يېقىپ تۇرۇپ:

يىرىل تېشىم، يىرىل تېشىم،
مەن ھەدەمنى كۆرۈۋالاي،
دىدارىغا قېنىۋالاي.

دەپتۇ. تاش ئىچىدىن بىر مۇڭلۇق سادا چىقىپتۇ:

يىرىل تېشىم، يىرىل تېشىم،
مەن سىڭلىمنى كۆرۈۋالاي،
دىدارىغا تويۇۋالاي،
مۇرادىمغا يېتىۋالاي.

تاش چاراسلاپ يىرىلىپتۇ. ئايگۇل: «جېنىم ھەدە !» دېگەن پېتى ھەدىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇلار يىغلاپتۇ - قاقشاپتۇ، بىر - بىرىنى باغرىغا بېسىپتۇ. تاڭ ئېتىپ، كۈن چىققاندا، ئېگىچە - سىڭىل ئىككىسى تاغدىن ئېشىپ يايلاققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. كۈن قاتتىق ئىسسىپ كەتكەچكە، ئايگۇل يول ئۈستىدە بەك ئۇسساپ كېتىپ:

— ھەدە، ئۇسساپ كەتتىم، سۇ، — دەپتۇ.

— سەۋر قىل، سىڭلىم، — دەپ ئاينۇر ئايگۇلنى كۆندۈرۈپتۇ. ئۇلار مېڭىپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە سۇ كۆرۈنۈپتۇ.



ئۇلار كۆرۈنگەن سۇ بويىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىر كۆلچەك ئىكەن، ئايگۈل سۇ ئىچكىلى ئېڭىشىپتۇ.

— ئىچمە، — دەپتۇ ئاينۇر، — بۇ كۆلچەك بۆرە سۈرەتلىك ئىكەن.

— ئۇسساپ كەتتىم، چىدىيالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ ئايگۈل.

— ئىچسەڭ بۆرە بولۇپ قالىسەن، — دەپتۇ ئاينۇر. ئۇلار يەنە مېڭىپتۇ، ئالدىغا يەنە بىر كۆلچەك ئۇچراپتۇ. ئايگۈل يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇنى چاڭگىلىغا تولدۇرۇپ ئېلىپ ئىچمەك بوپتۇ.

— ئىچمە، ئېيىق بولۇپ قالىسەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئاينۇر. ئايگۈل:

— مېنى ئالداۋاتىسەن، — دەپ، ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ.

— ئاپئاق سىڭلىم، راست، — دەپتۇ ئاينۇر. ئۇلار يەنە مېڭىپتۇ، بىر يەرلەرگە كېلىپ بىر توپ سېدىنىڭ تۈۋىدە ھاردۇق ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. ھاردۇق يېتىپ كەتكەن ئايگۈل

ئاينۇرنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپتۇ - دە، پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كېتىپتۇ. سېدىگە قونۇپ سايرىشىۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئاينۇرمۇ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە بىر ئاق كەپتەر باللىرىنى ئۇچۇرۇپ، پەرۋاز قىلىپ يۈرۈپتىكەن، نەدىندۇر بىر قورغۇي پەيدا بولۇپ كەپتەر بالىلىرىغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئانا كەپتەر بالىلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قورغۇيغا قارشى ئۇچۇپ، ئۇنى بىر چېپىپتۇ، ئەمما كۈچى يەتمەپتۇ. قورغۇي ئانا كەپتەرنى بىر چېپىپ مېيىپ قىلىپ قويۇپتۇ، كەپتەر موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. ئاينۇر ئۇنى يەردىن ئالغىنىدا، ئانا كەپتەر ئارانلا نەپەس ئاپتۇ. ئاسماندا بولسا، قورغۇي باچكىلارغا چاڭگال سېلىشقا باشلاپتۇ. ئاينۇر قورغۇيغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراۋېتىپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، قارىسا ئايگۈل يوق. شۇ ھامان ئەتراپتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلىنىشقا، ۋىژىلداپ كېلىۋاتقان ئوقلار سېدىگە كېلىپ تېگىشكە باشلاپتۇ، ئاينۇر ئالاقزادە بولۇپ، سىڭلىسىنى ئىزدەپ ۋارقىراپتۇ:

— ئايگۈل! ئايگۈل!

— مە، مە، مەن، — دېگەن بىر ئاۋاز كەپتۇ - دە، ئاينۇرنىڭ ئالدىدا بىر چىرايلىق كېيىك بالىسى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئاينۇر:

— سىڭلىم، — دەپ ھېلىقى كېيىك بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ. ئەسلىدە، ئاينۇر ئۇخلاپ قالغاندا، ئايگۈل ئۇسساپ ئويغىنىپ كېتىپ، «كېيىك كۆلى» بويىغا بېرىپتۇ ۋە شۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كېيىك بولۇپ قاپتۇ.

— يۈر، قاچايلى، — دەپتۇ ئوق ئاۋازىنىڭ ئەدەپ كەتكەنلىكىدىن چۆچۈگەن ئاينۇر. سىڭلىسى ئاينۇرغا ئەگىشىپ قېچىپ كۆل بويىدىكى بىر توپ سېدىگە چىقىۋاپتۇ، بىراق

ئۇلارنىڭ شولىسى «كېپىنەك كۆلى»گە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇق ئۇ-زۇپ ئۇۋ ئۇۋلاپ كېلىۋاتقان پادىشاھ ئۇلارنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، لەشكەرلىرىنى چاقىرىپ:

— ئەنە كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپتۇ. ھەممە شۇ تەرەپكە قارىسا، كۆل ئىچىدە گۈزەل بىر قىز بىلەن چىرايلىق بىر كېپىنەك بالىسى تۇرغۇدەك. پادىشاھ:

— ئاچقىڭلار ! — دەپ بۇيرۇغانىكەن، لەشكەرلەر كۆلگە كېچىپ كىرىشكە، ھېلىقى گۈزەل قىز بىلەن كېپىنەك بالىسى غايىب بوپتۇ. شاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىسا، سېدە ئۈستىدە بىر گۈزەل قىز بىلەن بىر كېپىنەك بالىسى بىللە تۇرغان. شاھ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئادەممۇسەن، پەرىمۇ؟

— ئادەم.

— بۇ نېمە كېپىنەك؟

— ھەمراھىم، — دەپتۇ ئاينۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ. شاھ بىر قاراش بىلەنلا ئاينۇرغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، ئۇنى يۇرتىغا ئەكېتىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ئەمرىگە ئاپتۇ.

شاھنىڭ خانئايىم دېگەن خوتۇنى بولۇپ، توينىڭ بىرىنچى كۈنىلا ئاينۇرنى يامان كۆرۈپ قاپتۇ، شاھنى ئۇنىڭغا كۆڭۈل-سىز قىلدۇرۇشنىڭ چارە - ئاماللىرىنى ئىزدەپتۇ، شاھنىڭ ئاينۇرغا بەرگەن سوۋغاتلىرىنى تارتىۋاپتۇ. ئىشقىلىپ ئاينۇرغا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماپتۇ. كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خانئايىمنىڭ نىيىتى بارغانسېرى يامانلىشىپتۇ. ئاينۇر بولسا ئېغىربوي بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى شاھ يەنە لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. پۇرسەتنى ئوڭ بىلگەن خانئايىم كۆل بويىدىكى قا-

رىياغاچقا ئىلەڭگۈچ سېلىپ، ئاينۇرنى ئۇچۇشقا چاقىرىپتۇ. ساددا قىز خانئايىمنىڭ ئىلتىپاتىدىن كۆڭلى خۇش بولۇپ، ئىلەڭگۈچتە ئۇچۇپ ئويناپتۇ. ئاينۇر ئىلەڭگۈچتە بىر پەس-لەپ، بىر ئېگىزلەپ، تازا ئۆرلىگەندە، خانئايىم كېلىپ، «شارت» قىلىپ ئارغامچىنى كېسىۋېتىپتۇ. ئاينۇر: «ۋاي !» دەپ ۋارقىرىغان پېتى كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن پە-قەت كېيىكلا خەۋەردار بولۇپ قاپتۇ.

ئوردا ئىچىدە ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، شاھنى چاقىرغىلى ئادەم مېڭىپتۇ. شاھ كەلگۈچە خانئايىم ئېغىر ئاغرىق قىياپە-تىگە كىرىۋېلىپ، يوتقانغا يۆگىنىپ يېتىۋاپتۇ، بىر تېۋىپ خانئايىمنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈپتۇ. ئەھۋالنى كۆر-گەن شاھ ئېغىز ئاچقۇچىلىك، خانئايىم:

— بەختسىزلىك، — دەپ يىغلاپتۇ.

— نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— ئۇنى سېھىرگەر دېسەم ئىشەنمىدىلە، ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ ئۇ ماڭا... زەھەر... — خانئايىم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي تېۋىپقا قاراپتۇ، تېۋىپ ئۇنىڭ سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— كۈندىشى خانئايىمغا زەھەر ئىچۈرۈپ قېچىپ كېتىپ-تۇ، — دەپتۇ.

«ھەي مەككار ! » دەپتۇ - دە، پادىشاھ دەرھال لەشكەر-لىرىنى چاقىرىپ:

— ئاڭلاڭلار ! ئاينۇر قاچقۇن، خىيانەتچى ! ھازىر ئاتلى-نىپ، ئۇنى تۇتۇپ كېلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. لەشكەرلەر ئاتلىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە ئاينۇرنى ئىزدەپ چى-قىپ كېتىپتۇ...

ھەدېسىدىن ئايرىلىپ قالغان كېيىك بالىسى كۈندىن -

كۇنگە شۇمشەرەپ، كۆل بويىدىن كەتمەي يىغلاپ يۈرگەنىكەن، بۇ هال خانئايىمنى غەزەپلەندۈرۈپتۇ. ئۇ تېۋىپنىڭ دورىسى شىپالىق بەرمىگەن، كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋات-قان قىياپەتكە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. بىر كۈنى تېۋىپ پادىشاھ-نىڭ يېنىغا كىرىپ، خانئايىمنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى مەلۇم قىپتۇ.

— نېمە قىلماق لازىم؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— بۇنىڭ بىردىنبىر داۋاسى... — دەپ جىم بولۇپ قاپ-تۇ تېۋىپ.

— نېمە داۋا بولسا قىلايلى، — دەپتۇ پادىشاھ يېنىدا تۇرغان كېيىك بالىسىنى نېرى ئىتتىرىپ. تېۋىپ مەقسەتنى ئېيتىشقا پېتىنالماي، كېيىك بالىسىنى شەرەت قىپتۇ.

— كېيىكمۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— سويۇپ، گۆشىنى خانئايىمغا يېگۈزۈپ، ئاشقىنىنى نەزىر قىلىۋەتسىلە ساقىيىدۇ، — دەپتۇ تېۋىپ.

شاھ جىم بولۇپ قاپتۇ. كېيىك بالىسى بولسا، يەنە كۆل-نىڭ بويىغا بېرىپ مۆكۈنۈپ يىغلاپتۇ.

— ئۇۋچىلارغا بۇيرۇق قىلاي، مۇشۇنداق كېيىك ئې-



تىپ كەلسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ يېنىدىكى كېيىك بالىسىغا قىيماي.

— ياق، ئاللا مېنىڭ دىلىمغا مۇشۇ كېيىكنى سالغان، — دەپتۇ تېۋىپ. كېيىك بالىسى ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلاپتۇ ۋە يەنە كۆل بويىغا بېرىپ باغرىنى يېقىپ يېتىپتۇ. شۇ ھامان كۆلنىڭ ئىچىدىن:

ئەللەي بالام، ئەللەي،
كېچىلىرى چىراغىم.
ئوڭ يېنىمدا ئالتۇن بۆشۈك،
سول يېنىمدا كۈمۈش بۆشۈك،
ئەللەي بالام، ئەللەي.

دېگەن ئاۋاز كەپتۇ. بىردەمدىن كېيىن يەنە:

ئايلىنىپ مەن ئاي دەيمەن،
سېغىنىپ ئايگۈلۈمنى.
ئەللەي ئېتىپ ھارمايمەن،
قارچىغامنى، ئوغلۇمنى.

دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كېيىك بالىسى كۆل بويىدىن پەقەت كەتمەپتۇ.

ئەتىسى ئوردا ئىچىدە ئادەملەر كۆپىيىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ئوچاقلار كولىنىپ، قازانلار ئېسىلىپتۇ، قاسساپ كې-لىپ پىچىقىنى بىلەشكە باشلاپتۇ، ئاندىن كۆل بويىدىكى كې-يىك بالىسىنى تۇتۇپ يىقىتىپ، پۇت - قولىنى چۈشەپ، قى-لىچتەك ئىتتىك پىچاقنى كېيىك بالىسىنىڭ گېلىغا ئۇرۇشقا كىرىشكەندە، كېيىك بالىسىغا زۇۋان كىرىپ:

— ھەي پادىشاھ، گېپىمگە قۇلاق سال، — دەپتۇ. قاس-ساپ ئۆمرىدە كۆرمىگەن بۇ ئىشتىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ،

قولىدىكى پىچاقنى چۆرۈۋېتىپتۇ. قول - پۇتى چۇشەكلىك تۇرغان كېيىك بالىسى كۆل تەرەپكە قاراپ يۇملاپ بېرىپ:

ياخشى كۆرگەن، جېنىم ھەدە،
سىڭلىڭ ساڭا يالۋۇرار.
سەن چىقمىساڭ بۇ كۆلدىن،
سىڭلىڭ جاندىن ئايرىلار !

دەپتۇ. ھەممە جىمجىت بولۇپ تىڭشىغانىكەن، كۆل ئىچىدىن:

يۈرەك - باغرىم ئېزىلدى،
غەم چېكىشتىن ئاپئاقىم.
چىقاي دېسەم ھالىم يوق،
ئۇچاي دېسەم قاناتىم !

دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. كېيىك بالىسى كۆلگە يەنمۇ يېقىن كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

داش قازانلار ئېسىلدى،
قاسساپ، ئاشپەز يىغىلدى.
چاپسان چىققىن، جان ھەدە،
پىچاق گالغا قادالدى !

شۇ چاغدا كۆلدىن يەنە مۇنداق ئاۋاز كەپتۇ:

زىلچا - گىلەم ئاستىمدا،
قوش بۆشۈكلەر يېنىمدا.
قانداق چىقاي، جان ئۇكام،
ھەسەن - ھۈسەن يېنىمدا !

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئورنىدا تۇرالماي قاپتۇ. كۆپچىلىك

كۆلدىن چىققان ئاۋاز ئاينۇرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدۇ، بۇ ئاينۇر ئىكەن دەپ ئويلاپ، ھەممىسى قاپاق، سوغا، تەڭنە ئاچقىپ، ئولاش ـ چولاش كۆلنىڭ سۈيىنى توشۇۋەتكەنىكەن، ئىچىدە ئىككى يېنىغا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش بۆشۈكنى قويۇپ، ئالتۇن كوكۇلىلىق ھەسەن ـ ھۈسەننى بىر جۈپ بۆشۈكتە تەۋرىتىپ ئولتۇرغان ئاينۇر كۆرۈنۈپتۇ.

ئاينۇر كۆلدىن چىقىپلا كېيىكنى باغرىغا بېسىپ، بىر دورا ئىچۈرگەنىكەن، كېيىك تىك تۇرۇپ، بىر سىلكىنىپلا تېرىسىنى تاشلاپ، بىر گۈزەل قىز سىياقىغا كىرىپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن خانئايىم بىلەن تېۋىپ نەگىدۇر قېچىپتۇ. شۇئان پادىشاھ:

— ئالدامچى خوتۇن بىلەن ھىيلىگەر تېۋىپ تۇتۇلسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. كۆپچىلىك دەرھال خانئايىم بىلەن تېۋىپنى تۇتۇپ كەپتۇ.

— بۇ ئىككىسىنى قىرىق بىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ سۆرىتىپ، چۆلگە تاشلاڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ پادىشاھ يەنە. بۇيرۇقتىن رازى بولمىغان خانئايىم سەكرەپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، شاھقا:

— ئىككىمىز بىللە ياشىدۇق، بىللە ئۆلەيلى، — دەپتۇ ـ دە، شاھنىڭ كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇپتۇ. شاھ «ئاھ» دەپ يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. جامائەت شاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ، خانئايىم بىلەن تېۋىپنى قىرىق بىر ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. پادىشاھلىقنى ئاينۇرغا بېرىپ، ئۇنى تەختكە چىقىرىپتۇ.

ئاينۇر، سىڭلىسى ئايگۈل، ئوغۇللىرى ھەسەن ـ ھۈسەنلەر خەلق بىلەن ئېجىل ـ ئىناق بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

# سەمەندەر

بۇرۇنقى زاماندا زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى ئۆم بىر ماكان بولغانىكەن. بۇ ماكاننىڭ ھاكىملىرى ئادىل، پۇقرالىرى دادىل ئىكەن. مويسىپىتلىرى مەشرەپ ئوينايدىكەن، نەۋقىرانلىرى ئوۋ ئوۋلايدىكەن. بۇ يۇرتتا بىر كاسىپ بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئوت ئالدىدا تۆمۈر تاۋلاش بىلەن ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلار دېگەن نىيەتتە، ئۇنىڭغا «سەمەندەر» دەپ ئات قويغانىكەن. سەمەندەر ئاتىسىنىڭ ھۈنەر - كەسپىنى زېھىن قويۇپ ئۆگىنىپتۇ ۋە قوشنىسىنىڭ گۈلەمبەر ئىسىملىك قىزى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بوپتۇ. ئۇ ئون سەككىز ياشقا توشقاندا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قاپتۇ. سەمەندەر ئاتىسىدىن ئۆگەنگەن كەسپى بويىچە تاغ كېزىپ، داۋان ئېشىپ مەدەن ئىزدەيدىكەن، مەدەننى ئوتتا قىزدۇرۇپ مايدەك ئېرىتىپ تۆمۈر تاۋلايدىكەن، تۆمۈردىن ئوۋ سايمانلىرى ياسايدىكەن.

بەدىنىگە قۇۋۋەت تولۇپ، ئېيىق بىلەن ئېلىشىپ، يولۋاس بىلەن چېلىشىپ يۈرگەن باتۇر يىگىت سەمەندەر بىر كۈنى يۇرت ئىچىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە قوڭغۇر رەڭ توپا ئۆرلەپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن بۇ يەردە تاش - مەدەن بارلىقىغا ھۆكۈم قىپتۇ - دە، كېچە -

كۇندۇز بۇ يەرنى كولاشقا باشلاپتۇ، گۈلەمبەر كۈن ئارىلاپ ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاش ـ نان ئەكىلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپتۇ. سەمەندەرگە كۇندۇزى بۇلبۇل، تورغايلار ناخشا ئېيتىپ بەرسە، كېچىسى سانسىز يۇلتۇزلار نۇر چېچىپتۇ، قىرىق قېتىم كۈن ۋە قىرىق قېتىم ئاي ھەمراھ بوپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئۇنىڭ كولىغان يېرى ئالتە غۇلاچقا يېتىپتۇ، ئەمما مەدەندىن تېخىچە دېرەك بولماپتۇ. سەمەندەر ئۇمىدىنى ئۈزۈپ ئىشتىن توختاپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا گۈلەمبەر ئادىتى بويىچە ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ، ئىككىسى مۇڭدىشىپتۇ، سىردىشىپتۇ، سۆبھى مەزگىلى بولغاندا، سەمەندەر گۈلەمبەرنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

سەمەندەر چۈشىدە ئادەمزاتتىن خالىي ئاجايىپ چىرايلىق بىر باغنى كۆرۈپتۇ. باغدا رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلغان، خىلمۇخىل قۇشلار سايراپ تۇرغان، ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشىپ تۇرغانمىش. زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك سۇغا تولغان كۆل ئىچىدە تۇرنا، ئۆردەك، غازلار، ئالتۇنبېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك. سەمەندەر بۇ باغنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ، ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن شۇنداق بىر باغ بىنا قىلغان بولسام كاشكى... دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، كۆل بويىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئوچۇملاپ سۇ ئىچكەنىكەن، تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا رەڭمۇرەڭ نۇرلار چاقناپ، قۇلىقىغا يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىدا ئايئاق ساقلى كۆكسىگە چۈشكەن، قىپقىزىل مەڭزى ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ، پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ. سەمەندەر ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا، — دەپ ھۆرمەت بەجا كەل-
تۈرۈپتۇ. بوۋىنىڭ ئىللىق نەزەرى سەمەندەرگە چۈشۈشى بى-
لەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا غايىبانە بىر كۈچ قوشۇلغاندەك بوپتۇ،
يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىپتۇ. بوۋاي مۇلايىملىق بىلەن سەمەن-
دەرگە دەپتۇ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ھەي، ئەل سۆيەرئوغلۇم، سەن
ئارزۇ بېغىنىڭ شارابىغا ئىغىز تەگدىڭ. ئۈمىدىڭنى ئۈزمەي،
كەتمىنىڭنى قولۇڭغا ئال ! ئەجدادلىرىڭ ساڭا «ھېكمەتلىك
كىتاب» سوۋغا قىلىۇر. ھەر كۆكلەمنىڭ تۇنجى چولپانى كۆچ-
كەندە، كىتابنى كۆكسۈڭگە قويۇپ مۇنۇ بېيىتنى ئېيتساڭ،
تەلپىڭ ئورۇندالغاي:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
ئەلگە شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇتاپ !



بوۋاي شۇ گەپنى دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سە-
مەندەر چۆچۈپ ئويغىنىپ، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى گۇلەمبەر-
گە سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاندىن كولاپ چۈشكەن يېرىگە ئۈچ
كەتمەن ئۇرغانىكەن، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غېرىچ، كەڭلىكى ئىككى
غېرىچ، قېلىنلىقى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر ئالتۇن ساندۇق
چىقىپتۇ. ساندۇقنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىن ئالتۇن ۋاراقلىق
«ھېكمەتلىك كىتاب» چىقىپتۇ. ئۇ كىتابنى ئاۋايلاپ ئېلىپ
كۆكسىگە تېگىپ تۇرۇپ:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
ئەلگە شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇ تاپ!

دەپ بېيىت ئېيتىپتىكەن، ھېلىقى كولانغان يەردىن خۇددى
ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭگارەڭ نۇر چەمبىرىكى ھاسىل بو-
لۇپ، ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ بىر تۈپ شەمشاد دەرد-
خىگە ئايلىنىپتۇ. شەمشادنىڭ غولى ۋە شاخلىرى ئالتۇن بو-
لۇپ، يوپۇرماقلىرى تىللا ئىكەن. ئۇنىڭ تىللالىرى مەيىن
شامالدا ھەيۋەتلىك جىرىڭلاپ، پۈتۈن ئەلنى تاتلىق ئۇيقۇدىن
ئويغىتىپتۇ. نومۇسچان گۇلەمبەر تاڭ يورۇقىدا ئەلدىن خىجىل
بولۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ. خەلق ئاسماننى ۋال ـ ۋۇل قىلىپ
يورۇتۇۋەتكەن بۇ ئاجايىپ مۆجىزىگە ھەيران بولۇپ سەمەندەر-
نىڭ ئەتراپىغا جەم بوپتۇ.

بۇ شۇنداق خاسىيەتلىك دەرەخ ئىكەنكى، ئۇنىڭ تىللالىرى
ئۈزۈلگەن ھامان ئورنىغا يەنە يېڭى تىللالار پەيدا بولىدىكەن.
سەمەندەر تىللالارنى ئاۋام خەلققە تارقىتىپ بېرىپتۇ. باللار
شادلىقىدىن چاپانلىرىغا تىللا تۈگمىلەر قادىشىپتۇ، قىز ـ

جۇۋانلار قۇلاق، بويۇنلىرىغا، بارماق ۋە بىلەكلىرىگە ئالتۇن بېزەكلەر تاقاپتۇ. كۆز پەسلى بولغاندا، بۇ شەمشاد دەرىخى تىللا بېرىشتىن توختاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سەمەندەرنىڭ كارامىتى ۋە ھېكمەتلىك كىتابىنىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

بۇ ئىشتىن ياقا يۇرتتىكى بىر قەللاب[1] خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ بايلىققا خۇرجۇنى تولمىسا بېشى ئاغرىيدىغان، ئادەم قېنىغا ئاغزى توشمىسا چىشى ئاغرىيدىغان ھىيلىگەر ئىكەن. ئۇ ھېكمەتلىك كىتابنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا نەچچە كېچە تەييارلىق قىلىپ، شۇملۇق خالتىسىنى ئېلىپ، ھىيلە - نەيرەڭ قاپقىنىنى راسلاپ، سۈيىقەست تۇزىقىنى قۇرۇپ، سەمەندەرنىڭ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

قەللاب كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە كەلگەندە، يەر ئاستىدىن سانسىز تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقىپ ئۇنىڭ بەدىنىگە سانجىلىپ، يولىنى توسۇپتۇ. ئۇ شۇملۇق خالتىسىدىن جادۇ پەيلىرىنى چىقىرىپ ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب يەنە بىر مەنزىلگە كەلگەندە، ئالدىنى تىك تاغلار توسۇپتۇ. ئۇ شۇملۇق خالتىسىدىن شوتىسىنى چىقىرىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ، تاغدىن ئېشىپتۇ. يەنە بىر مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن، ئالدىنى ئوت - يالقۇنلار توسۇپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب شۇملۇق خالتىسىدىن قايغۇ بۇلۇتلىرىنى چىقىرىپ ئۈستىگە ئولتۇرۇپتۇ ۋە بۇلۇتلاردىن يامغۇر سۇلىرىنى تۆكۈپ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ ئۆتۈپتۇ. يامغۇر سۈيى ئېقىپ بېرىپ چەكسىز كۆل پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. ئۇ شۇملۇق خالتىسىدىن قېيىق چىقىرىپ، سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ.

---

① قەللاب — ساختىپەز، ھىيلىگەر.

قىرغاققا يېقىنلاشقاندا، پىچاقتەك ئۆتكۈر قومۇشلۇققا دۇچ كەپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب شۇملۇق خالتىسىدىن بالايىئاپەت بورىنىنى چىقىرىپ، قومۇشلارنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ ۋە توزغاقلاردىن ئېگىزلىكتە پەرداز بېرىپ، مويسىپىت قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ كۆلدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

ھىيلىگەر قەللاب ئاخىرقى بىر مەنزىلگە كەلگەندە، ھېلىقى ئۆزى چىقارغان بالايىئاپەت بورىنى كەينىگە يېنىپ، ئۇنى تاش بوران ئەيلەپتۇ، قىزىق قۇملار ئۇنىڭ يۈزىگە چوقۇر ۋە سەپكۈندىن ئىز ساپتۇ. ئەتراپ پايانسىز چۆل - جەزىرىگە، يىراق - يېقىندىكى ئاۋات شەھەرلەر قۇم دۆۋىسىگە ئايلىنىپتۇ. قەللاب ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېتىۋاتقىنىدا، تېنەپ قالغان بىر تۆگە ئۇچراپتۇ. ئادەمزاتقا تەشنا بولغان نار تۆگە ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، ئۈركۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قېچىپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا مەھكەم ئېسىلىۋاپتۇ. نار تۆگە يەتتە كېچە - كۈندۈز يۈگۈرۈپ سەمەندەرنىڭ يۇرتىغا يېقىنلاشقاندا، قۇيرۇقىنىڭ يېرىمى ئۈزۈلۈپ قەللابنىڭ قولىدا قاپتۇ، نار تۆگە بولسا قېچىپ كېتىپتۇ.

ھىيلىگەر قەللاب بۇ يۇرتنىڭ ئىقلىمدا كۆرمىگەن ھەشەمەتلىك ئالتۇن قەسىر - راۋاقلىرىنى كۆرۈپ كىرىشكە پېتىنالماي، شۇملۇق خالتىسىدىن ھەسەت بۇلۇتلىرىنى چىقىرىپ ئاسمانغا چېچىپتۇ، بۇلۇتلار ئاينى ئۇياققا، كۈننى بۇياققا ھەيدەپ، يۇرت ئاسمىنىغا گۈگۈم پەردىسىنى يېپىپتۇ. قەللاب ئۇچىسىغا مويسىپىتلارچە تون كىيىپ، چىرايىدىن كۆلكە ياغدۇرۇپ، ئاغزىدىن شېكەر تامدۇرۇپ، سەمەندەرنىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كېلىپ مۇساپىرلارچە نالە - زار قىپتۇ. مېھماندوست سەمەندەر ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ، مەززىلىك تائاملار بىلەن مېھ-

مان قىپتۇ. قەللاب تىللالارغا كۆمۈلگەن بۇ يۇرتتىكى سەمەن-
دەرنىڭ كۆلىمىدە ئالتۇندىن ئەسەر يوقلۇقىغا ھەيران بو-
لۇپ، مۇلايىملىق بىلەن بۇ سىرلارنى كوچىلاپ سوراپتۇ. ئاق
كۆڭۈل سەمەندەر ھېكمەتلىك كىتابنىڭ تارىخىنى يىپىدىن -
يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە بۈگۈن سەھەردە تۈنجى
كۆكلەمنىڭ چولپىنى كۆچىدىغانلىقىنى، ھېكمەتلىك كىتاب
ئۆزىنىڭ خاسىيىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىپتۇ.
ھىيلىگەر قەللاب ھەممىنى ئاڭلاپ بولۇپ مەنىلىك كۈلۈپ
قويۇپ، سەمەندەرنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ ۋە:

— ھەي ئوغلۇم، مەن ئارزۇ بېغىدىن سېنى يوقلاپ كەل-
دىم، بۈگۈن سەھەر سوۋغىلارنى مەن ئىنئام قىلۇرمەن، —
دەپتۇ. سەمەندەر مېھمان بوۋايغا تەكرار رەھمەت ئېيتىپ، تە-
زىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

تاڭ سەھەر چولپان كۆچەردىن ئىلگىرى ئۇلار شەمشاد
دەرىخىنىڭ يېنىغا جابدۇنۇپتۇ. سەمەندەر سەل توختاپ تۇرۇش-
نى، گۈلەمبەرنىڭمۇ بىللە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مېھمان
قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— ھەي ئوغلۇم، ھېكمەتلىك كىتابنىڭ خاسىيىتى شۇ-
كى، خوتۇنلار تائىپىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاشماسلىقى لازىم.
ئۇنداق بولغاندا، مەڭگۈلۈك تىللا دەرىخى ئۇزاق ئۆتمەي قۇرۇپ
كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئەزەلدىن ئەلگە ئىشەنچ باغلاپ ئادەتلەنگەن
سەمەندەر قەللابنىڭ بۇ پەتىۋاسىغا ئىشىنىپ، باشقا قارشىلىق
قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گۈلەمبەرنى كۈتمەستىن شەم-
شاد دەرىخىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ھېكمەتلىك كىتاب
سېلىنغان ساندۇق دەرەخنىڭ يېنىغا قويۇلغانىكەن. سەمەندەر
كىتابنى ئېلىپ چولپان كۆچۈشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، قەللاب
ئۇنىڭغا بىھوش قىلىدىغان دورا سېلىنغان مەي سۇنۇپتۇ، سە-

مەندەر مەينى ئىچىپلا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. قەللاب ئۇنى شەمشاد دەرىخىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ تاشلاپتۇ ـ دە، قولىغا ھېكمەتلىك كىتابنى ئېلىپ:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
ماڭا شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇ تاپ!

دەپتۇ. شەمشادتىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىنلا قىپ ـ قىزىل جۇلالىنىپ تۇرغان بىر تۇپ دەرەخ پەيدا بوپتۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى قوش مۇشتتەك بولۇپ، تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاقلىق ئىكەن، ئىچىدىن قىزىل قان تېمىپ تۇرىدىكەن، چۈنكى ئۇ سەمەندەرنىڭ قېنى بىلەن قوشۇلۇپ ئاپىرىدە بولغانىكەن. كۆپ ئۆتمەي گۈلەمبەر جامائەت بىلەن بىللە يېتىپ كەپتۇ. ھەممىسى قەللابتىن سەمەندەرنى سوراپتۇ. قەللاب چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن:

— سەمەندەر ئوغلۇم ھېكمەتلىك كىتابنى ماڭا تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئارزۇ بېغىغا سەيلىگە كەتتى، كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا قايتىپ كېلىدۇ، — دەپتۇ. كىشىلەر بۇ سۆزگە ۋە مېۋىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ، كېيىن بۇ مېۋىگە «ئانار» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ.

گۈلەمبەر ئۆز ئاشىقىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان بۇ يەردىن كېتىشكە كۆزى قىيماي، زار ـ زار يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. كەچ كىرگەندە، دوستلىرى ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ ھۇجرىسىدا ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي يىغلاۋېرىپ چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ، پىراق ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىدە گۈلخاندەك يېنىپتۇ. ئۇ ئانىسىدىن قالغان نە-

قىشلىق ساتارىنى قولىغا ئېلىپ، مۇڭلۇق مۇقاملارغا چېلىپ، ھەسرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى دوستلىرى ئۇنىڭغا ئاچ قىزىل رەڭدىكى بىر دانە ئانارنى ئەكېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنى قەللابتىن بىر تىللاغا تېگىشكەنلىكىنى ئېيتىشىپتۇ. گۈلەمبەر ئانارنى پۇراپ خۇددى سەمەندەرنى كۆرگەندەك بوپتۇ - دە، پىغانى تېخىمۇ ئۆرلەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھىيلىگەر قەللابتىن ئاڭلايلى:

بۇ ئانار دەرىخىمۇ شەمشاد دەرىخىگە ئوخشاش خاسىيەتلىك ئىكەن، بىر تال ئۈزگەندىن كېيىن ئورنىغا يەنە بىر تال ئانار پەيدا بولىدىكەن. قەللاب ھەربىر تال ئانارنى بىر دانە تىللاغا تېگىشىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. سەمەندەرنى سېغىنغان خەلق ئۆيلىرىدىكى بارلىق تىللالارنى ئەكېلىپ ئانارغا تېگىشىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئانارنى قولىغا ئالسىلا سەمەندەر كۆز ئالدىغا كېلىپ، يېپىشكە ئاغزى بارماي تەكچىلىرىگە تىزىپ قو-



يۈپتۇ، قۇرۇپ قالغان ئانارلارنىڭ ئۇرۇقىنى ساقلاپ قويۇشۇپ-تۇ. كۆز كۆنلىرى كەلگەندە ئانار مېۋە بېرىشتىن توختاپتۇ. قەللاب ھېسابسىز تىللاغا ئىگە بولۇۋاپتۇ، ئۆزىگە ھە - ھۇ دېيىشكەنلەرگە تىللا ئىنئام قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشى-لەر تىللالىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ باي ۋە يوقسۇل دەپ ئايرىلىپتۇ. تەڭسىزلىك كىشىلەر ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە ھەر خىل سۇيىقەست، ھىيلىگەرلىكلەرنى پەيدا قىپتۇ. خەلق قەللابقا غەزەپلىنىدىغان بوپتۇ. بۇنى سەزگەن قەللاب ھېكمەتلىك كىتابنى بىر بايغا نۇرغۇن تىللاغا تېگى-شىۋېتىپ، شۇملۇق خالتىسىدىكى پىتنە - پاسات ئۇرۇقلىرى-نى يۇرتقا چېچىپتۇ، شۇ ھامان يەردىن شۇمبۇيا، تىكەن، زە-ھەرلىك چۆپلەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ. ھىيلىگەر قەللاب نەچچە ئونلىغان نار تۆگە سېتىۋېلىپ، بارلىق تىللالىرىنى ئارتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. مېڭىپ - مېڭىپ قۇم باسقان ھېلىقى چۆللۈك ئىچىدە كېتىۋاتقىنىدا، بوران چىقىپ قەللابنى قۇم بېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ جەسىتى قۇم ئاستىدا چىرىپ، پارە - پارە بولۇپ چاشقان، چايانلارغا ئايلىنىپتۇ. ئۇستىگە تىللا ئارتىلىپ، قۇيرۇقلىرى بىر - بىرىگە چېتىلغان تۆگى-لەر بوراندىن قېچىپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشكەنىكەن، ھەممى-سىنىڭ قۇيرۇقلىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ تۆگىلەرنىڭ قۇيرۇقى كالتە بولۇپ قالغانىكەن. سانسىزلىغان تىللالار شۇ چۆل - جەزىرىدە قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ. كېيىنكى زامانلاردا كىشىلەر بۇ تىللالارنى ئېلىش ئۈچۈن بارغىنىدا، چايانلار ئۇلارنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئىككى ئېغىز سۆزنى ھېكمەتلىك كىتابنى ئې-لىۋالغان بايدىن ئاڭلايلى:

باي ئىككىنچى يىلى باش باھارنى تەقەززالىق بىلەن كۈ-

تۇپتۇ. تۇنجى چولپان كۆچىدىغان كۈنى سەھەردە ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئانار دەرىخىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ھېكمەتلىك كىتابنى كۆكسىگە قويۇپ:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
ماڭا شېرىن مېۋەڭنى
ئاتا قىلغايسەن شۇ تاپ !

دەپ بېيىت ئېيتىپتۇ. شۇ ھامان يەر - زېمىن لەرزىگە كەپتۇ، ئانار دەرىخى بىردىنلا سانسىز يوپۇرماق چىقىرىپتۇ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا ھېسابسىز قۇرتلار پەيدا بولۇپ شاخلارنى قاپلاپ كېتىپتۇ، قۇرتلار سۇرلۇك لۆمشىپ بايغا خىرىس قىپتۇ. قورقۇپ كەتكەن باي ھېكمەتلىك كىتابنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ.

دەل شۇ پەيتتە گۈلەمبەرنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە سەمەندەر شەمشاد دەرىخى ئۈستىدە كۈلۈپ تۇرۇپ دېگۈدەك: «جېنىم گۈلەمبەر، تېز كېلىڭ ! ئەنە ھېكمەتلىك كىتاب...»

گۈلەمبەر سەمەندەرنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىيالماي چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە، يۈگۈرگىنىچە ھېلىقى دەرەخ



تۈۋىگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، بىر دەرەخ تۇرغۇدەك، دەرەخنىڭ شاخلىرى ئارىسىدا چىرايلىق قۇرتلار سىپايىلىك بىلەن ئۆمى-لەپ يۈرگۈدەك، دەرەخنىڭ يېنىدا ھېكمەتلىك كىتاب پارقىراپ ياتقۇدەك. گۈلەمبەر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، قويۇنلار ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئالدىراپ دە-رەخنىڭ ئاستىدىكى يەرنى ئىككى - ئۈچ غېرىچ كولاپ ھېك-مەتلىك كىتابنى كۆمۈپ قويۇپتۇ. بوران دەرەخنىڭ يوپۇرماق ۋە قۇرتلىرىنى يەرگە قېقىپ چۇشۇرۇپتۇ. گۈلەمبەر سەمەندەر بىنا قىلغان بۇ دەرەخنىڭ قۇرتلىرىنى ئېتىكىگە يىغىپ ئې-لىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. بوران بىرنەچچە كۈن داۋام قىپتۇ. ھېلىقى دەرەختىكى قۇرتلار يەرگە چۇشۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاق ۋە قىزىل رەڭلىك، بارماقتەك - بارماق-تەك مېۋە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بوران بۇ مېۋىلەرنى قۇرۇتۇپ، ئۇچۇرۇپ پۈتۈن يۇرتقا تارقىتىۋېتىپتۇ.

گۈلەمبەر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشىقىغا بولغان مۇھەببىتى بىلەن بۇ قۇرتلارنى ئاسراپ بېقىپتۇ. قۇرتلار چوڭىيىپ، ئىنچىكە يىپ پوستىنى تاشلاپ ئۇچۇپ كېتىشىپتۇ. گۈلەمبەر بۇ ئاشىقلىق رىشتىسىدىن بولغان يىپلاردىن ھەر خىل چىرايلىق ئەتلەس - شايىلارنى توقۇپتۇ. يىپەك ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن. ھېلىقى بارماقتەك مېۋە چۇشكەن دەرەخكە كىشىلەر «ئۈجمە دەرىخى» دەپ ئات قويۇپ-تۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېسە - يېسە تويغىمىدىكەن.

ئۈچىنچى يىلى باھار پەسلىدە گۈلەمبەر يەنە چۈش كۆ-رۈپتۇ، چۈشىدە سەمەندەر ئۇنى يەنە چاقىرىپتۇ. گۈلەمبەر پىراق ئوتىدا ئۆرتىنىپ، ئۈجمە دەرىخى يېنىغا كەپتۇ، شۇ ۋاقىت دەل چولپان كۆچەر چاغ ئىكەن. گۈلەمبەر كۆككە قاراپ:

خاسىيەتلىك ئەي كىتاب،
ساڭا قىلغايمەن خىتاب.
سەمەندەرنىڭ يېنىغا
مېنى ئېلىپ بار شۇ تاپ !

دەپ، بېيىت ئېيتقانىكەن، ھەسەن - ھۈسەندەك نۇرلار چاقـ-ناپتۇ ۋە بۇ نۇرلار گۈلەمبەرنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۈلەمبەر شۇ كۈنى ئارزۇ بېغىغا بېرىپ ئاشىقى سەمەندەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يۇرتتىكى كىشىلـ-ەر باش يامغۇر ياغقاندا گۈلەمبەرنىڭ كۆز يېشىنى ئەسلەپ، يامغۇر سۈيىگە ئېغىز تېگىدىغان بوپتۇ، ھەسەن - ھۈسەننى بولسا، ئاشىقلارنىڭ ۋىسال شادلىقىدىن چاقنىغان نۇرنىڭ جىلۋىسى دەپ، تاماشا قىلىدىغان بوپتۇ.

گۈلەمبەر ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئۈجمە دەرىخىدە بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇ. ئۈجمە دەرىخى ئورنىغا خۇددى شەمشاد دەرىخىدەك بىر تۈپ دەرەخ پەيدا بوپتۇ، شاخلىرىدا خۇددى تىللادەك مېۋە چۈشۈپتۇ. ئەپسۇسكى، كىشىلەر بۇ مېـ-ۋىنىڭ چېچىكىنى پەقەتلا كۆرەلمەپتۇ. ھېكمەتلىك كىتاب كىشىلەرگە بەختى چېچەكلىمىگەن بىر جۈپ ئاشىقنىڭ شېـ-رىن مۇھەببىتىنى ۋە سەمەندەرنىڭ يۇرتىغا بولغان كۆيۈمچانـ-لىقىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن مانا شۇ مېۋىنى ئاتا قىلغانىكەن. كىشىلەر بۇ مېۋىگە «ئەنجۈر» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ.

گۈلەمبەر يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستلىرى گۈلەمبەرنىڭ ھېكمەتلىك كىتابنى نەگىدۇر ئىككى - ئۈچ غېرىچ كولاپ كۆمۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. كىشىلەر بۇ كىتابنى ئىزدەپ ھەممە يەرنى ئىككى - ئۈچ غېرىچ كولاپ

چىقىپتۇ، بىراق كىتاب تېپىلماپتۇ. كولانغان بۇ يەرلەرگە ئا-
نار، ئۈجمە، ئەنجۈر ئۆرۈكلىرىنى چېچىپتۇ، بۇ ئۆرۈكلار با-
هار پەسلىدە ئۈنۈپ چىقىپتۇ. يىللار ئۆتۈپ سەمەندەرنىڭ يۇر-
تى خۇددى ئارزۇ بېغىغا ئوخشاش مېۋىلەر مول گۈزەل باغقا
ئايلىنىپ، كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇ يۇرتىغا «نەزەرباغ» دەپ ئات
قويۇپتۇ. ئادەملەر هەر يىلى باهار پەسلىدە هېكمەتلىك كىتاب-
نى ئەسلەپ يەر هەيدەيدىغان بوپتۇ. سەمەندەرنىڭ يۇرتىدىكى
بۇ ئاجايىپ ئىشلار پۈتۈن ئىقلىمغا ئاڭلىنىپتۇ. ئىنسانلار
شۇنىڭدىن باشلاپ هېكمەتلىك كىتابنى ئىزدىشىپ يەرلەرنى
ئاغدۇرىدىغان، كېيىن ئۆرۈق چېچىپ زىرائەت تېرىيدىغان ۋە
مېۋە كۆچەتلىرىنى تىكىدىغان بوپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
تېرىقچىلىق قىلىش ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانىكەن.

# هېكمەتلىك ساندۇق

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى ياشىغانىكەن. ئۇنىڭ قاقۋاش، ئىچى يامان بىر خوتۇنى بار ئىكەن. بۇ ئادەم بۇرۇندىن تارتىپ ئوتۇنچىلىق قىلىدىكەن. ئوتۇنچىنىڭ دۇنيالىقتا ئىككى قىزى بولۇپ، بىرى خوتۇنىغا ئۆگەي ئىكەن. ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى ئۆز قىزىنى ئالىقىنىدا كۆتۈرۈپ، پەپىلەپ باقىدىكەن، ئەمما ئۆگەي قىزىنى كۈندە نەچچە ۋاخ تىللاپ، ئۇرۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ئازار بېرىدىكەن. ئۆز قىزى بىلەن بېشىنى بىر يەرگە قىلىۋېلىپ، خەقلەرنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىپلا ئولتۇرىدىكەن. ئۆگەي قىزى ئۆي ئىشلىرىغا پىششىق، ئەمگەكچان قىز بولۇپ، ئۆيىنىڭ پۈتۈن ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى دائىم ئاشۇ قىز قىلىدىكەن. ئۆگەي ئانىسى نانىنىڭ كۆيۈكىنى، ئاشنىڭ سۇيۇقىنى بەرسىمۇ، بەرمىسىمۇ پەقەت گەپ قىلمايدىكەن. بۇ قىز ئەنە شۇنداق ياۋاش، ساددا ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۆگەي ئانا ھەر كۈنى ئېرى كەچتە ئوتۇن سېتىپ ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيگە كەلسە، بىكاردىن - بىكار:

— قىزىڭ ماڭا يوغانچىلىق قىلدى، مېنىڭ قىزىمنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەرمىدى، مەن بىلەن تاكاللاشتى، يا بۇ ئۆيدە قىزىڭ بىلەن قال، مەن كېتىمەن، يا بولمىسا، قىزىڭنى بىر يەرگە يوقات، ئاندىن مەن تۇرىمەن... بولمىسا، گېپىڭنى

ئېيت ! ـــ دەپ ياقىسىغا ئېسىلىدىكەن. ئاخىر ئېرى بۇ جېدەل - غوۋغادىن تويۇپ، خوتۇنىدىن سوراپتۇ:

ـــ ئەمىسە، سېنىڭچە بۇ قىزنى قانداق قىلىش كېرەك؟

ـــ قانداق قىلاتتىڭ، قىزىڭنى جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ كېلىسەن، ـــ دەپتۇ خوتۇنى. بىچارە ئوتۇنچى: «خەير، بوپتۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەپتىكەن، قىزىم جاڭگالدا ياۋا ئالما تېرىپ يەپ كۈننى ئۆتكۈزەر» دەپتۇ ئىچىدە. شۇنىڭ بىلەن قىزنى يېتىلەپ جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ. قويۇق جاڭگاللىقنىڭ ئارىسىغا يېتىپمۇ كەپتۇ. بۇ يەردە ياۋا ئالما دەرەخلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىكەن.

ـــ جېنىم قىزىم، سەن مۇشۇ يەردە ئالما تېرىپ تۇرغىن، مەن ئاۋۇ يەردىن ئوتۇن كېسىپ كېلەي، ـــ دەپ قىزنى ئورمانلىقتا قويۇپ ئۆزى كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ كېتىپتۇ. قىز بۇ يەردە نۇرغۇن ياۋا ئالما، ئۆرۈكلەرنى تېرىپتۇ، يەنە بىكار ئولتۇرۇشنى خالىماي، ئىككى - ئۈچ يەرگە ئوتۇن - چاۋار دۆۋىلەپتۇ، لېكىن دادىسى كەلمەپتۇ. كۈن ئولتۇراي دەپ قاپتۇ. قىز قۇلاق سالسا، ئۇيان - بۇياندىن يىغىلىپ كېچىلىرى مۇشۇ ئورماندا تۈنەيدىغان جان - جانىۋارلاردىن بۇلبۇل، كاككۇك، شاتۇتى، قارىقۇشقاچ، تورۇلغا قاتارلىق ئۇچار قۇشلارنىڭ كەچكى بەزمىسى باشلىنىپتۇ. قىز بۇ تاماشىغا قىزىقىپ، ئۆز جايىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئاڭغىچە كۈنمۇ كەچ بوپتۇ، دادىسى يەنىلا كۆرۈنمەپتۇ. بىردەمدىن كېيىن بۆرە، يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ هۆركىرەشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. قىزنى قورقۇنچ بېسىپتۇ، بىراق يولنى بىلمىگەچكە قاياققا قاراپ مېڭىشنى بىلەلمەپتۇ. تۆت ئەتراپىغا قارىسا، يىراقتىن پىل - پىل قىلىپ بىر چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. قىز يورۇق كۆرۈنگەن تەرەپكە

قاراپ يۇگۇرۇپتۇ، بارسا، ئالدىدا بىر كونا ئۆي تۇرغۇدەك. قىز ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئوچاق ئالدىدا بىر موماي داڭقانغا ئوت قالاپ ئولتۇرغانىكەن. قىز:

— ئەسسالام، موما، — دەپتۇ. موماي:

— كەل، قىزىم، — دەپ ئوچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ ھەم قانداق قىلىپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپ-تۇ. قىز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. موماي:

— بوپتۇ، قىزىم، خاپا بولما، مەنمۇ يالغۇز، سەن ماڭا بالا بول، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قىز مومايىنىڭ يېنىدا قاپتۇ.

قىز ھەر كۈنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ ئۆيلەرنى سۈپۈ-رىدىكەن، سۇ ئەكىرىدىكەن، چاي قاينىتىدىكەن، ئارىلاپ مو-مايىنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قويىدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى موماي بۇ قىزنى ئۆگزىدىن ئوتۇن



ئەچۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. قىز ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆرۈپ، كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قاپتۇ. كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپتىكەن، ئۆز ئۆيى كۆرۈنۈپتۇ. قىز ئۆينى كۆرۈپ دادىسىنى ئەسلەپتۇ ـ دە، كۆزلىرىگە ياش كەپتۇ. قىز ئوتۇننى ئېلىپ قايتىپ چۈشكەندە، موماي قىزنىڭ كۆزىدىكى ياش يۇقىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ، قىزىم، يىغلىغان ئوخشىمامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— ئۆيۈمنى كۆرۈپ، دادامنى سېغىنىپ يىغلىدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ موماي، — ئۆگزىدە بىر قىزىل ساندۇق بار، شۇنى ئەچۈش.

قىز ساندۇقنى ئەچۈشۈپتۇ.

— مانا مۇنۇ ئاچقۇچنى مەھكەم تۇت. ساندۇقنى يولدا ھەرگىز ئاچما، ئۆيۈڭگە بارغاندا ئاچ، — دەپتۇ ۋە قىزنى ئوبدان ياساپ ـ جابدۇپ، بىر ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. قىزمۇ خۇش بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. دادىسى قىزىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئاتلىق باغرىغا بېسىپ، ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ، لېكىن خوتۇنى يەنە ئاۋۇالقىدەكلا «چىك ـ چىك» كېسىلىگە قاپتۇ. بۇ چاغدا قىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى قىزىل ساندۇقنى ئاچقانىكەن، ساندۇق ئىچىدىن چىنە ـ چىنىدە ھەسەل، مۇراببا، سۈت ـ قايماق، شىرنە ـ شەربەت؛ داستىخاندا كاكچا، توم نان، گىردە ـ شىرمان؛ لېگەن ـ لېگەندە بەتتە ـ پولۇ، مانتا ـ يۇتازا، ساڭزا ـ سامبۇسا چىقىپتۇ. ئارقىدىن توپ ـ توپى بىلەن شايى ـ ئەتلەس، تاۋار ـ دۇردۇن، دۇخاۋا ـ مەخمەل؛ ئۇنىڭ كەينىدىن قوشلاپ زىلچا ـ گىلەم، تەڭلى-

مات، نوقۇت چۆچىلىق كىگىزلەر؛ ئاخىردا يەنە چۆگۈن ـ چەي-نەك، چىنە ـ چۆچەك، تارغاق ـ سۈزگە، تاشئەينەك قاتارلىق ئېسىل ماللار چىقىپ ئۆيىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۆ-گەي ئانا ئۇلتۇرالماي قاپتۇ. ئاخىردا ئېرىگە ئۆز قىزىنىمۇ جاڭگالغا ئاپىرىپ تېنىتىپ قويۇپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى دادىسى بۇ قىزنى يېتىلەپ خۇددى شۇ ئورمانغا ئاپىرىپ تېنىتىپ قويۇپ ئۆزى قايتىپ كەپتۇ.

كەچ بوپتۇ. بۇ قىزنىمۇ قورقۇنچ بېسىپتۇ. ئەتراپىغا قا-رىسا، يىراقتا بىر چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ قىزمۇ ھېلىقى موماي ئولتۇرغان ئۆيگە كەپتۇ. موماي بۇ قىزنىمۇ ئوچۇق چىراي قارشى ئاپتۇ، ئەمما بۇ قىز مومايغا سالاممۇ قىلماپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، موماي ئۇ قىزنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ. ئەمما، بۇ قىز دائىم باتناپ، يىغلاپلا ئولتۇرىدىكەن، مومايىنىڭ ئۆيىنىمۇ سۈپۈرمەيدىكەن، ئېشىنىمۇ ئېتىپ بەرمەيدىكەن، چېچىنىمۇ تاراپ قويمايدىكەن، موماي ئىشقا بۇيرۇسا:

— مەن خەقنىڭ دېدىكى ئەمەس، ئۆزلىرى قىلسىلا، — دەپ ئولتۇرۇۋالىدىكەن.

بىر كۈنى موماي قىزنى ئۆگزىدىن ئوتۇن ئەچۈشۈشكە بۇيرۇپتۇ. قىز غودۇڭشىپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە ئۆگزىگە چىقىپتۇ. ئۇمۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ-تۇ ـ دە، ئوتۇنمۇ ئالماي قايتىپ چۈشۈپ:

— ئۆيۈمنى سېغىندىم، كېتىمەن، — دەپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. موماي:

— ئۇنداق بولسا، ئۆگزىدە بىر ئاق ساندۇق بار، شۇنى ئەچۈش، — دەپتۇ. قىز ئەچۈشۈپتۇ. موماي ئۇنىڭغىمۇ بىر ئاچقۇچنى تۇتقۇزۇپ، ئۆيىدە ئېچىشنى تاپىلاپ، ساندۇقنى كۆ-



نۇرگۇزۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. قىز ئۆيىگە ناھايىتى خۇش بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. قىزنىڭ يوغان بىر ئاق ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئانىسىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ. ئاندىن قىزىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي قىزىم، چىڭ تۇت، بۇ ساندۇقنى دادىڭ، ئۆگەي ھەدەڭ بار يەردە ئاچمايلى، نېمىلىكى دۇنيا چىقسا ئۆزىمىزنىڭ بولسۇن، ئۇلارغا كۆرسەتمەيلى، ھېچنېمە بەرمەيلى، — دەپ يەتتە قات قازناققا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاخشىمى ھەممەيلەن ئۇخلاپ قاپتۇ. تازا يېرىم كېچە بولغاندا ئانا بىلەن قىز ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قازناققا كىرىپ، ھېلىقى ئاق ساندۇقنى شۇنداق ئاچقانىكەن، يەتتە باشلىق بىر ئەجدىھا چاچراپ چىقىپ، قىز بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى بىرلا دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئوتۇنچى قىزى بىلەن بەخت - دۆلەتكە ئىگە بولۇپ، قىزنى ئۆزىگە ئوخشاش ساددا بىر ئىشلەمچى يىگىتكە توي قىلىپ بېرىپ، خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام كۈن كەچۈرۈشكەنىكەن.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4OTkuemlw",
  "filename_decoded": "40209899.zip",
  "filesize": 43118805,
  "md5": "f3b7b84fdc610f8497d7153e5a8f9ce1",
  "header_md5": "97ac2a809b019b3c49b7d1b5e75ac255",
  "sha1": "f56553bea5eee9e965e704a8cc69d1a7ed0cda66",
  "sha256": "fd31894cc9cbe6b0d55f29bf679e1f21f2e30699b359f5fa805901bc28dc3939",
  "crc32": 529025172,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 45058056,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2563\u2569\u2569\u252c \u2562\u25a0\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209899",
  "pdg_main_pages_found": 353,
  "pdg_main_pages_max": 353,
  "total_pages": 361,
  "total_pixels": 1434087168,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}